قىسقىچە

# ئىسلام لۇغىتى

قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：苏里坦·阿西木
封面设计：开日曼·钠斯尔
责任校对：帕丽达·艾利

**简明伊斯兰教词典**（维吾尔文）
沙迪克·阿皮孜编译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行 新疆人民出版社微机室排版
新疆乌苏县印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 7.625印张 5插页
1994年3月第1版 1994年3月第1次印刷
印数：1 — 27,000

---

ISBN7—228—02627—6/B·44 定价：5.90元

مەسئۇل مۇھەررىرى: سۇلتان ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: كەرىمە ناسىر
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى

# قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **سادىق ھاپىز**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جېەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 7.625 قىستۇرما ۋارىقى: 5
1994 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 27,000
ISBN7-228-02627-6/B · 44
باھاسى: 5.90 يۈەن

سۇفىلىق تەلىماتىنىڭ تەرەپدارى. ئەلشىر نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە يۈكنەكىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر شەيخلىرى قاتارىغا قويۇپ، ئۇنىڭ توغما كورلۇقى ھەققىدە يازىدۇ. يۈكنەكىنىڭ XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەت ئىشىكى») ناملىق دىداكتىك ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان. يۈكنەكى بۇ ئەسىرىدە ئەشۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، دىنىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى سۇفىلىق تەلىماتى نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرە ئېلىپ ياشاشنىمۇ تەرغىب قىلغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشنى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن دەپ قارىغان. ھۆكۈمرانلارنى، فېئودال بەگلەرنى، شۇ دەۋردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان موغۇل ئىستىلاچىلىرىنىمۇ ئىنساپ ـ ئادالەتكە، ساخاۋەت ـ مەرىپەتكە، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندىگەن.

**يۇنۇس** پەيغەمبەر، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بۇنيامىنغا تۇتىشىدۇ، ئىسمى قۇرئاندا تۆت ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. رىۋايەتلەردە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ تەرغىباتىغا ئىشەنمىگەن قەۋمىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى، كېمىدە كېتىۋاتقاندا سۇغا تاشلانغانلىقى، ئۇنى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن چوڭ بىر بېلىقنىڭ يۇتۇۋەتكەنلىكى، بېلىقنىڭ ئۇنى قارنىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ساقلاپ، دېڭىز ساھىلىدىكى بىر قۇرغاق يەرگە چىقىرىپ قويغانلىقى، تاۋى يوق يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ساقايغانلىقى، كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىگە قايتىپ كەلگەنلىكى، قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىپ ئاللانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇراسىملىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە مىلادىدىن ئاۋۋالقى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەدىمكى يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان. يەھۇدائىزمدا ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە ئىسرائىل خەلقىنىڭ «خۇدا تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان» خەلق ئىكەنلىكى، مىلادىدىن ئاۋۋالقى VIII ئەسىردە سىرتنىڭ ھۇجۇمى ۋە يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ بېسىۋېلىنىش خەۋپى كۆچەيگەن شارائىتتا بولسا، «ئىلاھىي خالاسكار» نىڭ كېلىشى توغرىسىدىكى غايىلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**يۇسۇف** پەيغەمبەر، يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى، نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. يۇسۇق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئاندا 26 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. يۇسۇق ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر. «سۇرە يۇسۇف» تە، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۇيىقەستى، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇچىراتقان ئەھۋاللىرى، زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاقلىنىشى، ئاندىن زىنداندا تۇرۇپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، ئاندىن مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە توغرا تەبىر بېرىپ پادىشاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشى، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇرۇشى، كېيىن كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشىنىڭ سەراسىغا كېلىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى، ئاندىن يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام باشلىق كىشلەرنى مىسىرغا ئېلىپ كېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ. يۇسۇق ئەلەيھىسسالام 110 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

**يۈكنەكى** ئەھمەد ئىبن مەھمۇد (تەخمىنەن XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرى) ئوتتۇرا ئاسىيالىق شائىر، ئالىم،

نېمەتلىرى كوپىسىدا ياشىغان ئادەم سۈپىتى ئادەمنى، بەختسىزلىك ۋە غورىبەتچىلىكنى ئىختىيار قىلىپ، ئۆمرىنى تائەت - ئىبادەت ھەمدە يىغا - زار بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى سۈپىسۇر. يەسەۋىي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، شۇ دەۋردىكى زالىم، ئەمەلدارلار، پارىخورلار ۋە شەيخلەرنى تەنقىد قىلغان؛ ئۇ، بۇ دۇنيانى بىۋاپا، ئۆتكۈنچى ۋە بۇ دۇنيادىكى ھايات ھەقىقىي ئەمەس دەپ كۆرسىتىپ، ئۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن؛ خەلقنى بۇ دۇنيادىكى جەبىر - زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىشكە، شۈكرە قىلىشقا چاقىرغان.

**يەسەۋىيلىك** ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتى، دىنىي - مىستىك ئېقىم. XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان، ئىرانغا كەڭ تارقالغان، ئاساسچىسى ئەھمەد يەسەۋىي. يەسەۋىيلىك ئاساسەن سوپىلىقنى، تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرنى سوپىلىق يولىغا مېڭىشقا، پىرنىڭ رەھبەرلىكىدە «كامالەت» تېپىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

**يەھيا** قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى. قۇرئاندا ئۇ ئاللا يولىدا ماڭغان «تەقۋادار» دەپ ئاتالغان ھەم ئۇنىڭغا مۇقەددەس يېزىق چۈشۈرۈلگەنلىكى ئېيتىلغان. ئىسلامدا يەھيانىڭ پادىشاھنىڭ جىيەن قىزىغا ئۆيلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن قەتل قىلىنغانلىق ۋەقەسى، شۇنىڭدەك مازىرىدا ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە قان قايناپ تۇرغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىدۇ. رىۋايەتلەردە يەنە يەھيانىڭ جەسىتى دەمەشقتىكى ئۇماۋىيلارنىڭ مەسچىتىگە قويۇلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

**يۇدائىزم** يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقالغان دىن. يۇدائىزم مىلادىدىن ئاۋۋالقى ئىككىنچى مىڭ يىللىقتا شىمالىي ئەرەبىستاندا ياشىغان كۆچمەن يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ خۇداغا سېغىنىش ئېتىقادى ۋە

www.uyghurkitap.com

18 ـ سۇرە، 82 ـ 98 ئايەتلەر) ، زۇلقەرنەين يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەر ياشايدىغان جايغا بېرىپ، بۇ خەلقنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا تۆمۈر ۋە مىسنى ئېرىتىپ توسۇق سالدۇرغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى تاغنى تېشىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدىكەن. لېكىن ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ، تېشىلگەن جايىنى ئاللا قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەر ئاخىرەت كۈنىنىڭ ھارپىسىدا تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ، يەر يۈزىگە يوپۇرۇلۇپ، دەجلە ۋە فرات دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئېچىپ تۈگىتىدىكەن، ئۇچرىغان ئادەمنى ھالاك قىلىپ، كېيىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزىدىكەن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئېغىز ـ بۇرنى ۋە قۇلىقىنى قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن تولدۇرۇپ، يەكسان قىلىپ تاشلايدىكەن.

**يەزىدلەر** زەردۇشتىيلىقتا يېقىن دىنىي تارماق مەزھەپ. يەزىدلەرنىڭ دىنىي تەلىماتىدا خرىستىئان، يەھۇدى ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ تەسىرى بار. يەزىدلەر چوقۇندۇرۇش ۋە خەتنە مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. يەزدەننى بىردىنبىر خۇدا دەپ تونۇيدۇ. يەزىدلەر خرىستىئانلار، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان، شۇڭا ئۇلار بىبلىيا بىلەن قۇرئاننى مۇقەددەس كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. تۈركىيە، ئىراق، ئەرمەنىستان ۋە گرۇزىيىدە ياشايدىغان كوردلارنىڭ بىر قىسمى يەزىدلەر تەلىماتىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر.

**يەسەۋىي** ئەھمەد (1105 ـ 1166) سۇفىلىق تەرىقەتىنىڭ ئاساسچىسى، شائىر ۋە دىنىي تەرغىباتچى. يەسەۋىي مەجمۇئەسى «دىۋانى ھىكمەت» نامى بىلەن 1878 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەردە سۇفىلىق ئاساسلىرى تەرغىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، دۇنيانىڭ نازۇ

# ي

**ياسىن** قۇرئاننىڭ 36 ـ سۈرىسىنىڭ نامى. ئەرەبچە « يا » ۋە « سىن » ھەرپلىرىدىن ئېلىنغان. سۈرىدە قۇرئاننىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن توغرا ۋە ھەق يول كۆرسىتىلگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى بويىچە ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئاللا ھوزۇرىغا قايتىپ بارىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىۋى غايىلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياسىن قۇرئاننىڭ ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان سۈرىلىرىدىن بىرى. مەسىلەن، ئادەم قاتتىق كېسەل بولغاندا، مېيىت نامىزىدا، روزا تۇتقاندا ياسىن سۈرىسى ئوقۇلىدۇ؛ ياسىن سۈرىسى يېزىلغان قەغەز تۇمار قىلىنىدۇ. ياسىن سۈرىسىنىڭ مەزمۇنىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر تەلىماتىنىڭ ماھىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۈرىنى، « قۇرئاننىڭ مېغىزى » دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتمۇ تارقالغان.

**ياۋروپا ئىسلام كېڭەشى** ياۋروپادىكى 12 دۆلەتتە ئىش بېجىرىدىغان 30 دىن ئارتۇق ئىسلام دىنىي مەركەزلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان. 1973 ـ يىلى لوندوندا قۇرۇلغان. بۇ كېڭەش ئىسلام تارىخى ۋە سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىدۇ، تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ.

**يەئجۇج ۋە مەئجۇج** رىۋايەتلەرگە كۆرە كۈن چىقىش تەرەپتە ياشايدىغان، پىتنە ـ پاسات تارقاتقۇچى خەلقنىڭ نامى ( قۇرئاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەنتەنە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. «يوشۇرۇنغان ئىمام» غا ئېتىقاد قىلىش ئىماميلارنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىدىن بىرى. ئۇلار ئىمامەت تەلىماتىنى ئاساسىي قائىدە سۈپىتىدە تەرغىپ قىلىدۇ. ئىماميلارنىڭ پىكرىچە، ئىمامەت ئەلى ئەۋلادىغا ئالاقىدار «ئەبەدىي ئىلاھىي نۇر» نىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلار «ئىلاھىي» ماھىيەتكە، نۇقسانسىز ھەم غەيرىي ئىنسانىي بىلىمگە ئىگە. ئىماميلار ئىمامنىڭ سايلاپ كۆرسىتىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىماميلار شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىماميلار تەلىماتى ھازىرقى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى ھېسابلىنىدۇ. ئىراق ئاھالىسىنىڭ يېرىمى ئىماميلاردۇر. ئىماميلار جامائەلىرى لىۋان، كۇۋەيت، بەھرەين، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئافغانىستان، ئىئوردانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىمۇ بار.

**ئىمان** [ ئە. ] ( ئىشەنچ، ئېتىقاد ) ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ۋە ئىلاھىي كىتابلارغا، تەقدىرگە، ئاخىرەتكە ئىشىنىش. ئىسلام دىنىدا ئىمان تەلەپلىرى «ئەركان ئەل - ئىمان» ( ئىمان ئاساسلىرى ) گە شەك - شۈبھىسىز ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئىمران** بۇۋى مەريەمنىڭ ئاتىسى، بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرى ئىچىدە كاتتا زات ( قۇرئاننىڭ ئۈچىنچى سۈرىسى «ئەل ئىمران» ).

**ئىنجىل** ( ئەرەبچە، گرېكچە - ئىلاھىي خەۋەر ) خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى. ئىسانىڭ ھاياتى، پائالىيىتى بايان قىلىنغان، II ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن.

بەلگىلەنگەن ئەقىدىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، دىنىي ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇنلار، دىنىي ئۆلچەملەر توغرىسىدىكى پەن. ئىلاھىيەتنىڭ بارلىق ئېقىملىرى ئاللانى ئېتىراپ قىلىشقا ئاساسلىنىدۇ.

**ئىمام** [ ئە. ] ( ئالدىدا تۇرغۇچى ) مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي رەھبىرى، باشلىقى. ئىمام ئاتالغۇسى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ: (1) سۈننىي مەزھىپىدە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي رەھبىرى ياكى بۈيۈك ئىمامى ( ئىمام ـ كەبىر )، يەنى خەلىپە؛ (2) شەرىئەت مەزھەپلىرى ( ھەنەپىيە، مالىكىيە، شافىئىيە ۋە ھەنبەلىيە ) نىڭ ئاساسچىلىرى؛ (3) شىئە مەزھىپىدە ئەڭ يۇكسەك دىنىي رەھبەر ھېسابلانغان ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى؛ (4) شىئە ۋە سۈننىي مەزھىپىدە ھەر بىر مەسچىتتە ناماز باشقۇرغۇچى، يەنى مەسچىت ئىمامى.

**ئىمامەت** [ ئە. ] ( باشقۇرۇش، رەھبەرلىك ) شىئە مەزھىپىدە دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەلىمات. بۇ تەلىمات بويىچە مۇسۇلمان جامائەسى ياكى مۇسۇلمان دۆلىتىدە پەقەت مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادى ( ئەلى ۋە پاتىمەدىن تارقالغان ئەۋلاد ) ھۆكۈمران بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

**ئىمامىيلار** شىئە مەزھىپىدىكى ئاساسىي ئېقىملاردىن بىرى، ئەلى ئەۋلادىغا مەنسۇپ 12 ئىمامنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۆتىدىل شىئەلەر. ئىمامىيلار 11 ـ ئىمام ھەسەن ئەل ـ ئەسقەرىي ( 873 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) دىن كېيىن، ئۇنىڭ ياش ئوغلى مۇھەممەدنى ئاخىرقى 12 ـ ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلغان. رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ ئىمام يوقاپ كەتكەن ( تارىختا ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن گۇمان بار )، ئىمامىيلار ئۇنى «يوشۇرۇنغان ئىمام»، يەنى مەھدىي دەپ جاكارلاپ، ئۇ قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئادالەت

نەزەرىيىسى » XII - XIV ئەسىرلەردە راۋاجلىنىپ، ئىبن رۇشد پەلسەپىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىبن رۇشدنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ئالەمنى ئەقىل – ئىدراك بىلەن بىلىش ئارقىلىق ئىنساننى ھەقىقەتكە يېتەكلەپ بارىدۇ. ئىلاھىيەت بولسا، ۋەھىيگە ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. پەلسەپە ئىلاھىيەتكە بويسۇنماسلىقى لازىم. ئىبن رۇشدنىڭ پىكرىچە ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئالەمنىڭ يارىتىلمىغانلىقى، خۇدا ۋە ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكى، كىشى روھىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇملۇقى توغرىسىدىكى خۇلاسىلەر ئالەمنىڭ يارىتىلغانلىقى ھەمدە روھنىڭ ئۆلمەسلىكى ھەققىدىكى ئىلاھىي قاراشلارغا قارىغاندا يۈكسەكرەك ھەقىقەتتۇر. « ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسى » پەلسەپە تارىخىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان، راتسىئونالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان، پەلسەپە ۋە پەننىڭ مۇستەقىل راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئوتتۇرا دەۋر ۋە يېڭى دەۋرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. روھانىيلار ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرىنى چەكلىگەن، نازارەت ئاستىغا ئالغان. ھازىرقى دەۋردە ئىسلامدىكى مودېرنىزم ئىلاھىيەتچىلىرى ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسىنىڭ ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپىۋى ئىلمىي بىلىشنىڭ بىر – بىرىدىن مۇستەقىللىكى ھەققىدىكى تەلىماتىنى دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق پەن بىلەن دىننى كېلىشتۈرۈش، پەن تەرەققىياتى دىننى رەت قىلمايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئاساسلاش ئۈچۈن پايدىلانماقتا.

**ئىلاھىيەت** [ ئە . ] ( ئاللا توغرىسىدىكى تەلىمات ) ئاللا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، بەلگىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى دىنىي تەلىماتلارنى ئاساسلاش ھەمدە ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن تەرىپىدىن

**ئىشراق** [ ئە . ] ( پارلاش ، جىلۋە ) سۇفىلىقتا خاس ئا-تالغۇ ، دىنىي — مىستىك مەزمۇنغا ئىگە . سۇفىلىق تەلىماتى بويىچە ، سۇفى جەزمۋەگە چۈشۈپ ، ئاخىرىدا ئاللاغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامىدىن سۆزلەشكە باشلايدۇ ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ ھالەت ئىشراق دەپ ئاتىلىدۇ . ئىشراق سۇفىلىقنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرىگە خاس بولۇپ ، ئۇ سۇفىلىقنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بايەزىد بىستامىي ، مەنسۇر ھەللاج ۋە باشقىلارنىڭ سۇفىلىق كۆز قاراشلىرىدا ئىپادىلەنگەن . كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن مىستىك پانتېزم ئىشراقنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئىشراقچىلار پەننىي تېئوسوفىيە ( ئىلاھىي پەن ) ۋە پەلسەپىگە بۆلگەن . ئۇلار تېئوسوفىيە ئالىي دۇنيانى ، نۇر ئالىمىنى ؛ پەل-سەپە بولسا تۆۋەن دۇنيانى ، يەنى ماددا ، ھەرىكەت ، ۋاقىت ، ماكان ۋە باشقىلارنى ئۆگىنىدۇ دەپ قارىغان .

**ئىفتار** [ ئە . ] ( ئېغىز ئېچىش ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپتار . ئىسلام دىنىدا روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئېغىز ئېچىشىدىن ئىبارەت دىنىي ئادەت . قۇرئاندا كۆرسىتىلىشىچە ، روزا تۇتمىغان ئادەم باشقىلارنى تائام بىلەن تويدۇرۇشى لازىم . شۇنىڭغا ئاساسەن ئىپتارلىق قىلىش — روزا كۈنلىرى روزا تۇتقانلارغا زىياپەت بېرىش ئادىتى كېلىپ چىققان .

**ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسى** پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەت ھەقىقىتىنى بىلىش خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ئىككى مۇستەقىل يولى دەپ چۈشەندۈرىدىغان تەلىمات . « ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسى » شەرق پەلسەپىسى تارىخىدا ئۇزاق بىر دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى فارابىي ، ئىبن سىنا ، بېرۇنىي قاتارلىقلار ئىككى ھە-قىقەت نەزەرىيىسىگە دەسلەپ يېقىنلاشقانلاردۇر . « ئىككى ھەقىقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسمائىلىيلاردىن نىزارىيلار ( ھەششاشىيلار ) ، مۇستەئلىيلار ، دروزلار ، قەرمەتلەر ئايرىلىپ چىققان . ھازىر سۇرىيە ، ئىران ، پاكىستان ، شۇنىڭدەك ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا نىزارىلار ؛ يەمەن ، ھىندىستان ، پاكىستان ، مىسىردا مۇستەئلىيلار ؛ سۇرىيە ، لىۋاندا دروزلار ساقلىنىپ قالغان .

**ئىسناد** [ ئە . ] ( دەلىل ، ئاساس ) ھەر بىر ھەدىسنىڭ تەركىبىي قىسمى . ھەدىسنىڭ باشلىنىشىدا ، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئېيتقان ۋە ئاڭلىغان كىشىدىن باشلاپ ، ھەدىسنى توپلىغۇچىغىچە بولغان بارلىق شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى بىرمۇ بىر كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە ئۇ ھەدىسنىڭ ئاساسى ، دەلىلى قىلىنىدۇ . ئۆلىمالار ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىزلىكىنى شۇ ئىسىملاردىن سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ چىقىدۇ . ھەدىسنى يېزىپ قالدۇرغان كىشىلەرنىڭ ياشىغان يىللىرى توغرا كەلسە ۋە ئۇلار ئىسلامدا ئابرۇي قازانغان كىشىلەردىن بولسا ئىسناد توغرا ئېيىلىدۇ ، ھەدىسمۇ توغرا بولغان بولىدۇ .

**ئىسھاق** پەيغەمبەر ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى . ئۇ قۇرئاندا « ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر » سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان . قۇرئاندا بايان قىلىنىشىچە ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ تۆرىلىدىغانلىقىدىن ئالدىن خۇش خەۋەر بەرگەن . ئىسھاق ئەلەيھىسسالام شام ۋە پەلەستىن زېمىنلىرىدا ياشىغان كەنئانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن .

**ئىشان** [ پ ] سۇفىزمدا دىنىي باشلىقلارنىڭ ئۇنۋانى . ئىسمائىلىيلار مەزھىپى جامائەسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئىشان دەپ ئاتالغان . ئوتتۇرا ئەسىرلەردە سۇفىلارنىڭ باشلىقلىرىغا مۇراجەت قىلىشتا ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىشان ، بەزىدە « پىر » ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن .

تەرەپدارلىرى بولغان يەنە بىر قىسىم شىئەلەر بولسا، ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ( تارماق مەزھەپ شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ) نىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان. ئىمام جەئفەر ئىچىملىك ۋە مەئشىيەتكە بېرىلگەن ئىسمائىلنى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، كىچىك ئوغلى مۇسا كازىمنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئىسمائىل تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسمائىلنى ئىمام دەپ ئېلان قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ X – XII ئەسىرلەردە خەلىپىلىكتە كۆتۈرۈلگەن ئىنتايىن كۆپ قوزغىلاڭلار ۋە تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ئىسمائىلىيلار تەلىماتى دىنىي نىقاب ئورنىدا خىزمەت قىلغان. ئىسمائىلىيلار IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا رەسمىي مۇستەقىل مەزھەپ سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ھەم باشقا ئېقىملارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇلارنىڭمۇ مۇرەككەپ دىنىي – پەلسەپىۋى سىستېمىسى شەكىللەنگەن. ئىسمائىلىيلارنىڭ تەلىماتى ئىككىگە، يەنى زاھىرىي ( تاشقى ) – ئاشكارا ۋە باتىنىي ( ئىچكى ) – مەخپىي تەلىماتقا بۆلۈنگەن. زاھىرىي تەلىماتى مەزھەپنىڭ ئومۇمىي تەلىماتىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، بۇ تەلىمات مەزھەپنىڭ مەخپىي تەلىماتىدىن خەۋەرسىز بولغان ئاددىي ئىسمائىلىيلار ئاممىسىغا قارىتىلغان. باتىنىي تەلىماتى خۇدا مۇتلەق، ئالىي ئەقىل، ئالىي جان، بىرلەمچى ماددا، ماكان، ۋاقىت، كامالەتكە يەتكەن ئىنسان ( پەيغەمبەر ) دىن ئىبارەت يەتتە باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسمائىلىيلار تەلىماتى بويىچە، كامالەتكە يەتكەن ئىنسان ( ئەل – ئىنسان ئەل – كامىل ) ئۆزىدە «ئالىي ئەقىل» نى ئەكس ئەتتۈرگەن ناتىق بولۇپ، ئاللانىڭ تەلىماتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ياردەمچىسى سامىت ( جىم تۇرغۇچى ) بولسا پەيغەمبەر تەلىماتىدىكى باتىنىي مەزمۇننى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە

پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئىنتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، كاپىتالىزمنىڭ ئالدامچىلىقىنى، بايلىق توپلاشتا يول قويىدىغانلىقىنى، پارىخورلۇقنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

**ئىسمائىل** قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىللە كەئبەنى بىنا قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خوتۇنى ھاجەر بىلەن بىللە مەككىگە بارغان. بۇ چاغدا مەككە قاقاس چۆل بولۇپ، ئادىمزات ياشىمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا ـ بالا ئىككىسىنى مەككىدە قالدۇرۇپ ئۆزى پەلەستىنگە كەتكەن. ئالغان سۈيى تۈگەپ، تەشنالىقتا قالغان ھاجەر سەفا ۋە مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرگەن (كەبىئەنى زىيارەت قىلىشقا بارغان ھاجىلارنىڭ بۇ ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ئادىتى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان). شۇ پەيتتە، ئىسمائىلنىڭ ئايىغى ئاستىدىن زەمزەم بۇلىقى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇقەددەس سۇ ئېتىلىپ چىققان. رىۋايەتتە يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقى، لېكىن، ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا قوچقار ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن.

**ئىسمائىلىيلار** VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىئە مەزھىپىدە شەكىللىنىپ، X ـ XI ئەسىرلەردە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ تارقالغان تارماق مەزھەپ. ئىسمائىلىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەرەب خەلىپىلىكىدە فېئودال گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۈچىيىشىنىڭ مەھسۇلى. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى خەلىپىلىك تەختىنى ئىگىلىگەن ئابباسىيلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە كېلىشىپ ئىش تۇتقان. ئاببا سىيلارغا قارشى كۈرەشنى داۋام قىلدۇرۇش

«ئىسلام ئىقتىسادى» ھازىرقى دەۋردە ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە يولى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى ئىپادىلەيدىغان كۆز قاراش. بۇ كۆز قاراش مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ قىسمەن دۆلەتلىرىدە ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنماقتا. ھازىرقى زامان «ئىسلام ئىقتىسادى» نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇمىي مەقسىتى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگىمۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگىمۇ تەۋە بولمىغان، قۇرئان ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان مۇستەقىل ئىقتىسادىي سىستېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى خۇسۇسىي ياكى كوللېكتىپ ئەمگەك ئارقىلىق قولغا كەلگەن مۈلۈكنى ھىمايە قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە خۇسۇسىي ياكى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكىللىرىنى «گارمونىك» ھالدا راۋاجلاندۇرۇش، كاپىتالنى ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىي ئەمگەكنى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسى دەپ بىلىش، سۈتخورلۇقنى، جۈملىدىن بانكا پىرسەنتىنى مەنئى قىلىش، مال - دۇنيانىڭ بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ قولىدا يىغىلىپ قېلىشىغا يول قويماسلىق، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار (جۈملىدىن ھۈنەرۋەنلەر) نى قوللاپ، مونوپولىيىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى توسۇش، خۇسۇسىي ئىستېمالنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق «مۆتىدىل ئىقتىساد» بەرپا قىلىش. «ئىسلام ئىقتىسادى» دا ماددىي ئامىلغا قارىغاندا «دىنىي - ئەخلاقىي» ئامىل يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. «ئىسلام ئىقتىسادى» نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قارىشىچە «غەيرىي دىندىكى دۆلەتلەر» شەرقنىڭ «مالىيە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا قادىر ئەمەس». «ئىسلام ئىقتىسادى» كۆز قارىشىدىكىلەر كاپىتالىزمنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىسىدىن

مۇسۇلمان نەزەرىيىچىلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىلىرىنى يېڭى شارائىتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، قايتىدىن قاراپ چىقىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش باشلانغان. ئافغانىستانلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر جامالىدىن ئەففانىي ۋە ئۇنىڭ مىسىرلىق ئەگەشكۈچىلىرى مۇھەممەد ئەبدا ۋە ئابدۇللا نادىم، قاسىم ئەمىن، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئەربابى سەيىد ئەخمەدخان، سۇرىيىلىك پەيلاسوپ ئابدۇرراھمان ئەل - كاۋاكىبىي ۋە باشقىلار ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقىغا ئاساس سالغان. ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى نەزەرىيىچىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، سانائەت، سودا ۋە پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەت ۋە خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە شەرىئەت ئۆلچەملىرىنى قايتا ئىزاھلاپ پەتىۋا بەرگەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي قاراشلىرىدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىگە قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى كۈرەش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قىسمەن ئىسلاھاتچىلار ( سەيىد ئەھمەدخان ۋە مۇھەممەد ئەبدا ) مەلۇم دەۋرگىچە مۇستەملىكىچىلەر بىلەن كېلىشىش ھالىتىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. لېكىن، ئومۇمەن ئالغاندا ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى ئىدېئولوگىيىسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە، شۇنىڭدەك ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەۋردە ئىسلام غايىۋى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولغان ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ شەكىللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

قىلەر ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان گۇرۇھلاردىن تەشكىللەنگەن. تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك گۇرۇھلاردىن بىرى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» («ئەل - ئىخۋانۇل مۇسلىمىن») ئۇيۇشمىسى بولۇپ، ئۇ 1954 - يىلى مىسىردا ناسىر زۇڭتۇڭ (1918 - 1970) ۋاقتىدا چەكلەنگەن. سادات زۇڭتۇڭ (1918 - 1981) نىڭ ئىسلام ئېكستىرېمىزمچىلىرىنىڭ قىسمەن تەلەپلىرىگە قوشۇلۇپ، زوررۇر تېپىلغاندا ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا ئۇرۇنۇشى ئەمەلگە ئاشمىغان. ھازىر 30 غا يېقىن مەملىكەتتە ئىخۋانلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «جامائە تۇل - مۇسلىمىن» گۇرۇھى تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مىسىر ھەربىي سوتى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلغان بۇ گۇرۇھ تارقىلىپ كەتمەي «ئەتتەكفىرۋەل - ھىجرەت» نامى بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا. ئىسلام ئېكستىرېمىزمىنىڭ يەنە بىر گۇرۇھى «ئەل جىھاد - ئەل ئىسلامى». تۇنىس فوندا مېنتالىزمچىلىرى تەرىپىدىن زەيتونە داشۆسىنىڭ مەركىزىدە قۇرۇلغان «قۇرئاننى ھىمايە قىلىش ئۇيۇشمىسى» مۇ ئىسلام ئېكستىرېمىزمىغا كىرىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ بىرقانچە شەھەرلەردە شۆبىلىرى بار.

**ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقى** ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىغا خاس تەلىماتىنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان بۇرژۇئازىيە مەنپەئىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، قايتا چۈشەندۈرۈشكە قارىتىلغان ھەرىكەت ۋە ئىدېئولوگىيە. نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە (بولۇپمۇ مىسىر، سۈرىيە، لىۋان، ھىندىستاندا) XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى روشەن ھالدا راۋاجلىنىشقا باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىسمەن

ئىسلام پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى يولىنى تۈزۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلغان. ئىسلام مودېرنىزمى كەڭ مەنىدە ئىسلام تەلىماتىنى ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئىسلام مودېرنىزمى دىندا «ئىجتىھاد ئىشىكلىرى ئوچۇق» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلار «غەيرىي ئىسلام» مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشنى ياقلايدۇ.

**ئىسلام ئويغىنىشى** ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى ئېقىملىرىدىن بىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئاتالغۇ. بۇ ئېقىمنىڭ نەزەرىيىچىلىرى قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر مەنبەيى ھېسابلاپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاش كېرەك دېگەن ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىدۇ. XVIII ئەسىردە ئەرەبىستاندا ۋەھھابىيلىقنىڭ ئاساسچىسى بولغان مۇھەممەد ئىبن ئابدۇل ۋەھھاب ئېتىقادنىڭ ئويغىنىشى توغرىسىدىكى تەلىمات بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ئىسلام ئويغىنىشى» ئىسلامدىكى ئىسلاھاتچىلىق شەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

**ئىسلام ئېكسترېمىزمى** غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە مۇستەقىللىكتىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە قارشى قەدىمكى ئىسلام غايىلىرىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان گۇرۇھلارنىڭ دىنىي، سىياسىي قارىشى. ئىسلام ئېكسترېمىزمچىلىرىنىڭ پائالىيىتى 70 - يىللاردا مىسىردا قانات يايغان. ئۇلار تەشكىلىي جەھەتتىن بىر پارتىيىگە ئۇيۇشمىغان بولسىمۇ، تۈرلۈك تەبى-

تۈگىگەن؛ (5) سۇفىلىق ياكى تەساۋۋۇپ تەرىقەتلىرى. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە سۇفىلىق غايىلىرى كەڭ - كۆلەمدە تارقالغاچقا، ئۇلارنىڭ پىرلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ناھايىتى كۆپ ئېقىملار پەيدا بولغان، لېكىن كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئەسىردىلا يوقىلىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇفىلىق تەرىقەتلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا نەقشبەندىيلىك، يەسسەۋىيلىك، كۇبرەۋىيلىق، باشقا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا مەيدانغا كەلگەن قادىرىيلار، بېكتاشىيلار، رىفائىيلار، تەيغۇرۇيلار، سۇھراۋەردىيە، مەۋلەۋىيلەر، شازىلىيلار، چىشتىيلەر، سەفاۋىيلار، ھەيدەرىيلەر، نېئمەتۇللاھىيلار، جالالىيلار كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ مەۋجۇت. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېقىنقى دەۋردە ئەرەب مەملىكەتلىرى، ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا سەلەفىيلار، شەرتەرىيلەر، رەشىدىيلار، رەھمانىيلار، تەيىببىيلەر، تىنائىيلار، ئەممارىيلار، ھەمالىيلار، مورىدىيلار، بەرقىيلەر، ئىدرىسىيلار، سەنۇسىيلار، غوپۇرىيلار قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق تەرىقەت تارقالغان. خىلمۇ خىل ئېقىم ۋە مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي - سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ دىنىي شەكىلدە نامايان بولۇشى سەۋەب بولغان. ئاندىن قالسا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئىسلام مودېرنىزمى** ئىسلام دىنىدا ھازىر مەۋجۇت بولغان ئۈچ ئېقىم ( ترادىتسىئونالىزم ۋە فۇندا مېنتالىزم بىلەن بىللە ) نىڭ بىرى. ئۇ ئىسلام تەلىماتىنى يېڭى دەۋرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي، قانۇنىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە دائىر ئەقىدىلىرىنى يېڭىچە چۈشەندۈرۈش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىش ۋە

چەملىرىگە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەردە بىر - بىرىدىن پەقلىنىدىغان ئۈچ ئاساسىي مەزھەپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇلاردىن سۈننىي ۋە شىئە مەزھىپى هازىرمۇ مەۋجۇت. لېكىن خاۋارىجلار مەزھىپى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا ھەر خىل تارماق مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن پەقەت بىرلا ئىبادىيلار مەزھىپى ساقلىنىپ قالغان؛ (2) ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ماھىيەتتە ئەقىدىۋى تەلىمات ۋە دىنىي مۇراسىملار جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئاز - تولا پەرقلىنىدىغان دىنىي گۇرۇھلار (ئەرەبچە فىرقە). ئىسلامدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى شىئە مەزھىپىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. ئۇلاردىن قەرمەتلەر، ئىسمائىلىيلار، زەيدىيلەر، نۇسەيرىيلار، ئەلئىلاھىيلار، دروزلار ۋە باشقىلار، ئۇلاردىن يەنە كىچىك تارماق مەزھەپلەر، كېيىنكى دەۋرلەردە بابىيلىق، باھائىيلىق تارماق مەزھەپلىرى مەيدانغا كەلگەن. سۈننىي مەزھىپى ئىسلامدىكى ئورتودوكسال دىنىي تەلىمات بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇنىڭدىن تارماق مەزھەپلەر بۆلۈنۈپ چىقمىغان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە ئۇنىڭدىنمۇ تارماق مەزھەپ ۋە ئېقىملار، مەسىلەن، رەۋشەنىيلەر ( X VII ئەسىردە)، ۋەھھابىيلار، مەھدىيلەر ۋە پان ئىسلامىزم قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن؛ (3) مەزھەپلەر، شەرىئەت مەزھەپلىرى ئىسلامدىكى بۆلىنىشنىڭ ئالاھىدە شەكلىدىن ئىبارەت؛ (4) مەزھەپلەر ئىلاھىيەت ئېقىملىرى بولۇپ، ئۇلار ئىسلام ئىلاھىيىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئىلاھىيەتكە دائىر ئايرىم مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن. ئەشئەرىيلەر، جەبەرىيلەر، قەدەرىيلەر، سىفەتىيلەر، مۇرجىئىيلەر، مۇئتەزىلىيلەر ۋە باشقىلار ئەنە شۇنداق ئېقىملاردۇر. ئورتودوكسال ئىسلام ئىلاھىيەت تەلىماتى بولغان كالام شەكىللىنىپ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، ئىلاھىيەت ئېقىملىرى تەدرىجىي يوقىلىپ، X IV ئەسىردىن كېيىن

كاتىپ باشچىلىقىدىكى كاتىبات باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئىش بېجىرىش ئورنى جىددە شەھىرىدە. ئىسلام ۋەكىللىرى يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، پەن - مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەردىكى بىرلىكى ۋە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئەزا دۆلەتلەر خەلقئارا تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسلىھەت يىغىنلىرىنى چاقىرىش، ئىرقىي بۆلۈنۈش ۋە ئىرقىي كەمستىشنى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھەرقانداق شەكىللىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىش، خەلقئارا خەۋپسىزلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، توغرا، زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش، «مۇقەددەس جايلار» نى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتىن ئىبارەت. ئىسلام ۋەكىللىرى يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، ئىسلام فوندى جەمئىيىتى، خەلقئارا ئىسلام ئىنفورماتسىيە ئاگېنتلىقى ۋە باشقا ياردەمچى تەشكىلاتلىرى بار.

**ئىسلام مەزھەپچىلىكى** ئىسلامدا ئىجتىمائىي، سىنىپىي زىددىيەتلەر ۋە ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەرخىل ئېقىملارنىڭ ئومۇمىي نامى. مەزھەپ تار مەنىدە شەرىئەتكە خاس ھوقۇق سىستېمىسىنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدە دىندارلارنىڭ تۈرلۈك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ مەنادا ئىسلام مەزھەپچىلىكى ئىسلام دىنىغا تەئەللۇق بولغان بارلىق گۇرۇھلارنىڭ بۆلۈنۈش ۋە شەكىللىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەش چوڭ تۈرى بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك: (1) ئىسلامدىكى ئاساسىي مەزھەپ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە، دىنىي تەلىمات، دىنىي مۇراسىملار، ئەخلاق ۋە ھوقۇق ئۆل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىدىكىلەرگە ئوخشاش دىن ۋە سىياسەتنى بىر نەرسە دەپ چۈشىنىدۇ، پەرق شۇ يەردىكى ئۇلار ئىسلام بىلەن مىللەت مەنپەئىتىنى بىر ياكى يېقىن دەپ ھېسابلايدۇ. ئىسلام فۇندا مېنتالىزمى ئېقىمدىكىلەرنىڭ مەقستى ئىجتىمائىي ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش. ئۇلار تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى دەپ بىلىدۇ.

**ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى** ئىسلام دىنىغا دائىر ئۇنىۋېرسال ئېنسىكلوپېدىيە. ئىسلام دىنىغا ئائىت بارلىق مەسىلىلەر ۋە ئاتالغۇلارنى ھەمدە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نېمىس، گوللاند، فرانسوز، ئىنگلىز شەرقشۇناسلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن X X ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1908 ــ 1938 يىللاردا نېمىس، ئىنگلىز، فرانسوز تىللىرىدا تۆت جىلدلىق قىلىنىپ لېيدىندا نەشر قىلىنغان. 1933 ــ 1965 يىللاردا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان. 1950 ــ يىلى ئىستانبولدا تۈرك تىلىدا قايتا ئىشلەنگەن ۋە تولۇقلانغان ھالدا بېسىلغان. 1954 ــ يىلدىن باشلاپ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناسلىرى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىنى قايتا نەشر قىلىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى ئىسلامنى ۋە شەرق تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم مەنبەدۇر.

**ئىسلام ۋەكىللىرى يىغىنى تەشكىلاتى** 45 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا تەشكىلات. 1969 ــ يىلى رابات (ماراكەش) دا ئېچىلغان مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدا قۇرۇلغان. تەشكىلاتنىڭ ئالىي ئورگىنى ــ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى (ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ) بولۇپ، ھەر يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۈندىلىك ئىشلارغا باش

ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئالىي كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. 1980 ـ يىلى جاكارتىدا ئېچىلغان ئىسلام ئاممۇۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى خەلقئارا يىغىنىدا، مۇسۇلمان ئاخبارات ۋاستىلىرى ئالىي كېڭىشى (تۈرۈشلۈق ئورنى مەككىدە) تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى رەھبەرلىكى ئىگىلىگەن.

**ئىسلام سېلىقلىرى** مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز ئاھالىسىدىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل سېلىقلار. VII - VIII ئەسىرلەردە ئەرەب خەلىپىلىكى مالىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن. دەسلەپتە باشقا دىندىكىلەردىن جىزيە، خىراج، مۇسۇلمانلاردىن زاكات، ئۆشرە ئېلىنغان. ھازىرقى ئىسلام سېلىقلىرى جەمئىيەت كىرىمىنى قايتا تەقسىملەش يولى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئادالەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قارىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

**ئىسلام فۇندا مېنتالىزمى** ئىسلام دىنىدا ھازىر مەۋجۇت بولغان ئۈچ ئېقىم (ترادىتسىئونالىزم ۋە مودېرنىزم بىلەن بىللە) نىڭ بىرى. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئۆزىنى دىنىي ئۇيغىنىش تەرەپدارلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئىسلام فۇندا مېنتالىزمىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى كاپىتالىزمدىنمۇ، سوتسىيالىزمدىنمۇ پەرق قىلىدىغان مۇستەقىل «ئىسلام تەرەققىيات يولى» نى بەلگىلەپ بېرىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارغا ئىسلام فۇندا مېنتالىزمى دېگەن نام بېرىلگەن. ئۇلار ئىسلام مودېرنىزمى ئېقىمىدىكىلەرگە قارشى ھالدا، ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ھازىرقى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ قايتىدىن ئىزاھلاشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ، ئىسلام فۇندا مېنتالىزمى ئېقىمىدىكىلەر ترادىسىئونالىزم ئېقى-

لىكى سوۋېتتە ئىسلام دىنارى ئىشلىتىلدى، قوبۇل قىلىنغان قائىدە بويىچە بانكىنىڭ مەبلىغى ئىككى مىليارد دىنار بولۇشى كېرەك.

**ئىسلام ترادىتسىئونالىزمى** ئىسلام دىنىدا هازىر مەۋجۇت بولغان ئۈچ ئېقىم (فۇندا مېنتالىزم ۋە مودېرنىزم بىلەن بىللە) نىڭ بىرى. ئىسلام ترادىتسىئونالىزمى ئېقىمىدىكىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام ئەقىدىلىرىگە سۆزسىز ئەمەل قىلىشى كېرەك، مۇسۇلمان جامائەسى ئەزەلدىن، يەنى ئۇممەتلەر تەڭ هوقۇقلۇق، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىماسلىق كېرەك، دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەم ئالغا سۈرىدۇ.

**ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى** دۇنيانىڭ تۆرلۈك رايونلىرى ۋە دۆلەتلىرىدىكى مەشھۇر مۇسۇلمان ئەربابلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتى. 1962 - يىلى قۇرۇلغان، تۇرۇشلۇق ئورنى مەككىدە. ئالىي ئورگىنى كېڭەش يىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭغا 54 دىنىي ئەرباب قاتنىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىلاھىيەتچىلىرىدىن سايلانغان باش كاتىپ ئۆتەيدۇ. تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى «ئىسلام تەلىماتىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش». ئەرەب تىلىدا «ئەخبارۇل ئالەمىل - ئىسلامى» («ئىسلام دۇنياسى ئاخباراتى») ھەپتىلىك گېزىتىنى ھەمدە ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىلىدا «رابىتەئۇل ئالەمىل - ئىسلام» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئوندىن ئارتۇق دۆلەتتە شۆبىسى بار. 1974 - يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەككىدە چاقىرىلغان دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارا يىغىنىدا، دۇنيادىكى

غان .

ئىسلام بايراملىرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنىدىغان مەشھۇر قۇربان ھېيت ( ئىيدۇل - ئەزھا ) ، روزى ھېيت ( ئىيدۇل - فىتر ) ، مىئراج ( رەجەپ بايرىمى ) ئاساسلىق ئىسلام بايراملىرى ھېسابلىنىدۇ . قەدىر كېچىسى ( لەيلە تۇل - قەدر ) ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ( مەۋلىد ) ھەمدە ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنى ئەسلەش كۈنلىرىمۇ خاتىرىلىنىدۇ . مۇسۇلمانلاردا جۈمە كۈنى دەم ئېلىنىدۇ . بارلىق ئىسلام بايراملىرى ھىجىرىيە يىل ھېسابى بويىچە خاتىرىلىنىدۇ .

ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى بانكا خىزمىتىدە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە تەشكىل قىلىنغان خەلقئارا بانكا . 1974 - يىلى ئىسلام ۋەكىللىرى يىغىنى تەشكىلاتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن يىغىندا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنى قۇرۇش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلغان ، بانكىنىڭ پائالىيىتى 1975 - يىلى باشلانغان . ئىش بېجىرىش ئورنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدە . ئىسلام ۋەكىللىرى يىغىنى تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ . ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنى ئالىي ئورگانلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى يىغىنى ۋە دېرىكتورلار يىغىنى باشقۇرىدۇ . بانكا باشلىقى بەش يىللىق مۇددەت بىلەن سايلىنىدۇ . ھازىر بۇ بانكىغا مۇسۇلمان دۆلەتدىن 39 ى ئەزا ( پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ) . « ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى » مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان . ئىسلامدا بانكىغا قويۇلغان پۇلغا پايدا ئېلىش چەكلەنگەنلىكتىن ، پىرسەنت بېرىلمەيدۇ ھەم ئېلىنمايدۇ . « ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى » دا پۇل بىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسرائىل قىيامەت كۈنى ھەققىدە خەۋەر بېرىدىغان پەرىشتە.

**ئىسلام ئالەمى قۇرۇلتىيى** خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتى. 1976 - يىلى مەككىدە قۇرۇلغان. تۇرۇشلۇق ئورنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرى، ھازىرغىچە 36 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى بار، باش شۇجىسى پاكىستانلىق ئىنا موللاخان. ئۇنىڭ پائالىيىتىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىللىق مەككىدىكى زىيارىتى ئاياغلاشقان ۋاقىتتا يىغىلىدىغان ئالىي كېڭەش رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئىسلام ئالەمى قۇرۇلتىيى بىرقانچە ئىلمىي تەتقىقات مەركەزلىرى ئارقىلىق ئىسلام تارىخى، ئەقىدىلىرى، پەلسەپىسى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ ئىسلامنى «غەربكىمۇ، شەرققىمۇ قارشى تۇرالايدىغان مۇستەقىل سىياسىي كۈچ» كە ئايلاندۇرۇش ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدۇ؛ ئىسلامنى مەزمۇن قىلغان «مۇسۇلمان دۇنياسى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا «ئىسلام ئاۋازى» ناملىق رادىئو ئىستانسىسىمۇ بار.

**ئىسلام بانكىلىرى خەلقئارا ئۇيۇشمىسى** بىرقانچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى بانكىلارنىڭ ئۇيۇشمىسى. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد فايسالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1978 - يىلى جىددە شەھىرىدە قۇرۇلغان. سودان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، ئىئوردانىيە، ئىران ئىسلام بانكىلىرى، مىسىردىكى فايسال ئىسلام بانكىسى ۋە كۇۋەيت مالىيە گۇرۇھى قاتارلىقلار ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئىسلام بانكىلىرى خەلقئارا ئۇيۇشمىسى بانكا خىزمىتىدە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى جارى قىلىش (بانكا خىزمىتىنى ئىسلام دىنىدا تەھقىقلەنگەن پۇلغا پايدا ئېلىشنى، يەنى پىرسەنت ئېلىشنى چەكلەش پرىنسىپى ئاساسىدا يۈرگۈزۈش) نى، شۇنىڭدەك ئىسلام بانكىلىرىغا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ رەسمىي ئېلان قىلى-

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋارىيۇنلاردىن بولغان يەھۇدا ئىسىملىك شاگىرتى خائىنلىق قىلىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى يەھۇدىيلارنىڭ ھاكىمىغا ئېيتىپ قويىدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام بار جايغا كىرگەن چاغدا، ئاللا يەھۇدانىڭ شەكلىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ، ئۇلار يەھۇدانى ئىسا ئەلەيھىسسالام دەپ ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 شاگىرتى بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى نازىل قىلغان. كۆپچىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئاننىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا ئاسماندىن چۈشۈپ، دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

**ئىستىھسان** [ئە.] (ياخشى، دۇرۇس) شەرىئەت مەسىلىلىرىگە قىياسەن تەدبىقلاشتىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان خۇلاسىلەردىن مۇسۇلمانلار جامائەسى (ياكى دۆلىتى) ئۈچۈن، قايسىسى ياخشىراق، پايدىلىقراق، دۇرۇسراق بولسا، شۇنى قوللاش (ماقۇللاش) پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپنى شەرىئەتكە ئەبۇھەنىپە كىرگۈزگەن.

**ئىسرا** ئىسلام ئەنئەنىسىگە كۆرە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قۇددۇسقا قىلغان كېچىدىكى زىيارىتى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر كېچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا پەرىشتە جەبرائىل دۇلدۇل بۇراقنى مىنىپ كەلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر دۇلدۇلغا مىنگىشىپ جەبرائىل بىلەن قۇددۇسقا بارغان، قۇددۇستىن ئاسمانغا ـ ئاللانىڭ ھوزۇرىغا ئۆرلىگەن.

**ئىسراپىل** ئىسلامدا تۆت باش پەرىشتىنىڭ (ئەزرائىل، جەبرائىل، مىكائىل بىلەن بىللە) بىرى. ئىسلام ئەنئەنىسىگە كۆرە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇم ( ئاسترونومىيە) ۋە ھېسابلاشنى دەسلەپ باشلاپ بەرگەن پەيغەمبەر دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ .

**ئىرىم** يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرنى غايىپ كۈچلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە ئالامىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان خۇراپاتلىق . روھانىيلار ئادەتتە دىنىي ئېتىقادتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ــ ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولمىغان ھادىسىلەرنى ئىرىم دەپ قارىغان . تۇرمۇشتىكى ئىرىملار ( ئالامەتلەرگە ، چۈشنىڭ كارامەتلىرىگە ، پال ئېچىشقا ئىشىنىش ) نىڭ يىلتىزى بىر . خۇراپىي ئادەتلەر ئىپتىدائىي جامائەنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن پەيدا بولغان بولۇپ ، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئاجىزلىقىنىڭ مەھسۇلى . ئىرىم بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

**ئىسا** پەيغەمبەر . ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىبى مەسىھدۇر ، مەسىھ ئىبرانىچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى مۇبارەك دېگەنلىكتۇر . ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنجىلدا يەسۇئ دېيىلىدۇ . ئىسا ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا 25 جايدا ئىسا سۆزى بىلەن ، 11 جايدا مەسىھ سۆزى بىلەن ، 23 جايدا ئىبنى مەريەم سۆزى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ . ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى بولۇپ ، ئاللا تەرىپىدىن بۈۋى مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان . ئىسا ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناسىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن ، ئاللا ئۇنىڭغا تەۋرات ، ئىنجىل ۋە ھېكمەتنى بىلدۈرگەن . ئىنجىل نۇسخىلىرىنىڭ ئىبارىلىرىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 30 يېشىدا پەيغەمبەر بولغانلىقى مەلۇم . ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ كىشىلەرنى ئاللانىڭ توغرا دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان . ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى يەھۇدىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان . ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . ئىسا

ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام مودېرنىزمى تەرەپدارلىرى ئۇنى ياقلايدۇ، ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ؛ ئىسلام ترادىتسىئونالىزمى ۋە ئىسلام فوندامېنتالىزمى ئىجتىھادقا قارشى تۇرىدۇ.

**ئىجمائ** [ئە.] (بىرلىككە كەلگەن پىكىر، ئۆلىمالارنىڭ بىردەك پىكرى) ھەدىسلەردە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلمىگەن ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا، فەقىھ ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ يىغىلىپ بىر پىكىرگە كېلىپ ھۆكۈم چىقىرىشى (پەتىۋا بېرىشى). شەرىئەت دەستۇرلىرىغا كېيىنىرەك كىرگۈزۈلگەن ئۈچىنچى مەنبە. شەرىئەتتە شۇنداق يول بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم شەرئىي (قانۇنىي) دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئىجمائقا شەرىئەت مەنبەيى سۈپىتىدە قاراش ئەرەب خەلىپىلىكى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان دەۋر (VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىر) دە كېلىپ چىققان.

**ئىددەت** ئىددەتەل - مەرئە [ئە.] (مەلۇم ۋاقىت، ئاياللار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۆھلەت) شەرىئەت بويىچە ئېرى ئۆلگەن ياكى ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ باشقا بىر ئەرگە تېگىش ئالدىدىن ئۆتىشى شەرت بولغان مۆھلەت. بۇنداق ئاياللارغا ئىددەت توشمىغىچە ئەرگە تېگىش چەكلەنگەن. ئېرى ئۆلگەن ئايال ئۈچۈن تۆت ئاي 10 كۈن، ئەردىن ئاجراشقان ئايال ئۈچۈن ئۈچ ئاي بەلگىلەنگەن. مۆھلەت قۇرئانغا ئاساسلانغان ھالدا شەرىئەتكە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئايالنىڭ ئاجراشقان ياكى ئۆلگەن ئېرىدىن ھامىلىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاش نەزەردە تۇتۇلغان.

**ئىدرىس** قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى (قۇرئان 19 - سۈرە 55 - 58 ئايەتلەر) ئىسلامدا ئىدرىس قەدىمكى زاماندا (نۇھدىنمۇ ئىلگىرى) كىيىم تىكىش، خەت يېزىش، ئىلمىي نۇ-

هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن.

**ئىبن ئىسهاق** VIII ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت قوليازمىلار، رىۋايەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تارىخىي ئەسەر «سىرە تۇر رەسۇل ئالللا» («ئاللا ئەلچىسىنىڭ هايات يولى» — ئىسلام ئەنئەنىسىدە «سىرە» نامى بىلەن مەشهۇر) نى يازغان. بىراق، بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن، ئۇنىڭ ئىبن هىشام تەرىپىدىن قايتا ئىشلەنگەن نۇسخىسىلا مەلۇم.

**ئىتائەتكارلىق** مۆمىنلىك. ئىسلام دىنىدا ئاللانىڭ ئىرادىسى، خاهىشىغا ئىتائەت قىلىش تەرغىپ قىلىنىدۇ، ئىتائەت بىر خىل پەزىلەت هېسابلىنىدۇ.

**ئىجتىهاد** [ئە.] (ئىنتىلىش، غەيرەت قىلىش) دىنىي ۋە هوقۇقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش پرىنسىپى. ئوتتۇرا ئەسىردە تونۇلغان فەقىھ ۋە ئىلاهىيەتچىلەر يەنى مۇجتەهىدلەر ئىجتىهاد هوقۇقىغا ئىگە ئىدى. X ئەسىردە سۈننىي ئېقىمىدىكى شەرىئەت مەزهىپى شەكىللىنىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرى تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، «ئىجتىهاد ئىشىكلىرى يېپىپ قويۇلغان». ئىلاهىيەت، هوقۇق، ئەخلاق، ئىجتىمائىي تەلىمات مەسىلىلىرىدە پەقەت ئىلگىرىكى ئىلاهىيەتچىلەرگىلا تەقلىد قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارالغان. X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى ئىسلاهاتچىلىرى ئىجتىهاد هوقۇقىنى قايتىدىن تەكىتلىگەن. ئۇلار قۇرئان ۋە ئىسلام تەلىماتىنى ياخشى بىلگەن هەر بىر مۇسۇلمان ئىجتىهاد قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىققان. هازىرقى ئىسلام ئېقىملىرىدا ئىجتىهاد هوقۇقى پرىنسىپال مەسىلە

ئۆز قانۇنىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن راۋاجلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ دەپ قارىغان. ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىرى ئىنساندىكى ھەر خىل كىيسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى ئاللانىڭ خاھىشى ۋە قۇدرىتىگە باغلىسا، ئىبنى سىنا تاشقى مۇھىت، ئەمگەك، ساپ ھاۋا، تەنتەربىيە، ئوزۇقلىنىش ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىسلام دىنى تەلىماتىغا ھەم ئەقىدىلىرىگە زىت بولۇپ، ئۇ ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئاساسىدا ئۆگىنىشكە، كېيىن خۇلاسە چىقىرىشقا ئىنتىلگەن. ئىبنى سىنا ئۆز دەۋرىدە دىننى ئوچۇقتىن ئوچۇق رەت قىلمىغان، ئەمما پەننىي يۈكسەلدۈرۈشتە ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ رولىنى ئايرىپ قارىغان ھەم تەكىتلىگەن. ئۇ مۇسۇلمان روھانىيلىرى تەرىپىدىن ئەركىن پىكىرلىكتە ئەيىبلەنگەن، بىدئەتچى دەپ ئېلان قىلىنغان، چەكلىمىگە ئۇچرىغان. ئىبنى سىنانىڭ ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيىتى شەرق ۋە ياۋروپادىكى پەن، مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئىبنى ھەنبەل** ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (780 ـ 855) ھەنبەلىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى. سۈننىي مەزھىپىنى ھىمايە قىلىپ، مۆئتەزىلىيەلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان. خەلىپە مەئمۇن (813 ـ 833) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مۆئتەزىلىيەر تەلىماتى دۆلەت دىنى دەپ ئېتىراپ قىلىنغانلىقتىن، ئىبنى ھەنبەل بىرقانچە قېتىم قامالغان ۋە جازالانغان. ئىبنى ھەنبەل تەلىماتى X VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەھھابىيلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. دىنىي قانۇن ۋە ھەدىسشۇناسلىق ساھەسىدە ئالتە جىلدلىق كىتاب ــ «مۇسنەد» نى (1895 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان) يازغان.

**ئىبنى ھىشام** IX ئەسىردىكى ئەرەب مەدەنىيەتشۇناسى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ «سىرە» ئەسىرىنى قايتىدىن ئىشلىگەن ۋە شۇ نۇسخىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەلىماتىغىچە، ماددىي دۇنيانىڭ چېكى بار، دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئىبن رۇشىد خۇدانىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، خۇدانى ماددا بىلەن مەڭگۈ بىللە دەپ تونۇغان. ئىبن رۇشىد يەنە ھەرىكەت مەڭگۈ ۋە ئۈزلۈكسىز مەۋجۇت، چۈنكى بىرىگى ھەرىكەتنى كونا ھەرىكەت ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، روھ كىشىنىڭ تېنى بىلەن مۇستەھكەم مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئۆلمەيدۇ. ئىبن رۇشىد «ئىككى ھەقىقەت» تەلىماتىنى ئالغا سۈرۈپ پەننىڭ، پەلسەپىنىڭ، ئىنسان ئەقلىنىڭ رولىنى ئۇلۇغلىغان؛ ئادالەتلىك جەمئىيەت قۇرۇشنى، ئاياللارغا كەڭ ھوقۇق بېرىشنى، ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ تەلىماتى شەرق مەملىكەتلىرىدە شۇنىڭدەك غەربىي ياۋروپادا ماتېرىيالىستىك ئىدىيىنىڭ راۋاجلىنىشىدا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ شەرق ئەركىن پىكىرلىكلىكىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى.

**ئىبن سىنا** ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا — لاتىنچە ئاۋىتسېننا (980 — 1037) ئېنسىكلوپېدىست ئالىم. ياۋروپادا ئاۋىتسېننا نامى بىلەن مەشھۇر. 280 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان، ھازىرغىچە 160 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ساقلىنىپ كەلگەن. ئىبن سىنا تەبىئەتنى چۈشىنىشتە ماتېرىيالىست، جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە ئىدېئالىست بولۇپ، ماددىي دۇنياغا پانتېزمچە نۇقتىئىنەزەردە قارىغان. ئۇ خۇدا ۋە دىننى ئېتىراپ قىلغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، خۇدا ۋە مەۋجۇدىيەت بىر - بىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇ ئىككىسى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەبەدىيلىك خۇداغىمۇ، ماددىغىمۇ خاس، نۇر قۇياشتىن قانداق ئايرىلىپ چىقسا، ماددىمۇ خۇدادىن شۇنداق ئايرىلىپ چىقىدۇ، ئۇ يەنە خۇدا بىلەن تەبىئەت باغلىنىپ تۇرىدۇ، ئۈزۈن ۋە بىر پۈتۈن زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىدا ياراتقۇچى، ئىككىنچى ئۇچىدا تەبىئەت بار، تەبىئەت قانچە يىراقتا بولسىمۇ، خۇدانىڭ تەسىرىدە

ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ، يىتۈك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتتە ئىزا - ئاداۋەتلەر بولمايدۇ، ئادىل سوتقا زۆرۈرىيەت قالمايدۇ، چۈنكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئارا ئاقىلانە مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئىبن باجە مۇسۇلمان روھانىيلىرى تەرىپىدىن شەككاكلىقتا ئەيىبلىنىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈلگەن. ئىبن باجە ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىر تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان. ئىبن توفەيل، ئىبن رۇشدىنىڭ دۇنيا قارىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئىبن خەلدۇن** ئابدۇرەھمان ئەبۇزەيد ( 1332 - 1406 ) ئەرەب تارىخچىسى ۋە مۇتەپەككۇرى. ئۇ « كىتابۇل - ئىبر » ( « ئىبرەتلەر كىتابى » ) ناملىق مۇھىم ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشى بىلەن باغلىق بولىدىغانلىقى ھەمدە ئەمگەك بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئىبن خەلدۇننىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە باشقا ماددىي ئامىللارغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئىپىنقلاشقا بولغان ئىنتىلىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىبن رۇشد** ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد - لاتىنچە ئاۋىرروئىس ( 1126 - 1198 ) ئەرەب پەيلاسوپى، ئارىستوتىل تەلىماتىنىڭ ماتېرىيالىستىك تەرەپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاۋىررويىزمغا ئاساس سالغان، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئارىستوتىل ئەسەرلىرىگە يېزىلغان شەرھلەردىن ئىبارەت. ئىبن روشدىنىڭ « تەھافۇت ئۇتتەھافۇت » (« رەددىيەنى رەت قىلىش » ) ئەسىرى پەلسەپە تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىبن رۇشد ماددىي دۇنيا ئەبەدىي، ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق دەپ قارىغان. لېكىن ئىبن رۇشدىنىڭ

دۇ . ئاللا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئوغۇل ( ئىسمائىل ، ئىسھاق ) بەرگەن . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللا يولىدا بىر ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا ، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاللا بالىنىڭ ئورنىغا قوچقار ئەۋەتىپ بەرگەن . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كەئبىنى بىنا قىلغان .

**ئىبلىس** ← شەيتان .

**ئىبن ئەرەبىي** مۇھىددىن مۇھەممەد ئىبن ئەلى ( 1165 ــ 1240 ) ئەرەب مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى . سۇفىزمنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى . ئاندالۇسىيە ( ئىسپانىيە ) دە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە بىلىم ئالغان . قاھىرە ، دەمەشق ، باغداد ۋە باشقا شەھەرلەردىكى مەشھۇر ئالىملار ، مۇتەپەككۇرلەر بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان . دەمەشقتە ۋاپات بولغان . پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى پانتېستىك خاراكتېردە بولۇپ ، مەشھۇر شەخسلەرگە سەجدە قىلىشنى رەت قىلغان ، تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئەھمىيىتىنى باراۋەر دەپ ھېسابلىغان . سۇفى سۈپىتىدە ئاللانى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ تونۇپ ، ئۇنىڭغا پەقەت كۆڭۈلنى پاكلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان . ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان ، لېكىن بۇ مىراسلار تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان .

**ئىبن باجە** ئەبۇبەكر مۇھەممەد ئىبن يەھيا ( تەخمىنەن 1070 ــ 1139 ) ئەرەب تېۋىپى ، شائىرى ، ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپى ، ئەرەب ــ ئىسپان راتسىئونالىزمىغا ئاساس سالغان . ئارىستوتېلنىڭ فىزىكا ۋە مېتېئورولوگىيىگە ئائىت ئەسەرلىرىگە شەرھلەرنى ، پەلسەپەھەمدە لوگىكىغا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان . ئىبن باجەنىڭ كۆرسىتىشىچە ، جەمئىيەت ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزۈشى

ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مەنئى قىلىنىدۇ. (2) ئىھرام ھالىتىگە كىرگەنلەرنىڭ بەدىنىگە ئورىلىدىغان رەخت. ئىھرام ئىككى بۆلەك بولۇپ بىر بۆلىكى بىلەن يەلكە، يەنە بىر بۆلىكى بىلەن بەلنىڭ تۆۋەن قىسمى ئورىلىدۇ. ئىھرام ھەج قىلىۋاتقان چاغدا سېلىنمايدۇ، ھەج تۈگىگەندىن كېيىن مۇقەددەس يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇلىدۇ.

## ئى

**ئىبادەت** دىنىي تەلىماتنىڭ مۇئەييەن تەرتىپنى ھېسسىي - ئوبرازلىق شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەخسۇس پائالىيەت. ئىبادەت قىلىش دىنىي ئېتىقادنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىبادەت تەرتىپ ۋە قائىدىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىنغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئىبادىيلار** خاۋارىجلار ئىچىدىكى كىچىك بىر مەزھەپ. VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن ئابدۇللاھ ئىبن ئىباد ئاساس سالغان. ئىبادىيلار خاۋارىجلار ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ مەزھەپلەر (مەسىلەن، ئەزرەقىيلەر) نىڭ بارلىق غايىۋى دۈشمەنلىرىنى كاپىر ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈش پرىنسىپىغا قارشى چىققان. ئۇلار ئاباسىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشىگە ياردەم بەرگەن. ئىبادىيلار ھازىر شىمالىي ئافرىقىدا، ئومان، زانزىباردا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىن سۈننىي، شىئە ۋە باشقا ئېقىم، مەزھەپلەردىن پەرقلىنىدۇ.

**ئىبراھىم** پەيغەمبەر. قۇرئاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلىلۇللا (ئاللانىڭ دوستى)، پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى دەپ تەرىپلىنىد

سىغىنىشنى، زاھىدلىقنى ئەيىبلىگەن؛ ئاددىي كىيىنىشنى، كەمتەر بولۇشنى، ئەيش - ئىشرەتكە، بايلىق توپلاشقا بېرىلمەسلىكنى تەرغىب قىلغان، كىشىلەرنى ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن. ۋەھھابىيلار « تەكلىك - باراۋەرلىك » نى تەشۋىق قىلغان. فېئوداللار ۋەھھابىيلار ھەرىكىتىدىن فېئودال تارقاقلىقنى تۈگىتىش ۋە ھۆكۈمران دائىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە پايدىلانغان. ۋەھھابىيلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، 1920 - يىلى چوڭ فېئودال ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئابدۇل ئەزىز ئىبن سەئۇد ( 1880 - 1953 ) رەھبەرلىكىدە غازات ئۇرۇشى باشلانغان. نەتىجىدە 1932 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى دۆلىتى قۇرۇلغان.

**ۋەھيى** [ ئە . ] ئىسلام دىنىدا ئاللانىڭ خاھىشى - ئىرادىسىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مەلۇم يول ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈشى. ئىسلام ئەنئەنىسىدە، قۇرئان ئاللانىڭ سۆزى، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ۋەھيى قىلىنغان دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ۋۇزۇ** [ ئە . ] ( يۇيۇنۇش ). نامازدىن ئاۋۋال يۈز، قول ۋە ئاياغنى يۇيۇش، يەنى كىچىك تاھارەت ئېلىش.

# ئې

**ئېھرام** [ ئە . ] ( مۇقەددەس ھالەتكە ئۆتۈش ) (1) مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ۋە كىچىك ھەج قىلىش ( ھەج ۋە ئۇمرە ) ۋاقتىدىكى ئالاھىدە ھالىتى. ئېھرام ھالىتىدە جانلىق مەۋجۇداتنى ئۆلتۈرۈش، گۈللەرنى ئۈزۈش، دەرەخلەرنى سۇندۇرۇش، چاچ - ساقال، تىرناق ئېلىش

شىلەر تەرىپىدىن دىنىي مۇئەسسەسەلەر، مەسچىت، مەدرىسلەرگە ئاجرىتىلغان مال ـ مۈلۈك.

**ۋەقفنامە** مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق يەر، سۇ، ئۆيلىرىنى ۋە باشقا مۈلۈكلىرىنى دىنىي مۇئەسسەسەلەر، ئايرىم ئۆلىمالار ۋە سوفىلىق جامائەلىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەت. ۋەقفنامە قازىنىڭ تەستىقىدىن كېيىن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**ۋەلىي** ← ئەۋلىيا

**ۋەھدانىيەت** [ئە.] (يەككىلىك، يېگانىلىق) بىر خۇدالىقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىپادىسى. ۋەھدانىيەتكە كۆرە، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى بىر ئاللادۇر. ۋەھدانىيەت ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق تەلىماتقا قارشى ھالدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. ئىسلام تارىخىدا ۋەھھابىيلار ۋەھدانىيەتنى ياقلاپ، شۇ تەلىمات ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلغان.

**ۋەھھابىيلار** ئىسلامدىكى دىنىي، سىياسىي ئېقىم. XVIII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. مۇھەممەد ئىبن ئابدۇل ۋەھھاب (1703 ـ 1787) ئاساس سالغان. ۋەھھابىيلارنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ۋەھدانىيەت، يەنى بىر خۇدالىقنى تەرغىپ قىلىشتۇر. ۋەھھابىيلار بىر خۇدالىق ئەقىدىسىدە مەھكەم تۇرۇپ، «قۇرئان» ۋە ھەدىس ئاساسىدا، «دىننى تازىلاش» قا، ئىسلام دىنىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاقتىدىكى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە، ئەرەبلەرنى «ھەقىقىي ئىسلام» نىڭ يېشىل بايرىقى ئاستىغا بىرلەتۈرۈشكە چاقىرغان. ۋەھھابىيلار ۋەھدانىيەتنى ھىمايە قىلىپ «مۇقەددەس جايلار» غا زىيارەت قىلىشنى، ئەۋلىيا ۋە مازارلارغا

باشقىلار ) كۆتۈرۈلگەن. بۇ قوزغىلاڭلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇمەۋىيىلەر دۆلىتىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرگەن. 747 ـ 750 يىللاردا ئەبۇمۇسلىم رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە، خەلىپە مەرۋان II تەختتىن چۈشۈرۈلگەن، ھاكىمىيەت ئابباسىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇماۋىيلار ئەۋلادى تولۇق قىرىپ تاشلانغان، ئۇلاردىن پەقەت بىر كىشى ـ ئابدۇرەھمان تىرىك قېلىپ، ئىسپانىيىگە قاچقان ۋە ئۇ يەردە قۇرتۇبە ئەمىرلىكىگە ئاساس سالغان. ئۇماۋىيلار خەلىپىلىرى ئىسلام ئەنئەنىسىدە ( خەلىپە ئۆمەردىن باشقىلىرى ) دۆلەتنى زوراۋانلىق بىلەن قولغا ئالغان، ئىسلامنىڭ توغرا يولىنى بۇزۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەخسلەر دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇماۋىيلارنىڭ تەختتىن چۈشۈشى ۋە ئابباسىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشى ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ قايتا تىكلىنىشى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

# ۋ

**ۋاجىب** [ ئە. ] ( مەجبۇرىيەت، بۇرچ ) مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى شەرت بولغان ۋەزىپە. ئىسلام دىنىدا، ۋاجىبنى ئادا قىلغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ، ئادا قىلمىغان كىشى جازالىنىدۇ، لېكىن ئىنكار قىلغان كىشى «كاپىر» بولمايدۇ. مەجبۇرىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا ۋاجىب پەرزدىن كېيىن تۇرىدۇ، لېكىن سۈننەت تەلەپلىرىدىن مۇھىمراق قارىلىدۇ.

**ۋەقف** [ ئە. ] ( دىن يولىغا ئاجرىتىلغان مال ـ مۈلۈك ) ـ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ۋەخپە. ئىسلام ئەنئەنىسىدە، دۆلەت ۋە ئايرىم كى-

دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ، سىففىن ۋادىسىدا ئۈچ ئاي داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىز ئاياغلاشقان . 661 ـ يىلى ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ھەربىي باشلىقلارنىڭ ياردىمىدە مۇئاۋىيە بىردىنبىر ھۆكۈمران بولۇپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇماۋىيلار خەلىپىلىك تەختىنى ئىگىلىگەن . 661 ـ 685 يىللىرى ئۇماۋىيلار ئەلى تەرەپدارلىرى ۋە خاۋارىجلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن . ئۇماۋىيلار بىر قاتار مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىسلاھات ( خەلىپىلىكنى مىراسقا ئايلاندۇرۇش ، دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇش ، دۆلەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ، ئەرەب تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ ئېلان قىلىش ، يېڭىدىن ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە مىس پۇل چىقىرىش ، ھەربىي دېڭىز فلوتى قۇرۇش قاتارلىقلار ) ئېلىپ بېرىپ ، دۆلەتنىڭ ھەربىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى ئاشۇرغان . ئۇماۋىيلارنىڭ پايتەختى دەمەشقتە بولسىمۇ ( شۇڭا ، ئەرەبچە كىتابلاردا ئۇمەۋىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى دەمەشق خەلىپىلىكى دەپمۇ ئاتالغان ) ، سۈرىيە خەلىپىلىكنىڭ مەركىزىي ۋىلايىتىگە ئايلانغان . ئۇماۋىيلار دەۋرىدە ئەرەبلەر شەرقتە تەبەرىستان ، جۇرجان ، ماۋرائۇننەھر ۋە سىندنى ، غەربتە شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيەنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىشغال قىلغان . ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ، خەلق ئىگىلىكى ، بولۇپمۇ بېسىۋېلىنغان مەملىكەتلەرنىڭ ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكەن ، ھەر خىل سېلىقلار كۆپىيىپ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقان . ئېزىلگەن خەلق كۆپ قېتىم ئىستىلاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ ( 736 ـ 737 يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارىس ئىبىن سۇرەيج قوزغىلىڭى ، 739 ـ 740 يىللاردىكى ماراكەشتىكى بەر ـ بەرلەر قوزغىلىڭى ، 742 ـ يىلى غەربتە كۆتۈرۈلگەن خاۋارىجلار قوزغىلىڭى ۋە

نىڭ ئىككىنچىسى ( 634 – 644 ) . ئۆمەر خەلىپىلىكى دەۋرىدە سۈرىيە ، پەلەستىن ، مىسىر ، ئىراق ۋە ئىراننىڭ كۆپ قىسمى ئىشغال قىلىنىپ ئەرەب خەلىپىلىكىگە قوشۇلغان . ئۆمەر خەلىپىلىك مەركىزى ۋە ئىشغال قىلىنغان مەملىكەتلەردە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى مۇستەھكەملىگەن ، سىياق سىستېمىسىنى تەرتىپكە سالغان ، ساھابىلەر ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ھەمدە ھەربىي باشلىقلارنىڭ مائاشىنى ئېنىق بەلگىلىگەن . ئىشغالىيەت قىلىنغان مەملىكەتلەردە ، شەھەر ئەتراپىدا ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي لاگېرلىرىنى قۇرغان . ئۇنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى يىل ھېسابى — ھىجرىيە يىل كالېندارى يولغا قويۇلغان . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئۆمەر خەلىپىلىك قىلغان دەۋر ئىسلامنىڭ « ئالتۇن ئەسرى » دېيىلىدۇ .

## ئۇ

**ئۇممەت** [ ئە . ] ( مىللەت ، جامائە ) مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر جامائەسى ، يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى — مۇھەممەد پەيغەمبەر جامائەسىنىڭ ئەزالىرى . ئۇممەت سۆزى كەڭ مەنىدە ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ .

**ئۇمەۋىيلەر** ئەرەب خەلىپىلىرى سۇلالىسى ( 661 — 750 ) . ئاساسچىسى مەككىلىك چوڭ سودىگەر ، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە . مۇئاۋىيە خەلىپە ئەلىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىپ ، دەمەشقتە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان . 658 – يىلى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغان . فرات

**ئۆمەر ھەييام** ( 1048 ـ 1123 ) ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر. تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا، ئاسترونومىك كۆزىتىشلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، شۇ ئاساستا 1079 ـ يىلى يېڭى، ئېنىق كالېندار تۈزۈپ چىققان. خارەزمىي، بېرۇنىي ۋە يونان ئالىملىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغان ھالدا، پەلسەپە مەسىلىلىرىگە ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەر يازغان. ماتېماتىكا ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ماتېماتىكىغا ئائىت ئىككى، فىزىكىغا ئائىت بىر رىسالىنىڭ، شۇنىڭدەك تەبىئەت ھەققىدىكى ۋە ھەر خىل ئېتنوگرافىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «نەۋرۇزنامە» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى. ئۆمەر ھەييام تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماددىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەبەدىي بولىدىغانلىقىنى قەتئىي تەكىتلىگەن. ماددىي نەرسىلەر ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، كونكرېت بۇيۇملار يوقىلىپ، يېڭىسى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئەمما ماددىي ئاساس ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ تەبىئەتنى چۈشىنىشتە ئىنساننىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۇلۇغلىغان، ئىنسان تەبىئەتنىڭ ئەڭ يېتۈك مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، بىلىشتە ئەقىل ۋە ئىلىمگە ئاساسلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە فارابى، ئىبن سىنا تەلىماتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، روھ، مەۋجۇدات، ماددا، شەكىل، ئەقىل قاتارلىق پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەرنى تەھلىل قىلغان. ئۆمەر ھەييامنى دۇنياغا مەشھۇر قىلغان ئۇنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىك رۇبائىيلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شەرقتە ئەركىن پىكىرلىكلىك غايىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا كاتتا ئىجابىي رول ئوينىغان.

**ئۆمەر ئىبن خەتتاب** ( 644 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ئىسلامدا «خۇلەفائى راشىدىن» ( توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر )، «چاھارىيارلار» دەپ ئاتالغان دەسلەپكى تۆت خەلىپە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئۇمرە** ئىسلام ئەنئەنىسىدە كىچىك ھەج. ھەج مەۋسۇمىدىن باشقا ۋاقىتتا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش «كىچىك» ھەج ھېسابلىنىپ ئۇمرە دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۇھۇد جېڭى** (ئۇھۇد مەدىنەنىڭ يېنىدىكى بىر تاغنىڭ نامى) 625 - يىلى مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ مەدىنەگە قارشى قوشۇن تارتىپ كېلىشى بىلەن ئۇھۇد تېغىدا يۈز بەرگەن جەڭ. ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر يارىلانغان. لېكىن، مۇشرىكلەر مەدىنەگە ھۇجۇم قىلالمىغان، نەتىجىدە مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى ئامان قالغان.

# ئۆ

**ئۆشرە** [ئە.] (ئوندىن بىر) - ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆشرە. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە يول ئورنىدا (بەزىدە يول بىلەن) دۆلەت پايدىسىغا ئېلىنىدىغان سېلىق.

**ئۆلەما** [ئە.] (ئالىم سۆزىنىڭ كۆپلۈكى - بىلىمدان) - ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆلىما. ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىرى ۋە ھوقۇقشۇناس (پەقىھ) لىرى شۇنىڭدەك دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە، سوت (قازىخانا) مەھكىمىلىرىگە، بىلىم يۇرتلىرىغا مۇتەسەددىي بولغان مۇسۇلمان ئالىملار. «ئۆلىما» ئاتالغۇسى پەقەت دىنىي ساھەدىكى بىلىملىك كىشىلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ.

مۇھەممەد مەھدىينى غايىپ بولغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ. مۇنداق كۈتۈش ئەسىرلەر مابەينىدە ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ «ئىمام مەھدىي»نىڭ كېلىشىگە ئىشىنىش مەلۇم سالماقنى ئىگىلەپ، ئۇ زامانە ئاخىر بولغاندا كېلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئىماملار ۋە ئىمامزادىلەر دەپنە قىلىنغان مەقبەرىلەر ھازىرمۇ شىئەلەر ئۈچۈن مۇقەددەس زىيارەتگاھتۇر، بۇ مۇقەددەس جايلار نەجەف، كەربالا، كازىمەين (ئىراق)، مەشھەد، قۇم، شاھ ئابدۇل ئەزىم (ئىران) شەھەرلىرىگە جايلاشقان. ئەمەۋى
پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇپ بېرىپ، كارخانىلارنى غەمدىن خالاس قىلىشى لازىم.

## ئۇ

**ئۇ دۇنيا** دىنىي تەسەۋۋۇرلاردا ئېيتىلىشىچە بۇ دۇنيانىڭ، يەنى ھەقىقىي، تەبىئىي ئالەمنىڭ ئەكسى.

**ئۇسۇل** [ ئە ] (ئەسلى سۆزىنىڭ كۆپلۈكى - يىلتىز، ئاساس) ئىسلام ئىلاھىيىتى ۋە فىقھىدە تەلىمات ئاساسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ. ئۇسۇل ئەل -دىن — دىن ئاساسلىرىنى؛ ئۇسۇل ئەل -فىقھ — قانۇنچىلىق ئاساسلىرىنى، يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە ئاساسىي مەنبە ياكى يىلتىز ھېسابلانغان قۇرئان، سۈننەت، ئىجمائ قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدىغان ئىلىم. ئۇسۇل ئىسلام مەملىكەتلىرىدە پەقەت دىن ۋە قانۇنچىلىقتىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە سىياسەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـىسلامدا « خۇلەفائى راشىدىن » ( « توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر » ) ، « چاھار يارلار » دەپ ئاتالغان دەسلەپكى تۆت خەلىپىنىڭ ئۈچىنچىسى ( 644 ــ 656 ) . ئۇ خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە خەلىپىلىككە ئىستائەت قىلىدىغان جايلار كۆپەيگەن ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى توپلانغان . ئۇ مەككىلىك بولۇپ ، قېرىنداش ـ يېقىنلىرىغا سەنسەپ ، يەر ـ زېمىن ، خەزىنە بايلىقىنى بۆلۈپ بەرگەن . ساھابىلەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرى ئىچىدە ئۇ يۈرگۈزگەن سىياسەتكە نارازىلىق كۆپەيگەنلىكتىن ، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىبن بەكرىنىڭ ـاشچىلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن .

**. ئون ئىككى ئىمام** شىئەلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ــ ئىمامىيلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملار . خەلىپە ئەلى بىلەن پاتىمە ( مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى ) دىن تارقالغان ئەۋلادلار ، ئۇلار ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ قارايدۇ . ئىمامىيلار ئۇلارنى ئىسلامنىڭ قانۇنىي يېتەكچىلىرى دەپ ھېسابلاپ ، خەلىپىلەر ھاكىمىيىتىنى غەيرىي قانۇنىي دەپ تونۇيدۇ . ئىماملار : ئەلى ئىبن ئەبۇتالىب ، ھەسەن ، ھۆسەين ، زەينول ئابىدىن ئەلى 713 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، مۇھەممەد بەكرى ( 732 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، جەئفەر سادىق (700 ـ 765) ، مۇسا كازىم (799 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، ئەلى رىزا (818 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، مۇھەممەد تەقىي (835 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، ئەلى نەقىي (868 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ، ھەسەن ئەسكەرىي ( 846 ـ 879 ) ، مۇھەممەت مەھدىي (رىۋايەتلەرگە كۆرە 874 ـ 878 يىللار ئارىسىدا يوقىلىپ كەتكەن ) . ئىماملارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ياكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ، لېكىن ئىمامىيلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلىپىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ ، ئۇلارنى دىن يولىدا شېھىت بولغان دەپ ماتەم تۇتىدۇ . شىئەلەر ئون ئىككىنچى ئىمام ـ

ئېچىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىنىي مەزمۇنغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان ھېيت ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ~ 12 كۈنلىرىدە، روزى ھېيت شەۋۋال ئېيىنىڭ 1 ~ 3 كۈنلىرىدە بايرام قىلىنىدۇ. ھېيت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ دىنىي بايرىمىدۇر.

**ھىجرە** ھىجرەت [ ئە. ] ( كۆچۈش ) مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ مەككىدىن مەدىنەگە كۆچۈشى. دىنىي تەرغىباتىنى مەككىدە باشلىغان مۇھەممەد پەيغەمبەر قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا دۈشمەنلىكىنىڭ كۈچىيىشى، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشى نەتىجىسىدە 622 - يىلى مەدىنەگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كۆچۈش بىرقانچە ئاي داۋام قىلغان. 638 - يىلى خەلىپە ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت كالىندارى تۈزۈلۈپ، 622 - يىل مۇسۇلمانلار كالىندارىنىڭ يىل بېشى قىلىنغان.

**ھىدايە** [ ئە. ] ( قوللانما، تولۇق نامى « ئەل ھىداي فىلفۇرۇئ » — « قانۇن ساھەلىرى بويىچە قوللانما » ) سۈننىيلەرنىڭ ھەنە فىيە مەزھىپىدە كەڭ تارقالغان شەرىئەت قوللانمىسى. بورھانىدىن مەرغىنانى تۈزگەن. ھىدايە شەرىئەت بويىچە مەشھۇر ئاساسلىق قوللانم سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى، ھوقۇق ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، شۇنىڭدەك ئائىلە — نىكاھ مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار كونكرېت تەلەپ - ئۆلچەملەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، جازالاش چارىلىرى بەلگىلەنگەن.

## ئو

**ئوسمان** ئىبن ئەففان ( 656 - يىلى ۋاپات بولغان )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزلار دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . ھۆرلەر جەننەتكە كىرگەن تەقۋادارلارنىڭ قىلغان ساۋابى قانچىلىك بولسا شۇنچە ۋاقىت خىزمىتىدە بولىدىكەن .

**ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى** ( 626 ـ 680 ) ئەلى ئىبن ئەبۇتالىبنىڭ ( پاتىمەدىن تۇغۇلغان ) كىچىك ئوغلى ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ، شىئەلەرنىڭ ئۈچىنچى ئىمامى . 669 ـ يىلى ھەسەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەلى تەرەپدارلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ ئېلان قىلغان . 680 ـ يىلى خەلىپە مۇئاۋىيە ئۆلگەندىن كېيىن ، ئىراقتا ئۇماۋىيىلارغا قارشى ھەرىكەت باشلىغان كۇفە شىئەلىرى ھۆسەيىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى دەپ ئېتىراپ قىلىپ ، ئۇنى خەلىپە يەزىدكە قارشى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىپ بېرىشنى سوراپ كۇفەگە تەكلىپ قىلغان . ھۆسەيىن 70 لەشكەر بىلەن مەككىدىن يولغا چىقىپ كۇفەگە يېقىن كەربالا چۆلىگە كەلگەندە ، تۆت مىڭ كىشىلىك خەلىپە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، 680 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىردە جەڭدە قۇربان بولغان ، جەسىتى شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەربالا شىئەلەرنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىغا ئايلانغان . ھۆسەين قۇربان بولغان كۈن شىئەلەردە ماتەم كۈنى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىدۇ .

**ھىجاب** [ ئە . ] ( پەردە ، يۈزياپقۇچ ) ئايالالرنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئايلانغان يۈز ياپقۇچى .

**ھېيت** ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئىككى ھېيت رەسمىي دىنىي بايرام سۈپىتىدە خاتىرىلىنىدۇ : چوڭ ھېيت ياكى قۇربان ھېيت ( ئەرەبچە ئىيدۇل ـ كەبىر ، ئىيدۇل ـ ئەزھا ) ۋە كىچىك ھېيت ياكى روزى ھېيت ( ئەرەبچە ئىيدۇل ـ سەغىر ، ئىيدۇل ـ فىتر ) . قۇربان ھېيتى ھەج ۋە قۇربانلىق قىلىش بىلەن ؛ روزى ھېيتى بولسا رامزاننىڭ ئاخىرىدا ئېغىز

مەشھۇرلىرى XX ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك پەيلاسوپى رىزا تەۋفىق تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان. ھۇرۇفىيلار ئالەم ئەبەدىي، خۇدانىڭ قىياپىتى ئىنساندا ئەكس ئېتىدۇ، ئالەم تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا خۇدانىڭ قىياپىتى ئىنساندا مۇجەسسەملىشىپ نامايان بولىدۇ، مۇھەممەد – ئاخىرقى پەيغەمبەر، ئەلى – ئەۋلىيالارنىڭ بىرىنچىسى، ئىمام ھەسەن ئەل – ئەسكەرىي ئەۋلىيالارنىڭ ئاخىرقىسى دېگەن تەلىماتنى ئالغا سۈرگەن. ئۇلار پادىشاھ مىران شاھ قىياپىتىدىكى دەججالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۈتكەن (ئۇ 1408 – يىلىدىكى جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن)، مەھدىي كېلىپ ئادالەت ئورنىتىدۇ، ھەممىنى باراۋەر قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانغا زۇلۇم قىلىشى تۈگەيدۇ، دەپ كۈتىدۇ. ئۇلار فېئوداللىق ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق كۈرەشنى ياقلىغان. 1426 – 1427 يىللاردا ھېراتتا تېمورىيلاردىن بولغان شاھرۇھقا قارشى سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى يارىدار قىلغان. قولغا ئېلىنغان ھۇرۇفىيلار مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى دەھشەتلىك ھالدا جازالانغان، جەسەتلىرى ئوتقا تاشلانغان، كېيىن ھۇرۇفىيلار قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. شۇڭا ھۇرۇفىيلار تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈركىيىدە ئۇلارنىڭ مەخپىي ئۇيۇشمىلىرى ساقلىنىپ قالغان. ھۇرۇفىيلار تەلىماتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بېكتاشىيلار تەرىقەتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرى ئارىسىدا مەخپىي رەۋىشتە داۋاملاشقان.

**ھۆرلەر** ئىسلام ئەقىدىسى ۋە قۇرئانغا كۆرە، تەقۋادارلار بىلەن بىللە جەننەتتە ياشايدىغان قىزلار. قۇرئان (2 – سۈرە 25 – ئايەت، 3 – سۈرە 13 –، 14 –، 15 – ئايەتلەر) دا ئۇلار جىسمانىي ۋە مەنىۋى كەمچىلىكلەردىن خالىي، ئىنسان، جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان (55 – سۈرە، 56 –، 74 – ئايەتلەر)، بىر – بىرىدىن گۈزەل، ساھىبجامال

www.uyghurkitap.com

غان.

**ھۇرۇفىيلار** XIV - XV ئەسىرلەردە ئىراندا مەيدانغا كەلگەن شىئە مەزھىپىنىڭ تارماق مەزھەپلىرىدىن بىرىنىڭ تەرەپدارلىرى. فەزلۇللاھ ئاستىرابادىي (تەخمىنەن 1340 - يىلى تۇغۇلغان) ئاساس سالغان. ئۇ 1386 ~ 1387 يىللىرى ئۆز تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلىغان، ئەرەب ھەرپلىرى سىرلىق مەزمۇنغا ئىگە دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھۇرۇفىي (لۇغەت مەنىسى «ھەرپچى») دېگەن تەخەللۇسنى ئالغان، مەزھەپنىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەمىر تېمۇر ئۇنى شىرۋانغا سۈرگۈن قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ھۇرۇفىيلار تېمۇر ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن بولغان ھۆكۈمرانلارغا نەپرەت بىلەن قارىغان. ئۇلار تېمۇرنىڭ ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوغلى مىران شاھنى دەججال دەپ تەرىپلىگەن. ھۇرۇفىيلار تەلىماتى ناھايىتى تېزلا ئىران، ئەزەربەيجان، تۈركىيە ۋە سۈرىيىلەردە تارقالغان. تۈركىيىدە ئاستىرابادىينىڭ شاگىرتى ئەلى ئەلا ھۇرۇفىيلار تەلىماتىنى تەرغىپ قىلغان. بۇ مەزھەپ شەھەر زىيالىيلىرى ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئەركىن پىكىرلىكلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بۇ مەزھەپنى قوللىغان. مەسىلەن، مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى نەسىمىي (1417 - يىلى ھەلەب شەھىرىدە تېرىسى شىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن)، تۈرك شائىرلىرى تەمەننائىي (قەتل قىلىنغان)، رافىئى، مەشھۇر پارس شائىرى قاسىمى ئەنۋەر ۋە باشقىلار ھۇرۇفىيلار مەزھىپىگە كىرگەن، قاسىمى ئەنۋەر ھىرات شەھىرىدىكى دەرۋىشلەر خانىقاسىدا مۇلۇك ئومۇمنىڭ بولغان ۋە ھەممە كىشى بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان جامائە تەشكىل قىلغان. ھۇرۇفىيلار مەزھىپىگە مەنسۇپ شائىرلاردىن باي ئەدەبىي مىراسلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ مىراسلارنىڭ ئەڭ

ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە قارشىلىقى، شەرىئەت قانۇن - قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشتا قەتئىيلىكى بىلەن باشقا مەزھەپلەردىن پەرقلىنىدۇ. ھەنبەلىيە تەرەپدارلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئەركىن چۈشەندۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلارغا قارشى چىققان، شۇڭا بۇ مەزھەپ كەڭ تارقىلالمىغان. پەقەت IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب خەلىپىلىكىدە مۇئتەزىلىيلارنىڭ ۋە ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى ئەركىن پىكىر تەرەپدارلىرىنىڭ چەكلىنىشى ۋە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى تۈپەيلىدىن كېڭىيىپ، X II ئەسىردە مۇستەقىل مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەنبەلىيەنىڭ تەرەپدارلىرى X ئەسىردە ئىراندا، X I ئەسىردىن X V ئەسىرگىچە سۈرىيە ۋە پەلەستىندە كۆپەيگەن. كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەنە كېمىيىپ، X VIII ئەسىرگە كەلگەندە ۋەھھابىيلار ھەنبەلىيە تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. X X ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ۋەھھابىيلار سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، ھەنبەلىيە قانۇنلىرىنى يولغا قويغان. ئۇ يەردە ھەنبەلىيەنىڭ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە خاس قانۇنلىرى ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە. ھەنبەلىيە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن باشقا مەملىكەتلەردە كەم ئۇچرايدۇ.

**ھەۋۋا** ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ھاۋائانا. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى. بىرىنچى ئايال، ئىنسان زاتىنىڭ ئانىسى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، ھەۋۋا ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانىكەن.

**ھۇد** قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ( 7 - سۈرە، 63 ~ 70 ئايەتلەر ) پەيغەمبەرلەردىن بىرى. ھۇد ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن، لېكىن ئۇلار ھۇدنىڭ تەرغىباتىغا قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللانىڭ غەزىپىگە ( قاتتىق بوران ۋە قەھەتچىلىككە ) ئۇچراپ ھالاك بول-

ئالەم خۇدانىڭ جۇلالىنىشدۇر دېگەن پىكرىنى ئالغا سۈرگەن ۋە بۇ پىكىر بىلەن ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىغا يول ئاچقان. ھەللاج ئۆز غايىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىراق ۋە باشقا مەملىكەتلەردە كەڭ تەرغىب قىلغان ۋە كۆپلەپ مۇخلىس توپلىغان. مۇسۇلمان روھانىيلىرى ھەللاجنى بىد ئەتچىلىكتە ۋە شەككاكلىقتا ئەيىبلەپ، شەپقەتسىز ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم چىقارغان.

**ھەنەفىيە** سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە تۆت تارماق مەزھەپنىڭ بىرى. ئەبۇھەنىفە نۇئمان ئاساس سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قانۇنلىرى ئەبۇيۇسۇف ياقۇپ (795 - يىلى ۋاپات بولغان)، مۇھەممەد شەيبانى (804 - يىلى ۋاپات بولغان)، قۇدۇرىي (1036 - يىل ۋاپات بولغان) ۋە باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئىراقتا مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام تارقالغان بارلىق مەملىكەتلەردە كېڭەيگەن. بورھانىددىن مەرغىنانىنىڭ «ھىدايە» توپلىمى بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي شەرىئەت قوللانمىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. ھەنەفىيە قانۇنى نىسبەتەن يۇمشاق ۋە قولايلىقراق بولغانلىقى، خەلقنىڭ يەرلىك ئەنئەنىلىرىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقى سەۋەبلىك كەڭ تارقالغان. سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بۇ مەزھەپكە كىرىدۇ. بۇ بىرقانچە ئەرەب ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدە، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال، ئافغانىستان ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارقالغان. ئۇلاردا ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قانۇنلىرى ھازىرمۇ ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالغان.

**ھەنبەلىيە** سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە تۆت تارماق مەزھەپنىڭ بىرى، ئىبىن ھەنبەل ئاساس سالغان. ھەنبەلىيە ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ بارلىقى، ھەرقانداق شەكىلدىكى «يېڭىلىق» قا، دىنىي مەسىلىلەرگە

خەلىپىلىككە ۋە سالجۇقىيلارغا قارشى تۇرغان، ئۇلارنىڭ
باشلىقلىرى ( چوڭ فېئودااللار ) ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى سىياسىي
كۈرەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى دەپ بىلگەن. ئۇلار مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا ئادەتتىكى ئەزالىرى بولغان پىدائىيلار ( كەمبەغەل دېھقانلار ۋە
شەھەر ياشلىرى ) دىن پايدىلانغان. ھەششاشىيلەر ئىنتايىن يوشۇرۇن
ئىش ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھەرقايسى جايلارغا بۆلۈنگەن تېررورلۇق تەش-
كىلاتلىرىنى قۇرغان، پىدائىيلارنى ئۆلسە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا
ئىشىنىدىغان روھتا تەربىيىلەپ، ھۆكۈمرانلار، پادىشاھلار ۋە مەشھۇر نا-
مايەندىلەرنى ئۆلتۈرۈشتە ئۇلاردىن پايدىلانغان. ھەششاشىيلەر بىر مەزگىل
ھۆكۈمرانلارغا دەھشەت سالغان ( ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز جېنىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن ھەششاشىيلەرگە تۆلەم تۆلەپ تۇرغان ). 1256 - يىلى
موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى ئەلەمۇتنى بېسىۋېلىپ، ئىراندىكى ھەششاشىيلەر
دۆلىتىنى يوقاتقان. 1273 - يىلى مەملۇكلەر قوشۇنى سۈرىيە ۋە لىۋان-
دىكى ھەششاشىيلەرنىڭ ئاخىرقى تەشكىلاتلىرىنى يوقاتقان.

**ھەلال** [ ئە. ] ( رۇخسەت قىلىنغان، تازا، پاكىز ) —
ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ھالال. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدىغان
ئىش - ھەرىكەت، شۇنىڭدەك تازا ۋە پاك ھېسابلانغان ئوزۇق -
تائاملار.

**ھەللاج** ھۆسەين ئىبن مەنسۇر ( 858 - 922 ) سۇفىلىق ئې-
قىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ غايە جەھەتتىن قەرمەتلەرگە يېقىن بولۇپ،
تۇر، بەيدە، بەسرە، باغداد شەھەرلىرىدە بىلىم ئالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ
قىسمەن ئادەتلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ بەزى قائىدىلىرىگە زىت پىكىرلەرنى
ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلامنىڭ ئاللا ۋە ئاللانىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى ئەقى-
دىسىگە قارشى ھالدا، خۇدا ئىنساندا نامايان بولىدۇ، ئىنسان ۋە ماددىي

ئىشەنچلىكلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان. ھەدىسلەر توپلىمى سۈننەت دەپ نام ئالغان. ھەدىسلەرنى توپلىغۇچى، شەرھلىگۈچى، تەرغىپ قىلغۇچى شەخس مۇھەددىس دەپ ئاتالغان.

**ھەرام** [ئە.] (چەكلەنگەن) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ھارام. شەرىئەتتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قەتئىي چەكلەنگەن ئىش - ھەرىكەتلەر، شۇنىڭدەك يېيىش مەنئى قىلىنغان ئوزۇق - تائاملار.

**ھەسەن ئىبن ئەلى** (625 - 669) ئەلى ئىبن ئەبۇتالىب-نىڭ پاتىمەدىن تۇغۇلغان ئوغلى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى، شىئەلەرنىڭ ئىككىنچى ئىمامى. 661 - يىلى ئەلى سۇيىقەست بىلەن ئۆل-تۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەسەننى ئىراقتا خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۇنى مۇئاۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى قايتىدىن باشلاشقا دەۋەت قىلغان. لېكىن ھەسەن مۇئاۋىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشكەن، ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىپ، مەدى-نەگە كۆچۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

**ھەششاشىيلەر** [ئە.] (چېكەرمەنلەر) ئىسمائىلىيلەرنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان تارماق مەزھەپلىرىدىن بىرى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىراندا ئىسمائىلىيلار ھەرىكىتىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. ئاساسچىسى ھەسەن ئىبن سەبباھ (1124 - يىلى ۋاپات بولغان). ھەششاشىيلەر جامائەسىنىڭ مەركىزى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان ئەلەمۇت قەلئەسى بو-لۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى سۈرىيە ۋە لىۋانغا، كېيىن ھىندىستانغا تارقالغان. ھەششاشىيلەر ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن شەرق ئەللىرى-دىكى قەرمەتلەر ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلاشقان. ھەششاشىيلەر

مۇقەددەس ھېسابلانغان كەئبەنى زىيارەت قىلغان كىشىگە بېرىلىدىغان نام . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ھەج قىلغان ئادەمنىڭ ئىسمىغا ئادەتتە « ھاجى » سۆزى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ ، قىسمەن ھاللاردا « ھاجى » سۆزى ئادەم ئىسمىنىڭ ئالدىغىمۇ قويۇلىدۇ .

**ھاشىمىيلار** VII ئەسىردە مەككىدە ياشىغان قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ جەمەتلەردىن بىرى . مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەنە شۇ جەمەتتىن بولۇپ ، ھاشىم ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى .

**ھەج** [ ئە . ] ھەج قىلىش ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي ركنلىرىدىن بىرى . قۇربان ئېيىدا مۇقەددەس شەھەر مەككىگە بېرىش ، ئۇ يەردىكى « مۇقەددەس جايلار » نى زىيارەت قىلىپ ، تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملارنى بېجىرىش ھەمدە قۇربانلىق قىلىش ھەج قىلغانلىق بولىدۇ . ھەجگە بارغانلار يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەدىنەدىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ . ھەج ھەج قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەجبۇرىدۇر . ئادەتتە ، ھەج قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « ھاجى » سۆزى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ ھەمدە ئۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ .

**ھەجەرۇل - ئەسۋەد** ← قاراتاش

**ھەدىس** [ ئە . ] ( رىۋايەت ) ئىسلام دىنىدا قۇرئاندىن كېيىنكى مۇقەددەس مەنبە . ھەدىستە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ، پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرى بايان قىلىنىدۇ . ھەدىسلەر VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلىشقا باشلىغان . IX — X ئەسىردە ئابرويلۇق دەپ تونۇلغان ئالتە پارچە ھەدىس توپلىمى مەيدانغا كەلگەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە « سەھىھۇلبۇخارىي » ۋە « سەھىھۇلمۇسلىم »

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ پىرى نېئمە تۇللاھنى ئۆز پاناھىغا ئالغان . نېئمە تۇللاھ شائىر ۋە بىلىملىك كىشى بولۇپ ، دىۋانلىرىدا ئىبن ئەرەبىينىڭ پانتېزمغا خاس ھەدەت ئەل - ۋۇجۇدنىڭ مىستىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلغان . X VI ئەسىردە ئىراندا شىئە مەزھىپى ھۆكۇمران ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن ، نېئمە تۇللاھ تەرىقەتى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىراندا ھازىرمۇ بار .

**نىجات** خالاس بولۇش . دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە ، ئاللانىڭ نامى بىلەن بايان قىلىنىدىغان بىر قاتار تەلەپ ۋە شەرتلەر بېجىرىلگەندە ، ئاللا تەرىپىدىن كىشىلەرگە ئىنئام قىلىنىدىغان راھەت - پاراغەت . ئىسلام دىنىدا نىجاتلىققا ئېرىشىلگۇچى كىشى ناماز ئوقۇشى ، روزا تۇتۇشى ، ھەج قىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار كۆرسەتمىلەرنى بىجىرىشى شەرت بولۇپ ، ئىخلاسمەن ، تەقۋادار كىشىلەر جەننەتتە مەڭگۇ بەخت - سائادەتلىك ھايات كەچۈرىدۇ ، دېيىلىدۇ .

**نىزامى گەنجەۋى** ( تەخمىنەن 1141 - يىلى تۇغۇلۇپ 1209 - يىلى ۋاپات بولغان ) ئەزەربەيجان شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ، ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئەخلاقى ، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە يەرنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن .

**نىكاھ** [ ئە . ] ( ئۆيلىنىش ) ئەر ۋە ئايالنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى . ئىسلام ئەنئەنىلىرى ۋە شەرىئەت قائىدە - قانۇنلىرى ئاساسىدا ئەر ۋە ئايالنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىنى قانۇنلاشتۇرۇش .

## ھ

**ھاجى** [ ئە . ] ھەجگە بارغان ، يەنى ئىسلام دىنىدا ئەڭ

ئىسلام دىنى مۇراسىملىرى ، ئادەتلىرى يوق ، مەسچىتكە ئوخشاش ئىبادەت-خانىلار بولمايدۇ . نۇسەيرىيلەر ھازىر سۇرىيە ۋە تۈركىيىدە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان .

**نۇھ** پەيغەمبەر . نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ، قۇرئاندا 43 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ . نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەس بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇزاق مۇددەت ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغان ، ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تۈرلۈك ئازار - كۈلپەتلەرنى يەتكۈزگەن . ئاللا ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ توپان بالاسىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋەھيي قىلغان ، ئۇنى توپان بالاسى يۈز بەرگەندە چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كېمە ياساشقا ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ، تەۋەلىرىنى كېمىگە سېلىشقا ، ھەر خىل ھايۋانلاردىن ئەركەك - چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان . توپان بالاسى يۈز بەرگەندە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقا بىرمۇ تىرىك جان قالماي ھالاك بولغان . شۇنىڭ ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى دېيىلىدۇ ، چۈنكى توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئەھلى زېمىننىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر .

**نېئمە تۇللاھىيلەر** [ ئە . ] (نىئمە تۇللاھىيە ) شىئە مەز-ھىپىدىكى سۇفىلىق تەرىقەتىنىڭ تەرەپدارلىرى . شىئەلەرنىڭ بەشىنچى ئىمامى مۇھەممەد بەكىر ئەۋلادىدىن دەپ ھېسابلانغان سەيىد شاھ نېئمە-تۇللاھ كىرمانىي ( 1330 - 1431 ) ئاساس سالغان . ئۇ سەمەرقەند ، ھىرات ، يەزدە ، كۆپرەك كىرماندا ياشىغان ، خانىقا ۋە مەقبەرىسى ھازىرمۇ شۇ يەردە . سۇلتان شاھروھ ( 1405 - 1447 ) نېئمە تۇللاھىيلەر ۋە ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەسكىن تەنقىد قىلغان. كىشىلەرنى ئەمگەككە، ئادالەتكە چاقىرغان، مەرىپەتلىك جەمئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان. نەۋائى كېيىنكى ئىلغار ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

**نەۋرۇز** [ پ. ت ] ( يېڭى كۈن ) ــ هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا نورۇز. شەمسىيە كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى ( مىلادىيە كالېندارى بويىچە 21 ــ مارت ). ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر نورۇز كۈنىنى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش، باهارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، دېهقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ باشلانغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك بايرام قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ.

**نۇبۇۋۋەت** [ ئە. ] ( پەيغەمبەرلىك ) بىشارەت بېرىش، ئالدىن خەۋەر بېرىش، پەيغەمبەرلىك قىلىش.

**نۇسەيرىيلەر** شىئە مەزهىپىدىكى تارماق مەزهەپلەرنىڭ بىرى. ئاساسچىسى IX ئەسىردە ئۆتكەن ئىبن نۇسەير. نۇسەيرىيلەرنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ــ شىئەلەرنىڭ بىرىنچى ئىمامى خەلىپە ئەلىنى ئىلاھلاشتۇرۇش ( شۇنىڭدىن « ئەۋلىيا » سۆزى كېلىپ چىققان )، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ئۆزى مۇجەسسەملەنگەن دەپ ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇلار قۇياش، ئاي ۋە باشقا يورۇقلۇق تارقاتقۇچى ئاسمان جىسىملىرىغا سىغىنىدۇ، جاننىڭ كۆچۈپ يۈرۈشىگە ئىشىنىدۇ. هۆكۈمران دىنىي ئېقىملار تەرىپىدىن ئەسىرلەر داۋامىدا چەكلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، نۇسەيرىيلەر ئۆز ئېتىقادىنى مەخپىي تۇتىدۇ، مۇراسىملارنى كېچىلىرى خۇپىيانە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلاردا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشتەك

**نەقىب** [ ئە . ] ( باشلىق ، يېتەكچى ، رەئىس ) ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدىغان سەيدلەر جامائەلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى ، باشلىقلىرىنىڭ لاۋازىملىرى . نەقىب لاۋازىم سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلىپىلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن . ھۆكۈمران دائىرىلەر نەقىب ئارقىلىق سەيدلەر جامائەلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغان ، ئۇلار خەزىنىدىن تەمىنلەنگەن . نەقىبلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەيدلەر جامائەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىغا يوليورۇق كۆرسىتىدىغان يېتەكچى رولىنى ئوينىغان . نەقىبلەر چەت ئەللەردە ھازىرمۇ بار ، ئۇلار سەيدلەر جامائەلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ نامىدىن دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ . سەيدلەر توپلىشىپ ياشايدىغان جايلاردا ئۇلارنىڭ ئەڭ مويسپىتى تۇرمۇش ئىشلىرىدا مەسلىھەتچى بولىدۇ ( مويسپىتلارنىڭ بەزىلىرى « نەقىب تورا » دېيىلىدۇ ) . نەقىبلىق لاۋازىمى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلمەكتە .

**نەۋائى** ئەلشىر نەۋائى ( 1441 - 1501 ) بۈيۈك مۇتەپەككۇر ، شائىر ، دۆلەت ئەربابى ، بىرقاتار دىۋانلار ، لىرىك ۋە پەلسەپىۋى داستانلار ، تارىخىي ۋە دىداكتىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى . ناۋائى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىدا شەرقنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى ئەنئەنىلىرىنى راۋاجلاندۇرغان . ئۇ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئودالىزمنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە دۇنيا قارىشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن . نەۋائى ئۆزىنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرىدا ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن ، مۇھەببەت ۋە چىن سۆيگۈنى ئۇلۇغلىغان . ئۇ ئەسەرلىرىدە رەزىللىك ، ئادالەتسىزلىك ، مەردانىلىكسىزلىكنى ، ئەكسىيەتچى دىنىي ئەربابلارنى ، شەيخلىق - زاھىدلىقنى

مۇھەممەد پەيغەمبەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھېسابلىنىدۇ.

**نەزىر** [ئە.] (ۋەدە، تەنتەنىلىك ۋەدە بېرىش، سۆز بېرىش) كىشىلەرنىڭ بىرەر دىنىي پائالىيەتنى بېجىرىشتە ياكى بىرەر نەرسىنى دىن يولىدا ھەدىيە قىلماقچى بولغاندا، ئۆز - ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسى، قىلغان ئەھدى. ئۆتمۈشتە نەزىر دىنىي كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بولۇپمۇ سۇفىلىقتا پىرلار ۋە ئىشانلارغا پۇل ياكى مالنىلا ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنىمۇ نەزىر قىلىپ بېرىشتەك ئىشلار بولغان. شۇنىڭدەك ھەجگە بېرىش ياكى بىرەر مۇقەددەس مەقبەرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدىدا، ئەھد قىلىپ قويۇشمۇ نەزىر ھېسابلانغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەزىر ئىختىيارىي ھالدا بېرىلىدىغان بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان.

**نەقشىبەندىيلىك** ئىسلامدىكى سۇفىلىق تەرىقەتلىرىدىن بىرى. باھاۋۇددىن نەقشىبەندىي ئاساس سالغان. باھاۋۇددىن ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى دەسلەپتە تەركىدۇنياچىلىق ۋە پەقىرلىقنى، ھەممە نەرسىگە مۇھەببەت بىلەن قاراش مەزمۇنىدىكى ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ زاھىدلىق ۋە پەقىرلىقتا ياشىغان. كېيىن ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، زاھىدلىق ۋە پەقىرلىقنىڭ ئورنىنى بايلىقنى ماختاش، مەۋجۇت تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە «كاپىر» لارغا قارشى «مۇقەددەس ئۇرۇش» نى تەرغىپ قىلىش ئىگىلىگەن. نەقشىبەندىيلىك تەرىقىتىگە خوجا ئەھرار باشچىلىق قىلغان دەۋرلەردە خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئەۋجىگە چىققان، ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - مەدەنىيىتىنىڭ بىرقانچىلىغان نامايەندىلىرى تۇتقۇن قىلىنغان. ھازىر بارلىق سۇفىلىق تەرىقەتلىرىگە ئوخشاش نەقشىبەندىيلىكمۇ يوقىلىپ كەتكەن.

دەتنامە » ، « زادۇل – مۇسا پىرىن » ( مۇساپىرلار ئوزۇقى ) كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى . ناسىر خۇسرەۋ مەشھۇر تەرىقەت ، ئىلاھىيەت ئالىمى ئەبۇل ھەسەن ھەررا . قانىينىڭ « ئالەم يارىلىشىدىكى ئاساس – ئىلاھىي مۇھەببەتتۇر » دېگەن كۆز قارىشىنى رەت قىلىپ ، ئىبن سىنا غايىلىرىگە ماسلاشقان ھالدا « ئالەمنىڭ ئاساسى – ئەقىلدۇر » دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ سۈننىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ تەلىماتىغا قارشى تەرغىبات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغان .

**ناماز** [ پ . ] ( سەلات ) ئىسلام دىنىغا خاس ، بېجىرىلىش پەرھىز ھېسابلانغان ئىبادەت . ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ( بامدات ، پېشىن ، ئەسىر ، شام ، خۇپتەن ) ئوقۇلىدۇ . نامازنىڭ 20 گە يېقىن تۈرى ( ھېيت نامىزى ، مېيىت نامىزى ۋە باشقىلار ) بار . نامازدا قۇرئان ئايەتلىرى ناماز ھەرىكەتلىرى بىلەن قوشۇپ بېجىرىلىدۇ . ناماز پاكىز جايدا جايىنامازدا ، جايىناماز بولمىسا پاكىز سېلىنچا ئۈستىدە ئوقۇلىدۇ . جۈمە ، ھېيت نامازلىرىنى مەسچىتتە ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ . ناماز ئوقۇش ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا باشلانغان بولۇپ ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

**نەبىي** [ ئە . ] ئىسلام دىنىدا ئاللادىن بىۋاستە ياكى جەبرائىل ئارقىلىق ۋەھىي ئالغان پەيغەمبەر نەبىي دېيىلىدۇ ، ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىش دىنىي ئەقىدىلەردىن بىرى دەپ قارىلىدۇ . قۇرئاندا ، مۇھەممەد پەيغەمبەر نەبىي دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇ ئىسلام ئەنئەنىسىدە شۇ نام بىلەن تونۇلغان . قۇرئانغا ئاساسلانغاندا ، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قەدەر كۆپلىگەن نەبىيلەر ( پەيغەمبەرلەر ) ئۆتكەن . لېكىن كىشىلەر ئۇلارنىڭ پەند – نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان ياكى ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇزغان .

رىگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلغان. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ناماز سانىنى قىسقار- تىپ بېرىش توغرىسىدا ئاللاغا ئىلتىماس قىلغان، ئاللا رازى بولۇپ، نامازنى بەش ۋاخقا قىسقارتىپ بەرگەن. رىۋايەتلەرگە كۆرە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىشى ۋە ئۇ يەردىن مېئراجگە چىقىپ مەككىگە قايتىپ كېلىشى شۇنداق تېز بولغانكى، ئۇنىڭ ياتقان ئورنى سوۋۇپ قالمىغان. مۇسۇلمانلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مېئراجگە چىققانلىقىنى ھەر يىلى رەجەپ ئېيى (ئىسلام قەمەرىيە كالىندارى بويىچە يەتتىنچى ئاي) دا خاتىرىلەيدۇ. رەجەپ بايرىمى دەپ نام ئالغان بۇ بايرام مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ھازىرمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**مىكائىل** تۆت باش پەرىشتىنىڭ (ئەزرائىل، جەبرائىل، ئىسرائىل بىلەن بىللە) بىرى، دىنىي ئەقىدىدە كائىناتنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە. ئۇ قۇرئاندا جەبرائىل بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىكائىل جەبرائىل بىلەن بىللە بىرىنچى بولۇپ ئادەم ئاتىغا سەجدە قىلغان، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى پاكلىغان. بەدرجېڭىدە مۇسۇلمانلارغا باشقا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ياردەم قىلغان.

# ن

**ناسىر خۇسرەۋ** ئەبۇمۇئىنىددىن كەبادىيانى مەرۋەزىي (1004 ـ 1088) پارس ـ تاجىك شائىرى، پەيلاسوپ، ئىسمائىلىيلار مەزھىپىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە تەرغىباتچىسى. «سەپەرنامە»، «روشنا ئىنامە»، «سائا-

شىنى كۆزىتىش، دىنىي مۇراسىملارنى بېجىرمىگەن شەخسلەرنى (مەسىلەن، رامىزاندا روزا تۇتمىغانلارنى، ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن مەسچىتكە نامازغا بارمىغانلارنى) جازالاشقا هوكۇم چىقىرىش ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە هوكۇمنى ئىجرا قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. هازىر ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان دۆلەتلەردە مۇهتەسىب باشقا نام بىلەن ئاتالسىمۇ، شۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلار هازىرمۇ بار.

**مۆمىنلەر** [ئە] (ئېتىقاد قىلغۇچىلار، دىنغا ئىشەنگۈچىلەر) «قۇرئان» دا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا كىتابلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتىلىشى. مۆمىن ــ ئاددىي خەلق تىلىدا ياۋاش، مۇلايىم ئادەم دېگەن مەنىنىمۇ بىرىدۇ.

**مېهراب** [ئە] (سەجدىگاھ) مەسچىت ئىچىدە مەككە (كەئبە) تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان جاي. مېهراب هەر بىر مەسچىتتە بار بولۇپ، ناماز ئوقۇغاندا قىبلىنى بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**مېئراج** [ئە] (شوتا، كۆتۈرۈلۈش) ئىسلام ئەنئەنىسىگە كۆرە مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، روهىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى. مۇهەممەد پەيغەمبەر بىر كېچىدە جەبرائىلنىڭ باشلىشى بىلەن بۇراق (ئىلاهى ئات) قا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ يەتتىنچى ئاسمانغا چىققان. يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ يەتتە ئىشىكىدىن ئۆتكۈچە ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ــ ئادەم ئاتا، يەهيا، ئىسا، يۇسۇپ، ئىدرىس، هارۇن، مۇسا، ئىبراهىملار بىلەن ئۇچراشقان. كېيىن ئاللانىڭ هوزۇرىدا بولغان. ئاللا ئۇنىڭغا ۋە ئۇممەتلىـ

شۇ زىيارەتتىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ، ئۆز ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىندۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن ئەبۇ بەكرى ئاللا ئەلچىسىنىڭ ئورۇنباسارى (خەلىپە) نامى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

**مۇئتەزىلىيلەر** (ئايرىلىپ چىققۇچىلار) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئىلاھىيەت ئېقىملىرىنىڭ بىرى، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب خەلىپىلىكىدە پەيدا بولغان. دەسلەپكى ئاساسچىسى ۋاسىل ئىبن ئەتا (699 ـ 748) ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن مەئمۇن، مۇئتەسىم ۋە ۋائىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (827 ـ 851) مۇئتەزىلىيلەر تەلىماتى خەلىپىلىكتە رەسمىي ئېتىقاد سۈپىتىدە تونۇلغان. مۇتەۋەككىل (847 ـ861) دەۋرىدە بۇ تەلىمات چەكلەنگەن. مۇئتەزىلىيلەر ئۆزلىرىنى بىر خۇدالىق (تەۋھىد يەنى ۋەھدانىيەت) ۋە ئادالەت (ئەدل) تەرەپدارلىرى دەپ ئاتىغان. مۇئتەزىلىيلەرنىڭ ئىلاھىيەت تەلىماتى ئاللانى ۋە ئۇنىڭ ئادالەتلىكىنى، قۇرئاننىڭ ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ھەمدە ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا، فاتالىزم (تەقدىرگە ئىشىنىش) نى ئىنكار قىلىشقا ئاساسلانغان. بۇ ئېقىم دائىم چەكلىنىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن XI - XII ئەسىرلەردە ئىراق، ئىراندا، XIII - XIV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يوقىلىپ كەتكەن. زەمەخشەرىي ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى.

**مۇھتەسىب** [ئە.] (نازارەت قىلغۇچى) ئوتتۇرا ئەسىردە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە بولىدىغان ئىسلام مۇراسىملىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ بېجىرىلىشىنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلارنىڭ بىرى. مۇھتەسىبلەر بازارلاردىكى نەرخ ـ ناۋا، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ توغرىلىقى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، ئۆرۈپ ـ ئادەتلەرنىڭ بېجىرىلە-

مال قىلغۇچىلارنى ھالىدىن كەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بارگاھىدا ئىختىلاپ ـ
نىزالار يۈز بېرىپ، ئاخىرى مەدىنە قامالى بىكار قىلىنىدۇ. بۇ غەلىبە مەدىنە
جامائەسىنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ـ يېڭى قەبىلىلەر
قوشۇلىدۇ. ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلى مەككىلىك قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى
مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھۆدەيـ
بىيەدە مۇھىم سۈلھى تۈزۈلىدۇ. سۈلھىگە ئاساسەن، مەككىلىكلەر كېلەر
يىلدىن باشلاپ مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەئبە زىيارىتىگە توسقۇنلۇق قىلـ
ماسلىق، ئۇلار مەككىگە كەلگەن كۈنلىرى شەھەردىن تاشقىرىغا چىقىپ
تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەدىنىلىكلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇـ
نىڭدىن كېيىن مەككە كارۋانلىرىغا تەگمەيدىغان بولىدۇ. بۇ دەۋرگە
كەلگەندە، مەككىنىڭ غەربىي ئەرەبىستاندىكى سىياسىي تەسىرى زەئىپلىـ
شىشكە قاراپ يۈزلەنگەنىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەككە ھۆكۈمران
دائىرىلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر جامائەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
مۇستەھكەملەش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە مەدىنەگە
قارشى كۈرەشنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سۇفيان ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىگە ئۆتىدۇ. 630 ـ يىلى
مەككە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە جەڭسىز تەسلىم بولۇپ، ئىسلامنىڭ دىنىي
مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. بۇ يەرگە زىيارەت (ھەج) قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ
ئاساسلىرىدىن بىرى، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. 631 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئاـ
رىلىدىكى كۆپ قەبىلىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بوي سۇنۇپ ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 10 ـ يىلى (632 ـ يىلى مارت)
مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەككىگە بىرىنچى ۋە
ئاخىرقى قېتىم زىيارەت (ھەج) گە بارىدۇ. بۇ زىيارەت مەككىنىڭ ئىسلام
دىنى مەركىزى سۈپىتىدىكى ئورنىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىدۇ. ئەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن يەسرىبلىق (مەدىنەلىك) ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا سادىقەتلىك بىلدۈرىدۇ ھەم ئۇنى يەسرىبكە كۆچۈپ بېرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاۋۋال مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سەپداشلىرى (ساھابىلەر) ئۆز ئائىلىلىرى بىلەن قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىدىن مەخپىي رەۋىشتە گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا بولۇپ كۆچىدۇ. ئاخىرىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يېقىن كىشىلىرى بىلەن كۆچىدۇ. 622 ـ يىلى يۈز بەرگەن بۇ كۆچۈش (ھىجرەت) دىن مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى ــ ھىجرىيە يىل ھېسابى باشلىنىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆچۈپ كەلگەچكە، يەسرىب شەھىرى مەدىنە ئەن ـ نەبىي (پەيغەمبەر شەھىرى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەلچىسى ــ پەيغەمبەر دەپ تونۇلىدۇ. مەدىنەدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەتراپىدا ئۇيۇشقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار جامائەسى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ جامائە ئەرەبىستاندا ئەزەلدىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن قان ـ قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت ئۇرۇق ـ قەبىلىچىلىك بىرلەشمىلىرى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى دىنىي تەلىمات ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەينى ۋاقىتتا، جامائەنىڭ دىنىي، مۈلكى ھەم ھەربىي رەھبىرى ئىدى. ھىجرەتتىن كېيىنكى بىر قانچە يىل داۋامىدا جامائە ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. 622 ـ يىلدىكى بەدرى غازىتى، 625 ـ يىلدىكى ئوھۇد غازىتىدىن كېيىن، 626 ـ يىلى مەككىلىكلەر مەدىنەلىكلەرگە ئۈزۈل ـ كېسىل زەربە بېرىش مەقسىتىدە زور قوشۇن تارتىپ يولغا چىقىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنەنى ئۈزۈنغا سوزۇلىدىغان قامال-شارائىتىغا تەييارلايدۇ، شەھەر ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەكلەر قېزىلىدۇ، ئۇ يەرگە يوشۇرۇن كۈچلەر جايلاشتۇرۇلىدۇ. قەھرىتان قىش ۋە سوغۇق شامال قا-

خەدىچەگە ئۆيلەندۇ. بۇ ۋاقىتتا خەدىچە قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئاۋۋالقى ئىككى قېتىملىق تۇرمۇشىدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى. خەدىچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئىككى ئوغۇل ۋە تۆت قىز كۆرگەن. تۇنجى ئوغلى قاسىم ئىككى يېشىدا، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇللا گۆدەك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن، قىزلىرى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممە گۇلسۇم ۋە فاتىمەلەردىن پەقەت فاتىمەلا مۇھەممەد پەيغەبەر ئەۋلادىنى داۋام ئەتتۈرگۈچى بولۇپ قالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر قىرىق يېشىدا مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشنى باشلايدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە خەدىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب، ھەمدە ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبن ھارىسە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. كۆپ ئۆتمەي، مەككىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق سودىگەرلىرىدىن ئەبۇ بەكرى، زۇبەير، تەلھە، سەئىد ئىبن ئەبۇ ۋەققاس ۋە ئابدۇرەھمان ئىبن ئەۋف، ئوسمان ئىبن ئەففان مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىغا قوشۇلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جامائەسى دەسلەپتىكى مەزگىللەردە 50 كىشىدىن ئاشمىغان. مەككىنىڭ قالغان ئاھالىسى، بولۇپمۇ نوپۇزلۇق قۇرەيشلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىققان. نەتىجىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ھەبەشىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر جامائەسىگە جەسۇر جەڭچىلەر سۈپىتىدە تونۇلغان ھەمزە بىلەن ئۆمەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ قوشۇلۇشى جامائەنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئەمما، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا بولغان دۈشمەنلىكى ئاجىزلاشمايدۇ. 620 - يىلى خەدىچەنىڭ، كېيىن ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەككىدە ۋەزىيەت يامانلىشىدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەر خەتەر ئاستىدا قالىدۇ. ھەر يىلقى ئەنئەنىۋى مەككە زىيارىتىگە

نىڭ بۇ ۋاقىتتىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى پائالىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان . لې-كىن ، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە (1889 ـ 1905 ) ئۆز غايىسىدىن چېكىنگەن ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ، ئازاد-لىقتا ئېرىششنىڭ ئاساسىي يولى ئىسلاھاتچىلىق ۋە مەرىپەت تارقىتىشتىن ئىبارەت ، دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە ئۆتكەن . مۇھەممەد ئەبدا ئىسلاھات ئار-قىلىق ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى بۇرژۇئازىيە مەنپەئىتىگە ماسلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان . قۇرئاننى يېڭىچە چۈشەندۇرۇپ ، تەقدىرنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئىلاھىيەت تەلىماتىنى ئىنكار قىلغان . بەزى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە چەكلىمىلەرنى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىپ ، شۇ مەزمۇندا پەتىۋالار چىقارغان. مۇھەممەد ئەبدا 30 غا يېقىن دىنىي ، پەلسەپىۋى ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان .

**مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللا** (570 ـ 632) ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلغۇچى ، ئاللانىڭ ئەلچىسى ، پەيغەمبەر . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ، ئانىسى ئامىنە بولسا ، ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە ۋاپات بولغان . مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان بوۋىسى ئابدۇل مۇتتەلىبمۇ كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بول-غاندىن كېيىن ، ئۇنى تەربىيىلەشنى تاغىسى ئەبۇتالىب ئۈستىگە ئالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر 12 ياشقا كىرگەندە ئەبۇ تالىبنىڭ سودىگە قىلغان سەپىرىگە قاتناشتى . يىگىرمە بەش يېشىدا ئەبۇ تالىب ئۇنى ئەسەد جەمەتىدىن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى ، باي ، ئېسىل ئايال خەدىچەنىڭ سودا ئىشلىرىغا ھەمكارلىششقا تەۋسىيە قىلدى . خەدىچەنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەممەد پەيغەمبەر يەنە سودىگە سەپەر قىلدى ، ھەلەب ۋە دەمەشقلەرگە باردى . 595 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر

دىغان ئالىم . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەدىسلەرنى توپلاش ئەنئەنىگە ئايلانغان ، نەتىجىدە ئالىملارنىڭ مەخسۇس ھەدىسلەرنى توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسمى مۇھەددىس دەپ نام ئالغان . ھەدىس توپلاملىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئىناۋەت قازىنىپ ، مۇھەددىسلەر (مەسىلەن، مۇھەممەد بۇخارىي ، مۇسلىم نىشاپۇرىي ، ئىبن ماجە ۋە باشقىلار ) ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان .

**مۇھەررەم** [ ئە . ] (چەكلەنگەن ) قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ ئاي كالىندارىدا ، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە يىل ھېسابىدا بىرىنچى ئاي — مۇھەررەم ئېيى ، ئىسلامدىن ئىلگىرىمۇ ئەرەبلەردە مۇقەددەس ئاي دەپ قارالغان، شۇڭا بۇ ئايدا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش - جېدەل قىلىش ، قان تۆكۈش چەكلەنگەن . بۇ مەزمۇن مۇھەررەم ئېيىنىڭ نامىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ . مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى ئون كۈنىدە شىئەلەر ئىمام ھۆسەيىننى ياد ئېتىپ ماتەم تۇتىدۇ ، تۇرلۇك دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ .

**مۇھەممەد ئەبدا** (1849 ـ 1905 ) مىسىرلىق ئىلاھىيەتچى ، ئىسلام دىنى ئىسلاھاتچىسى . 1879 ـ 1882 يىللاردىكى مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۆرىشىگە قاتناشقان . 1883 ـ 1889 يىللىرى سۈرگۈن قىلىنىپ ، ئۇزۇن ۋاقىت سۈرىيىدە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ياشىغان . 1884 ـ يىلى پارىژدا جامالىدىن ئەففانىي بىلەن بىللە «ئەل ـ ئۇرۋەتۇل ـ ۋۇسقا »(مۇستەھكەم بىرلىك ) ناملىق گېزىت نەشر قىلغان. 1889 ـ يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىپ ، ئەزھەر مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ، شۇ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مىسىرنىڭ مۇفتىسى بولغان. مۇھەممەد ئەبدا ئۆز پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە (1872 ـ 1889 ) مىللىي مۇستەقىللىك غايىسىنىڭ تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

ئاساسلانغان تەلىماتنى تەرغىپ قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلگەن.

**مۇلھىد** [ ئە. ]خۇداسىز، ئاتېئىست، دەھرىي، كاپىر سۆزىنىڭ مەنىداش شەكلى.

**مۇنافىقلار** [ ئە] (ئىككى يۈزلىمە) ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مۇناپىق. ئىسلام تارىخىغا خاس ئاتالغۇ. كۆرۈنۈشتە دىننى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئاۋۋالقى قەبىلىۋى دىنغا سىغىنىشنى داۋاملاشتۇرغانلارغا نىسبەتەن قوللىنىلغان. مۇناپىقلار ئاتالغۇسى قۇرئاننىڭ مەككە دەۋرىگە خاس دەسلەپكى سۈرىلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەدىنە دەۋرىدە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قىلىپ كۆرسىتىپ، جەڭلەردە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەرمىگەن قەبىلىلەرمۇ مۇناپىقلار دەپ ئاتالغان.

**مۇنبەر** مەسچىتتە ئىمام ۋەز ئېيتىدىغان جاي، سۇپا.

**مۇنكىر ۋە نەكىر** ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىگە كۆرە، ئۆلگەنلەرنى قەبرىدە دەسلەپكى سوراق قىلغۇچى، ئۇلاردىن باقى ئالەمدىكى قىلمىشلىرى توغرىسىدا ھېسابات ئالغۇچى ۋە قىلغان گۇناھلىرىغا قاراپ جازالىغۇچى پەرىشتىلەر.

**مۇھاجىرلار** [ئە.] (كۆچۈپ كەلگەنلەر) ئىسلام تارىخىدا، مەككىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، 622 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىللە مەدىنەگە كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلار.

**مۇھەددىس** [ئە.] (ھەدىسشۇناس) ھەدىسلەرنى توپلاش، تاللاش (دىنىي تەلىمات نۇقتىئىينەزەرىدە تۇرۇپ «ئىشەنچلىك» ۋە «مۇۋاپىق ئەمەس» لىرىنى ئايرىش) ۋە شەرھلەش بىلەن شۇغۇللىنى-

تۇغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىپ، مۇشرىكلىققا قارشى تۇرغان. ئىسلام دىنى تەلىماتى مۇشرىكلىققا قارشى كۈرەش جەريانىدا شەكىللەنگەن.

**مۇفتى** [ئە] (پەتىۋا بەرگۈچى، دىنىي مەسىلىلەردە قارار چىقارغۇچى) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مۇپتى. سۈننىي مەزھىپىدىكىلەردە ئالىي مەرتىۋىلىك كىشى. مۇفتى دىنىي، قانۇنىي مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش، شەرىئەتكە تەتبىقلاش قاتارلىق مەسىلىلەردە ھەل قىلغۇچ ھوقۇققا ئىگە. ئادەتتە مۇفتىنىڭ پىكىر ۋە قارارلىرى پەتىۋالاردا بايان قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قوللانما قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە مۇفتىلىق ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغان رەسمىي لاۋازىم ھېسابلىنىدۇ.

**مۇقەررىبۇن** (يېقىن تۇرغۇچىلار) قۇرئاندىكى تۆت باش پەرىشتە (جەبرائىل، ئەزرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل)نىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار ئىسلام ئەقىدىلىرىدە ئاللاغا ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەر دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**مۇقەللىدلەر** ← تەقلىد

**مۇقەننە** (783 ـ يىلى ۋاپات بولغان) VIII ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 يىللىرى ماۋرائۇننەھىردە ئەرەب خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ باشلىقى. ئەسلى ئىسمى ھاشىم ئىبنى ھەكىم بولۇپ، يۈزىگە كۆك پەردە تارتىپ يۈرگىنى ئۈچۈن «مۇقەننە» (نىقابلىق) لەقىمى بىلەن تونۇلغان. مۇقەننە 759 ـ يىلى خوراسان ئەمىرىنىڭ ئەرەب خەلىپىسىگە قارشى ئىسيانىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان. زىنداندىن قېچىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماۋرائۇننەھردە ئەرەب خەلىپىلىكىگە قارشى ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغان. مۇقەننە ئوقۇمۇشلۇق، بىلىمدان ئادەم بولۇپ، مەزدەكىيلەر غايىلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارقالغان. ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ھازىر دۇنيادا 900 مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان بار.

**مۇسەننەف** [ئە] (تاللاپ ئېلىنغان، تاللانغان) ھەدىس توپلاملىرىنىڭ مەخسۇس تۈرى. ئۇنىڭدا ھەدىسلەر مۇسنەد تۈردىكى توپلاملاردىن پەرقلىق ھالدا تېمىلار بويىچە توپلانغان. شۇڭا مۇسەننەف توپلاملىرىدىن مەلۇم مەسىلە ياكى تېمىغا ئائىت ھەدىسنى ئاختۇرۇپ تېپىش ئاسانراق. تارىختا مۇسنەد بۇرۇنراق، مۇسەننەف كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن. بۇخارىي، مۇسلىم، ئىبن ماجە، ئەبۇداۋۇد، تەرمىزى، نىسائىي ھەدىس توپلاملىرى مۇسەننەف تۈردىكى توپلاملارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**مۇشەببەھە** [ئە] (ئوخشاتقۇچىلار، ئوخشىتىش تەرەپدارلىرى) ئىسلام ئەقىدىسىدە، خۇدانى ئادەمگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدىغان تەلىمات تەرەپدارلىرى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئىلاھىيىتى – كالام مۇشەببەھە تەرەپدارلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان ۋە ئۇلارنى بۇتقا سىغىنغۇچىلار (مۇشرىك) دەپ ئاتىغان.

**مۇشرىكلىق** [ئە] (شېرىك قىلىۋېلىش، خۇدانىڭ شېرىكى بار دەپ تونۇش) كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ساددا شەكلى. مۇشرىك قەبىلىلىرى تۈرلۈك بۇت، تاش ۋە باشقا نەرسىلەرگە، شۇنىڭدەك ئەر ۋە ئايال خۇدالارغا ئېتىقاد قىلغان. مۇشرىكلىق ئاتالغۇسى قۇرئاندا خۇدانىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ شېرىكلىرى بار، يەنى خۇدا كۆپ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان قەبىلىۋى دىن تەلىماتىغا نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر خۇدانىڭ بىرلىكى

دەپ ئاتالغان.

**مۇسلىم** [ ئە. ] ( بويسۇنغۇچى، مۇسۇلمان ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى ( مۇسلىمۇن ) نى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش جەريانىدا، ئىراندا مۇسەلمان، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇسۇلمان ئاتالغۇلىرى كېلىپ چىققان.

**مۇسنەد** [ ئە. ] ( ئاساسلانغان، دەلىللەنگەن ) ھەدىس توپلاملىرىنىڭ دەسلەپكى تۈرى. مۇسنەدتە ھەدىسلەر ھەدىسنى بىر - بىرىدىن ئاڭلىغان شەخسلەرنى تەرتىپكە تۇرغۇزغان ئاساستا ( ھەر بىر ھەدىس ئۇنى خەۋەر قىلغان شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ ) ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇ مۇشۇ تەرىپى بىلەن مۇسەننەفتىن پەرقلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى — مالىكىيە ۋە ھەنبەلىيە مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسچىلىرى مالىك ئىبن ئانەس ۋە ئىبن ھەنبەللەرنىڭ ھەدىس توپلاملىرى مۇسنەد تۈرىدىكى توپلاملاردۇر.

**مۇسھەف** [ ئە. ] ( كىتاب، توپلام ) قۇرئاننىڭ قەدىمكى قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. قۇرئاننىڭ 651 - يىلى خەلىپە ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن توپلانغان نۇسخىسى مۇسھەف دەپ ئاتالغان. كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ھەرقانداق قولىيازمىسىنى مۇسھەف دەپ ئاتاش ئادەت تۈسىگە كىرگەن. تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان قۇرئاننىڭ VII ئەسىردىكى قەدىمكى قولىيازمىسى مۇسھەف نۇسخىلىرىنىڭ بىرى.

**مۇسۇلمان** ← مۇسلىم.

**مۇسۇلمانلار** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق. سان جەھەتتىن ئەرەبلەر ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆپ-چىلىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىگە، ئاز قىسمى باشقا دۆلەتلەرگە

ئۇلار جاماەت پىكرىنى شەكىللەندۈرۈشتە، قىسمەن سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

**مۇسا** مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋن ۋەلىد ئىبن مۇسئەبنىڭ دەۋرىدە تۇغۇلغان. ئۇ بوۋاق چېغىدىن باشلاپ، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن زالىم فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. كېيىن مىسىردىن ئايرىلىپ مەدىيەنگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ئاللادىن ۋەھىي كېلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى باشلىنىدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا فىرئەۋننى بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاللا تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتەلىغان ئىككى خىل مۆجىزە ئاتا قىلغان: بىرى، ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغانلىقى، يەنە بىرى، قولىنىڭ ئاپئاق، نۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى ئىدى. فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ. فىرئەۋن ئاخىرى ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن دېڭىزدىن يول ئېچىپ ئۆتكەن يولدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، دېڭىز سۈيى قوشۇلۇپ، پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە مۇسا ئەلەيھىسسالام 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

**مۇسەيلىمە** (ئەسلى ئىسمى مەسلەمە، 633 - يىل ۋاپات بولغان) ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئىسلامدىن ئىلگىرى يەككە خۇدالىقنى تەرغىپ قىلغان ھەنىفلەردىن بىرى، يەمامە ۋادىسىدا ياشىغان بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ دىنىي رەھبىرى. خەلىپە ئەبۇبەكر دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قەبىلىگە قارشى ئۇرۇشىدا ھالاك بولغان. مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كېيىنكى دەۋردىكى دىنىي ئەدەبىياتتا كەمسىتىلىپ مۇسەيلىمە (مەسلەمە ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەبچە كىچىكلىتىلگەن شەكلى)

**مۇرتەد** [ ئە . ] ( ئارقىغا قايتقان ، چېكىنگەن ) ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن ، ۋاز كەچكەن ، چېكىنگەنلەر مۇرتەد دەپ ئاتالغان . دىنىي ئەقىدە بويىچە ئۇلار ئەڭ چوڭ گۇناھ ( كەبىرە ) ئۆتكۈزگەن دەپ قارىلىدۇ .

**مۇرجىئىيلار** [ ئە . ] ( كېچىكتۈرمەك ) VII - VIII ئەسىرلەردە پەيدا بولغان ئىلاھىيەت ئېقىمى تەرەپدارلىرى . خەلىپىلىكتە ئۇمەۋىيلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش كۈچەيگەن دەۋردە ، ئىلاھىيەتتە گۇناھكارلار ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم مەسىلىلەردىن بولۇپ قالغان . خاۋارىجلار چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى دەرھال جازالاشنى تەلەپ قىلغان ، مۇرجىئىيلار بولسا جازانى كېچىكتۈرۈشنى ياقلىغان ، ئۇلارنىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان . سىياسىي كۈرەشتە خاۋارىجلار ئۇماۋىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغان ، مۇرجىئىيلار ئۇلارنى ھىمايە قىلغان . ئۇمماۋىيلار مۇنقەرز بولۇپ ، 750 - يىلى ئابباسىيلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، بۇ ئېقىم تەرەپدارلىرى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن .

**مۇرشىد** [ ئە . ] ( توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ) سۇفىلىقتا مۇرىدلارنىڭ رەھبىرى .

**مۇرىد** [ ئە . ] ( ئەگەشكۈچى ) پىر ياكى ئىشان ( مۇرشىد ) غا قول بېرىپ ، سۇفىلىق يولىغا ماڭغان شەخس . مۇرىد ئۆز پىرىگە سۆزسىز ئىتائەت قىلىشى ، خىزمەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشى كېرەك . مۇرىدلىق ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئىتائەتمەنلىكتە ساقلاشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولغان . مۇسۇلمان ئەللىرىدە سۇفىلىق تەرىقەتلىرى ۋە مۇرىد - مۇرشىدلىق ھازىرمۇ كەڭ تارقالغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەشھۇر زىيارەتگاھلار ( مەقبەرە، مازار ۋە باشقىلار ) نى، ئۇلاردىن كىرگەن كىرىمنىمۇ باشقۇرىدۇ.

**مۇجاھىد** [ ئە . ] ( جەڭچى، ئەسكەر، ئۇرۇش قىلغۇچى ) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇجاھىد خۇدا يولىدا جەڭ قىلغۇچى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى ياكى تەشكىلاتلىرى بىرەر ئۇرۇشنى جىھادى غەزەۋات دەپ پەتىۋا بەرگەن ئەھۋالدىلا، شۇ ئۇرۇشنىڭ قاتناشقۇچىلىرى مۇجاھىد ھېسابلانغان.

**مۇجتەھىد** [ ئە . ] ( تىرىشقۇچى، غەيرەت قىلغۇچى ) ئىسلام دىنىنىڭ جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئالىمى. سۈننىيلەردە دىنىي - ھوقۇقى تارماق مەزھەپلەرنىڭ ئاساسچىلىرى، شىئەلەردە يۇقىرى مەرتىۋىلىك روھانىيلار ۋە دىنىي قانۇنشۇناسلار مۇجتەھىد دەپ ئاتالغان.

**مۇدەررىس** [ ئە . ] ( دەرس بەرگۈچى، ئوقۇتقۇچى ) مەدرىس ئوقۇتقۇچىسى. بۇرۇن مۇدەررىسلەر مۇئەييەن ئىلاھىيەت پېنىدىن دەرس بەرگەن. ھازىر مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى مەدرىس ۋە دىنىي داشۆلەردە دىنىي بىلىمدىنلا ئەمەس، پەننىي بىلىمدىن دەرس بەرگۈچىلەرمۇ مۇدەررىس دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇرابىتلار** [ ئە . ] ( رەبەتتا - پاناھلىنىپ ياشىغۇچىلار ) شىمالىي ئافرىقىدىكى زاھىد، دەرۋىشلەرنىڭ ھەربىيلەشكەن دىنىي جامائەسىنىڭ ئەزالىرى. مۇرابىتلار XI — XII ئەسىرلەردە ماراكەشنى ئىشغال قىلغان ۋە ئەلمۇرا ۋىيلارنىڭ فېئودال سۇلالىسىگە ئاساس سالغان، كېيىن ئەۋلىيالار، يولباشچىلار ۋە دەرۋىشلەر جامائەلىرىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى مۇرابىتلار دەپ ئاتالغان.

قىيىن ئاتىسى، قېيىن ئانىسىنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى، چوڭ - كىچىك دادىلىرى، بوۋىسى، قېيىن ئاكا، قېيىن ئىنىلىرى، ئېرىنىڭ تاغىسى قا- تارلىقلار مەھرەمگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن يىراق بولغان ئەركەك قېرىنداشلار ۋە يات ئەركەكلەر نامەھرەم ھېسابلانغان. شۇ تۈپەيلىدىن شەرىئەتتە مەھرەم ۋە نامەھرەم چۈشەنچىسى مەيدانغا كەلگەن. ئاياللارنىڭ مەھرەم دائىرىسىگە كىرگەن ئەركەكلەر بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن.

**مەھزۇر** ← ھارام

**مەھشەر** [ئە.] (توپلىنىدىغان، يىغىلىدىغان جاي) ئىسلام ئەقىدىسىدە، دۇنيا تۈگەپ ئىنسانلار قايتا تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىلىدىغان ۋە سوراق قىلىنىدىغان جاي.

**مەھكەمە** [ئە.] (ھۆكۈم چىقىرىدىغان جاي، سوت) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مەھكىمە. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە شەرىئەت سوتى ئىش بېجىرىدىغان جاي، بىنا.

**مەۋلەۋىيلەر** XIII ئەسىردە مەشھۇر پارس شائىرى جالا- لىدىن رومىي ئاساس سالغان سوپىلىق تەرىقەتى. جالالىدىن رومىي مەۋلانە دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭدىن تەرىقەت نامى ئېلىنغان. مەۋلەۋىيلەر تە- رىقەتى ئاساسەن تۈركىيىدە كەڭ تارقالغان. دەسلەپكى مەزگىلدە ئىرانغا تارقىلىپ، ئۇ يەردە چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كەتكەن. جالالىدىن رومىينىڭ مەقبەرىسى كانىيا شەھىرىدە.

**مەۋلىد** [ئە.] (تۇغۇلۇش، پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مەۋلۇت. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇل- غان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي بايرام. رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مەھدىي** [ ئە . ] ( ئاللا تەرىپىدىن توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچى ) ئىسلام دىنىدا زامانە ئاخىر بولغاندا يەرگە قايتىپ كېلىپ ئادالەت ئورنىتىدۇ ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان پەيغەمبەر . شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ مەھدىيگە بولغان ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك ، ئۇنىڭ تەسىرىدە مەھدىي ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار سۈننىي مەزھىپىگىمۇ تارقالغان .

**مەھدىيلىك** زامانە ئاخىر بولىدىغانلىقى ۋە مەھدىينىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دىنىي تەلىمات . زامانە ئاخىر بولغاندا « غايىپ بولغان ئىمام » – مەھدىي يەرگە قايتىپ كېلىپ ئادالەت ئورنىتىدۇ ، دېگەن ئەقىدە دەسلەپ شىئەلەر ئارىسىدا كېلىپ چىققان ، كېيىنرەك بۇ تەلىمات سۈننىيلەرگىمۇ ئۆتكەن . ئىسلام مەملىكەتلىرىدە مەھدىيلىك غايىلىرىدىن فېئودالىزمغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرىمۇ پايدىلانغان . مەسىلەن ، ئىراندا پارتىلىغان بابىلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى ئەلى مۇھەممەد ( باب ) ۋە 1881 – سۇداندا دېھقانلار ۋە كۆچمەنلەرنىڭ يەرلىك ۋە چەت ئەل فېئوداللىرىغا قارشى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان مۇھەممەد ئەھمەد ( 1848 – 1885 ) ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنى مەھدىي دەپ ئېلان قىلغان .

**مەھر** [ ئە . ] ( كېلىنگە بېرىلىدىغان مۈلۈك ) مۇسۇلمانلاردا نىكاھ ۋاقتىدا كۈيئوغۇل تەرەپتىن كېلىنگە سوۋغا قىلىنىدىغان مۈلۈك . مەھر بېرىش ئادىتى شەرىئەتتە قانۇنلاشتۇرۇلغان . ھازىر بۇ ئادەتنى تامامەن يوقىلىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ .

**مەھرەم** [ ئە . ] ( قېرىنداش ) شەرىئەتكە خاس ئاتالغۇ . ئايالنىڭ يۈزى ئوچۇق ھالدا كۆرۈنۈشكە بولىدىغان ئەركەك يېقىن قېرىنداش – تۇغقانلىرى . ئايالنىڭ ئاتىسى ، ئاكا – ئۇكىلىرى ، تاغىلىرى ،

جازا بەلگىلەنمىگەن.

**مەككە** سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەھەر. ئىسلام دىنى پەيدا بولغانغا قەدەر، مەككە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ دىنىي ۋە چوڭ سودا مەركىزى بولغان. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلا، مەككىدىكى كەئبە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ زىيارەت مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە قەبىلە خۇدالىرىنىڭ سەنەملىرى ( بۇتلىرى ) ساقلانغان. VII ئەسىردە ئىسلام دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەككە ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە، كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىغا ئايلانغان. مەككە ئاھالىسى ئاساسەن دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇملارنى تەييارلاش ۋە ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرگە خىزمەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەككىگە ھەر يىلى بىر مىليوندىن بىر يېرىم مىليونغىچە مۇسۇلمان زىيارەت (ھەج قىلىش ) كە كېلىدۇ.

**مەلامەتىيلەر** سۇفىلىق تەرىقەتلىرىدىن بىرىنىڭ تەرەپدارلىرى. سۇفىلىقنىڭ ئايرىم تەرىقەتلىرى ( خۇسۇسەن IX — X ئەسىرلەردە خوراساندا تارقالغان تەرىقەتلەر ) دە، سۇفىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن سەمىنۇن بولۇشى، مەغرۇرلىنىشى تەرىقەت يولىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، سۇفى ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاشكارا قىلماستىن، ئادەملەرنىڭ ماختىشى ۋە ھەمخورلۇقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە سەۋەب بولىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىشى، ئۆزىگە نىسبەتەن غەزەپ ۋە نەپرەت پەيدا قىلىدىغان ھالدا ھايات كەچۈرۈشى كېرەك، دېگەن تەلىمات مەيدانغا كەلگەن. بۇ يولدا ماڭغان سۇفىلار كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بىئەدەبلىكى، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلمەسلىكى بىلەن غەزەپ - نەپرەتكە ( مالامەتكە ) دۇچار بولغان، تەرىقەتنىڭ نامى شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، تۈركىيە ۋە باشقا جايلاردا كەڭ تارقالغان.

**مەشھەد** ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى شەھەر. شەھەردە تارىخىي يادىكارلىقلاردىن IX ئەسىردە ياسالغان ئەلى ئەر – رىزا مەقبەرىسى، مەقبەرە يېنىدىكى ناھايىتى چوڭ كۈتۈپخانا، 1405 – يىلدىن 1418 – يىلغىچە سېلىنغان گوھەرشاد مەسچىتى، مەدرىسىلەر ساقلانغان. XX ئەسىردە قۇرۇلغان بىنالاردىن نادىر شاھ مەقبەرىسى (1961 – يىل ياسالغان) ۋە باشقىلار بار. مەشھەددە ئىمام رىزا مەقبەرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدىن بىرى ۋە زىيارەتگاھى بولۇپ كەلمەكتە.

**مەقام** [ئە.] (جاي، ئورۇن، مەنزىل) سۇفىلىقتا خاس ئاتالغۇ، ھەر بىر سۇفى بېسىپ ئۆتۈشى لازىم بولغان باسقۇچ. تەرىقەتتە مەقاملارنىڭ سانى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. لېكىن، كۆپ ھاللاردا تۆت مەقام، يەنى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما، سۇفىلىقنىڭ ئايرىم مەشھۇر نامايەندىلىرى مەقاملارنىڭ سانىنى ئۇنىڭدىن كۆپ دېيىشكەن. مەسىلەن، فەرىد دىن ئەتتار يەتتە مەقام، ئەل – غەزالىي توققۇز مەقامنى تەرىپلىگەن. ھەر بىر مەقام ئۆز نۆۋىتىدە بىر قانچە كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن (ئايرىم سۇفىلاردا بۇ باسقۇچ سەككىزدىن ئونغىچە كۆرسىتىلگەن) ھەم بۇ باسقۇچ مەنزىل دەپ ئاتالغان.

**مەكرۇھ** [ئە.] (يىرگىنچلىك) شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى (پەرھىز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، مۇباھ، ھارام بىلەن بىللە) دىن بىرى. قەتئىي چەكلەنمىگەن، لېكىن توغرا كەلمەيدىغان ئىش – ھەرىكەتلەر مەكرۇھ ھېسابلانغان، بۇنداق ئىش – ھەرىكەتلەر ئۈچۈن

مانلار ھەج قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ .

**مەسجىد** [ ئە . ] ( سەجدە قىلىنىدىغان جاي ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مەسچىت . مۇسۇلمانلار جەم بولۇپ ، ناماز ئوقۇيدىغان جاي ، ئىبادەتخانا . بىرىنچى مەسچىتنى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنەدە بەرپا قىلغان . مەسچىتلەر دەسلەپ شەھەرلەردە ، كېيىنرەك يېزا ، مەھەللىلەردە قۇرۇلغان . مەسچىتلەرنىڭ مەككىگە قارىغان ( قىبلە ) تەرىپىدە مېھراپ ، ھويلىسىدا كۆل ، بىر ياكى بىرقانچە مۇنار بولىدۇ . ئايرىم چوڭ مەسچىتلەردە مېھراپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋەز ئېيتىدىغان مەخسۇس مۇنبەر ، بەزىلىرىدە قۇرئان ئوقۇلىدىغان مەخسۇس جايلار بولىدۇ . بەزى مەسچىتلەرنىڭ قارمىقىدا مەكتەپلەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا بالىلارغا دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ .

**مەشرەپ** ( تەخەللۇسى ، ئىسمى بابارەھىم ، 1657 — 1711 ) ئەركىن پىكىرلىك ، مەرىپەتپەرۋەر شائىر ( ئۇنىڭ شېئىرلىرى « دىۋانىي مەشرەپ » نامى بىلەن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ) . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇتەئەسسىپ سۇفى — زاھىتلار ، سۇلتان — ھاكىملار ، سۇتخور — زالىملار پاش قىلىنغان ۋە مەسخىرە ئاستىغا ئېلىنغان ، خەلقنىڭ پاك ھېس — تۇيغۇلىرى كۈيلەنگەن . مەشرەپ دىن پېشۋالىرىغا ئەڭ قاتتىق تىل تەگكۈزگەن ، خەلق ئارىسىدا ئۇلارنى پاش قىلغان ، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىسيانكار شائىردۇر . مەشرەپ ئۆزىنى ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن دەپ ھېس قىلغانلىقتا ۋە بۇ جەھەتتىن ئۆزىنى مەشھۇر سۇفى مەنسۇر ئەل — خاللاجغا ئوخشاتقانلىقتا ئەيىبلىنىپ ، بەلخ ھاكىمى مەھمۇد قاتاغاننىڭ ئەمرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن دارغا ئېسىلغان . ئۇ ئافغانىستاننىڭ خاناباد شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشكەشىم يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان . مەشرەپ شېئىرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماراكەش، لىۋىيە)، شافىئىيە (مىسىر، ھىندونې-
زىيە ۋە باشقىلار)، ھەنبەلىيە (سەئۇدى ئەرەبىستان) مەزھەپلىرى،
شۇنىڭدەك شىئە مەزھىپى تارقالغان مەملىكەتلەر (ئىران، ئىراق، يەمەن
ۋە باشقىلار) دە جەئفەرىيە مەزھىپى ئۆز ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

**مەسجىد ئەقسا** [ئە.] (يىراقتىكى مەسچىت) قۇددۇس
(ئېروسالىم) شەھىرىدىكى قەدىمىي مەسچىت. ئۇ قۇرئاندا شۇ نام بىلەن
تىلغا ئېلىنغان. ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇل-
مانلار جامائەسىنىڭ ئەزالىرى مەسجىد - ئەقسا تەرەپكە قاراپ ناماز
ئوقۇغان. 624 - يىلى مەككىدىكى كەئبە قىبلە دەپ ئېلان قىلىنغاندىن
كېيىن، مەسجىد - ئەقسا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش توختىتىلغان. VII
ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلىپە ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن
بۇ يەر ھەرەم شەرىف دەپ ئاتالغان ۋە ئىسلام ئىبادەتخانىلىرى مەركىزى
بەرپا قىلىنغان. بۇ مەركەزدە ئەقسا نامى بىلەن يېڭى مەسچىت قۇرۇلغان.
بۇ مەسچىت ئەرەب ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدا كۆيۈپ كەتكەن.

**مەسجىد ھەرام** [ئە.] (چەكلەنگەن مەسچىت)
مەككىدىكى كەئبە ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي مۇ-
ئەسسەسىلەر. ئۇ قۇرئاندا شۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەسجىد ھەرام
قەدىمكى زامانلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنى تارقى-
لىشتىن بۇرۇنقى مۇقەددەس جايلىرىنىڭ بىرى بولغان، يۇنان تارىخچىسى
پتولومىي ئەسەرلىرىدە، II ئەسىردە مەككە ۋە ئۇنىڭدىكى ئىبادەتخانىنىڭ
مەۋجۇتلۇقى تىلغا ئېلىنغان. 630 - يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى
ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەسجىد ھەرام ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى، ئەڭ
مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ مەركىزىدە كەئبە، ھويلىسىدا
زەمزەم بۇلىقى، ئىككى تاغ (سەفا ۋە مەرۋە) بار. مەسجىد ھەرام مۇسۇل-

لىدىغانلىقى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ . مەزدەكىيلىك ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى
يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى دەۋەت قىلغان مەزدەكىيلەر
ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان . مەزدەكىيلەر
ھەرىكىتى VI ئەسىردە باستۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تەلىماتى كېيىنكى
ئەسىرلەر داۋامىدا ئىران ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەزەربەيجانلاردىكى دېھقانلار
ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى ، كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ئوتتۇر ئاسىيادا ئەرەبلەر ئىستىلاسىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيە-
تىگە قارشى ( مۇقەننا ، بابەك قوزغىلاڭلىرى ) كۈرەشنىڭ بايرىقى بولۇپ
خىزمەت قىلغان .

**مەزھەب** [ ئە . ] ( ئېقىم ، يول ، تەلىمات ) ــ ھازىرقى
ئۇيغۇر تىلىدا مەزھەپ . VIII — IX ئەسىرلەردە شەرىئەتنىڭ شەكىللىنىشى
جەريانىدا ، قانۇنشۇناسلىق ــ فىقھ ساھەسىدە ناھايىتى كۆپ مەزھەپلەر
بارلىققا كەلگەن . ھازىرقى ۋاقىتتا سۈننىي مەزھىپىدە تۆت تارماق
مەزھەپ ــ ھەنەفىيە ، مالىكىيە ، شافىئىيە ، ھەنبەلىيە ( مەزھەپلەرنىڭ نامى
ئۇلارنىڭ ئاساسچىلىرى : ئەبۇ ھەنىفە ــ ئىمام ئەزەم ، مالىك ئىبن ئانەس ،
شافىئىي ، ئىبن ھەنبەل نامىلىرىدىن ئېلىنغان ) ، شىئە مەزھىپىدە بىرلا
مەزھەپ ــ جەئفەرىيە ( ئاساسچىسى ـ جەئفەر سادىق ) ساقلىنىپ قالغان .
شەرىئەتتە تارماق مەزھەپلەر ئورتودوكسال ۋە تەڭ ـ باراۋەر قارىلىدۇ .
مەسىلەن ، چوڭراق مۇسۇلمان داشۆلىرىدە سۈننىي مەزھىپىدىكى تۆت تار-
ماق مەزھەپ بويىچە ئالاھىدە دەرس ئوقۇلىدۇ . مەزھەپلەر ئومۇمەن
ئورتودوكسال دىنىي ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقمىغان ھالدا ، شەرىئەت مە-
سىلىلىرىدە يەڭگىلرەك ياكى ئېغىرراق ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن بىر ـ
بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . ھازىر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ھەنەفىيە ( تۈركىيە ،
پاكىستان ، ھىندىستان ۋە باشقىلار ) ، مالىكىيە ( تونىس ، زايىر ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مان ئۆلىمالىرى كىشىلەرنى مەدىنەگە زىيارەتكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەدىنەنىڭ مەركىزىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۆيى ۋە مەقبەرىسى بار، 656 ـ يىلى مەقبەرەگە چوڭ مەسچىت قۇرۇلغان. شەھەر ئاھالىسى ئاساسەن سودا، زىيارەتچىلەرگە خىزمەت قىلىش، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بۇيۇملار (تەسبىھ، جايناماز، زىيارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس كىيىملەر) ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاھالىنىڭ بىر قىسمى خورما ۋە كۆكتات يېتىشتۈرىدۇ.

**مەزدەك** (470 ـ 529) مەزدەكىيلىك تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، مەزدەكىيلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى. مەزدەك خەلق ئاممىسىنىڭ زەردۇشت كاھىنلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۈرىشىگە باشچىلىق قىلغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرىنى سۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئىران پادىشاھى قۇباد I (488 ـ 531) مەزدەكنى قوللىغان. مەزدەك قۇباد ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئاۋۋال ئاتەشگاھلارنىڭ بىرىدە كاھىن، كېيىن پۈتۈن ئىران بويىچە باش كاھىن بولغان. كاھىنلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بەربات بولغاندىن كېيىن، قۇباد I مەزدەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن. 529 ـ يىلى مەزدەكىيلەر ھەرىكىتى باستۇرۇلغان، مەزدەك ئۆلتۈرۈلگەن.

**مەزدەكىيلىك** مەزدەكىزم ـ دىنىي، پەلسەپىۋى تەلىمات، ئاساسچىسى مەزدەك، مەزدەكىيلەر ھەرىكىتى دەۋرىدە (V ـ VI ئەسىر) ئىراندا كەڭ تارقالغان. مەزدەك تەلىماتىغا ئاساسەن، ئالەمدە بولىدىغان جەريانلار ئاڭلىق ۋە بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغۇچى ئەزگۈلىك، يورۇقلۇق مەنبەيى بىلەن تاسادىپىي ھەرىكەتلەنگۈچى قاراڭغۇلۇق (جاھىللىق) مەنبەيى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت. بۇ كۈرەش «ياخشىلىق» نىڭ «يامانلىق» ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قى-

لەر ، قەلەندەرلەر شۇغۇللىنىدۇ . (2) بىرەر نەرسە توغرىسىدا ھەددىدىن زىيادە ماختاپ ، ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغان شەخس مەدداھقا ئوخشىتىلىدۇ .

**مەدرەسە** [ئە . ] ( مەكتەپ ، دەرسخانا ) – ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مەدرىس . ئىسلامدا ئوتتۇرا ۋە ئالىي دىنىي ئوقۇش يۇرتى . يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدە ئۆلىمالارنى ۋە دىنىي مائارىپ ، دۆلەت ئورگانلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەپ چىقىرىدۇ . مەدرەسە ئىسلام دىنىي مەسىلىلىرىنى شەرھلەيدىغان مەركەز سۈپىتىدە VII — VIII ئەسىردە ئەرەبلەردە پەيدا بولغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايرىم مەسچىتلەرنىڭ قېشىدا ئىلاھىيەت مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ ، مەدرەسە دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان . مەدرەسەلەر XI - XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە ئومۇملاشقان ، مەدرەسەگە مەكتەپ تۈگەتكەن ئۆسمۈرلەر قوبۇل قىلىنغان . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرەسەلەردە ئەرەب ۋە پارىس تىلىدا يېزىلغان دىنىي كىتابلار – قۇرئان ، ھەدىسلەر ، شەرىئەت قانۇنلىرى ئوقۇتۇلغان ، ئايرىم مەدرەسەلەردە تىبابەت ، پەلسەپە ، جۇغراپىيە ۋە باشقا پەنلەرمۇ ئۆتۈلگەن . ھازىر دۇنيادىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ مەدرەسەلىرىدە دىنىي تەلىمات بىلەن بىللە ، پەننىي بىلىملەرمۇ ئوقۇتۇلماقتا .

**مەدىنە** [ ئە . ] شەھەر ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا ، مەككىدىن 400 كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقان ، ھىجاز ۋىلايىتىگە قارايدۇ . مەدىنىگە ئاساس سېلىنغان ۋاقىت نامەلۇم ، ئىلگىرى « يەسرىب » دەپ ئاتالغان . 622 – يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن مەدىنەگە كۆچۈپ بارغان ( ھىجرەت قىلغان ) . VII ئەسىردىن باشلاپ مەدىنە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ زىيارەتگاھى بولۇپ تونۇلغان . مەدىنەگە بېرىش ھەج قىلىش تەرتىپىگە كىرمىسىمۇ ، مۇسۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلچىسى دەپ قارالغان. مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىككىنچى سۇبستانسىيە ① ئاساسى — يورۇقلۇق، ياخشىلىق، روھ ئالىمى بىلەن زۇلمەت، ياۋۇزلۇق، ماددا ئالىمىنىڭ ئۆز ئارا كۈرىشىنى ئېتىراپ قىلىدىغان زەر دۇشتىيلىق دۇئالىزمى مانىيلىقنىڭ ئاساسىدۇر. مانىيلىق بىرىنچى ئالەمدە خۇدا، ئىككىنچىسىدە شەيتان ( ئىبلىس ) ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئىككى ئالەم كۈرىشى پالاكەت بىلەن تۈگەيدۇ، نەتىجىدە ماددا ھالاكەتكە ئۇچراپ، روھ ئازادلىققا چىقىدۇ، دېگەننى تەرغىپ قىلىدۇ. مانىيلىق تەلىماتىغا كۆرە، بۇ دۇنيا ياۋۇزلۇق دۇنياسىدۇر، ئىنسان ئىككى ئۆنسۇردىن ( روھ - نۇر پەرزەنتى، جىسىم — زۇلمەت پەرزەنتى ) ئىبارەت مەۋجۇدات بولغىنى ئۈچۈن، زۇلمەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشتە نۇر كۈچلىرىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. مانىيلىق مەزدەكىيلىككە كېيىنرەك ئىسلام تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ قىسمەن تەسىر كۆرسەتكەن.

**مەجۇسىيلىق** (1) زەردۇشتىيلىقنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاتىلىشى؛ (2) بۇتپەرەستلىك — مونوتېزم پەيدا بولغانغا قەدەر مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئېتىقادلار، مۇراسىم ۋە بايراملارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇ. مەجۇسىيلىق ئاتالغۇسى سېھىرگەرلىك، ئانىمىزم، ئانىماتىزم، فېتىشىزم، توتېمىزم، پولىتېزم ۋە باشقا دىن شەكىللىرىدە قوللىنىلغان.

**مەدداھ** [ ئە. ] ( ماختىغۇچى ) (1) ئادەم توپلاشقان جايلاردا ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى، مۆجىزىلىرىنى ماختاپ سۆزلىگۈچى. مەدداھلار يەنە قۇرئان، ھەدىسلەرنى، دىنىي ئەپسانىلەرنى، شەرىئەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنىمۇ سۆزلەيدۇ. مەدداھلىق بىلەن كۆپىنچە دەرۋىش-

① سۇبستانسىيە مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ماددا.

تەرەپدارلىرى ) ئىقىمىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بولغان . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا زاھىدلىققا بېرىلىپ تەركىدۇنيالىقتا ياشىغان . ئۇنىڭ « ئەل مۇۋەتتەئ » ( ھەممىگە چۈشىنىشلىك مەنىسىدە ) ناملىق ئەسىرى بار بولۇپ ، بۇ ئەسەر دەسلەپكى ھەدىس توپلاملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ .

**مالىكىيە** سۈننىي مەزھىپىدىكى تۆت چوڭ تارماق مەزھەپنىڭ بىرى ، ئۇنىڭغا مالىك ئىبن ئانەس ئاساس سالغان . بۇ مەزھەپ تەرەپدارلىرى دىنىي ھوقۇق مەسىلىلىرىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى مەجازى چۈشەندۈرۈشكە قارشى چىققان . بۇ مەزھەپ دەسلەپ ھىجاز ۋە مەدىنىدە ، كېيىن باشقا مەملىكەتلەردە تارقالغان . بۈگۈنكى دەۋردە تۇنىس ، ئالجىر ، ماراكەش ، لىۋىيە ۋە قىسمەن باشقا مەملىكەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەنىلا تەسىرگە ئىگە .

**مانىي** ( 216 ـ 277 ) مانىيلىق ئاساسچىسى ۋە تەرغىباتچىسى . 242 ـ يىلى ئىران شاھى شاپۇر I نىڭ تەختكە ئولتۇرۇپ تاج كىيىش مۇراسىمىدا ، مانىي تۇنجى قېتىم ئۆز تەلىماتىنى بايان قىلىپ ۋەز ئېيتقان . مانىي تەلىماتىدا ئۇرۇشماسلىق ۋە مال ـ دۇنيا يىغماسلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . زەردۇشت كاھىنلىرى مانىينىڭ تەلىماتىغا قەتئىي قارشى چىققان . 275 ـ يىلى مەگلەرنىڭ ۋە يېڭى شاھ بەھرام I نىڭ پەرمانى بىلەن مانىي زىندانغا تاشلانغان ، 277 ـ يىلى قەتلى قىلىنغان . مانىينىڭ قوللىغۇچىلىرى نەزەربەند قىلىنغان ، بەزىلىرى باشقا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كەتكەن .

**مانىيلىق** III ئەسىردە ئىراندا مەيدانغا كەلگەن دىن ، ئاساسچىسى مانىي ( 216 ـ 277 ) . مانىيلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە ، جۈملىدىن ئىتالىيىدىن تا جۇڭگوغا قەدەر تارقالغان . مانىي ساما نۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىنىپ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئا-رىسىدا لوقمان بۈيۈك ھەكىم، ھەكىملەرنىڭ پىرى، دەپ قارىلىدۇ. لوقمان دانا، بىلىملىك مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**لۇت** ئاللا لۇت ئەلەيھىسسالامنى سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. لۇت ئەخلاقسىز قەۋمگە پەند - نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرغان، لېكىن، ئۇلار لۇتنىڭ نەسىھەت-لىرىگە قۇلاق سالمىغان. ئاللا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئاسماندىن ساپال - تاش ياغدۇرۇپ، يەرنى دۈم كۆمتۈرۈپ ئۇلارنى ھالاك قىلغان، ئۇلارغا ئېچىنىپ ئارقىسىغا قارىغان لۇتنىڭ خوتۇنىمۇ ھالاك بولغان. ئىسلام شەرھلىگۈچىلىرىنىڭ ئايرىم چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرەبلەر ئۆلۈك دېڭىزنى لۇتنىڭ نامى بىلەن «بەھرلۇت» (لۇت دېڭى-زى) دەپ ئاتاپ، لۇت ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك جايدا يەر چۆكۈپ، ئورنىدىن شور كۆل ھاسىل بولغان، دەپ كۆرسىتىدۇ. قىسمەن ئالىملار لۇت ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئۆلۈك دېڭىز ئورنىدا يۈز بەرگەن بىرەر ھالاكەت بىلەن باغلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلىدۇ.

## م

**مالىك** ئىبن ئانەس ئەبۇ ئابدۇللاھ (712 - 795) مالىكىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئىلاھىيەتچى فەقىھلەردىن بىرى. ئۇ ئىسلام دى-نىي قانۇن سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىشتا مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئەنئەنىلەرنى ياقلاپ چىققان، يەنى «ئەسھابول - ھەدىس» (ھەدىس

# ل

**لەيلەتۇل ـ قەدر** [ئە.] ( كېچە ) رامزان ئېيىـ
ىنىڭ 27 ـ كۈنىگە ئۆتىدىغان كېچىسى ( قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ) .
ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، قۇرئان شۇ كېچىدىن باشلاپ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە
25 يىل داۋامىدا ۋەھيى قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەن دەپ قارىلىدۇ ، شۇنىڭ
ئۈچۈن مۇسۇلمانلار لەيلەتۇل ـ قەدرنى مۇقەددەس كۈن ھېسابلايدۇ .
مۇسۇلمانلار ھەر يىلى شۇ كېچىدە ئاللا ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىبادىتى ۋە
تىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ قاراپ ، لەيلەتۇل ـ قەدر كېچىسىنى قۇرئان
تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . بۇ كېچە ئادەتتە « شبى قەدرى »
دەپمۇ ئېيتىلىدۇ .

**لوقمان** قەدىمكى ئەرەب رىۋايەتلىرىدە ئىككى لوقمان تىلغا
ئېلىنىدۇ ، ئۇلاردىن بىرى لوقمان ئىبن ئاد . قەدىمكى ئەرەبىستاندا ياشىغان
ئاد خەلقى ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قۇرغاقچىلىققا دۇچار بولىدۇ . خەلق
بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ، ئۆز ۋەكىللىرىنى مەككىگە يامغۇر
سوراپ دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ ، بۇ ۋەكىللەرگە لوقمان باشلىق بو-
لىدۇ . ئۇ ئاللادىن ئۆزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر سورايدۇ ، ئاللا ئۇنىڭ تىلىكىنى
قوبۇل قىلىپ يەتتە بۈركۈتنىڭ ئۆمرىگە تەڭ كېلىدىغان ئۇزاق ئۆمۈر ئاتا
قىلىدۇ ، ئاخىرقى بۈركۈتنىڭ ئۆلۈشى بىلەن بىللە لوقمانمۇ ئۆلىدۇ .
ئىككىنچىسى ، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان لوقمان ( قۇرئان ، 31 ـ سۈرە ) . ئۇ
دانىشمەن ھەم ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەرغىبات قىلغۇچىدۇر . ئىسلام ئەنـ
ئەنىسىدە ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا لوقماننىڭ نامى

سەرلىرىگە شەرھلەر ھەمدە مېتافىزىكا، ماتېماتىكا، مۇزىكا، پسىخولوگىيىگە ئائىت 200 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. كىندىينىڭ قاراشلىرى مۇئتەزىلىيلار تەلىماتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كىندىينىڭ پىكرىچە، ئاللا ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇ ئەبەدىي ۋە تەنھا، لېكىن تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەر ماددىدىن تەشكىل تاپقان، ماددا بولسا، ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت. كىندىي ماددا، شەكىل، ماكان، ۋاقىت ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت بەش ئامىل كۆز قارىشىنى ئالغا سۈرگەن، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئەقىلنىڭ تۆت خىل (زۆرۈر، ئىمكان، ئېرىشىلگەن ۋە نامايان بولىدىغان ھالەتتە) كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى پىكىرلەر سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققان. كىندىي پەلسەپىسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان.

## گ

**گۇناھ** دىنىي تەسەۋۋۇرلارغا كۆرە، يامان نىيەت ياكى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئىنساننىڭ ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرگە، دىن ۋە شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ سادىر قىلغان ئىش - ھەرىكىتى. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئىنسان گۇناھدىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن «ئۇ دۇنيا» دا ئازاب تارتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

تىلمەيدۇ ، پەقەت تارىخىي تەتقىقات ئىشلىرىدا پايدىلىنىلىدۇ .

**كۇفر** [ ئە . ] ( دىنسىزلىق ، ئېتىقادسىزلىق ) ــ هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كۇپۇر . هېچقانداق دىنغا ئىشەنمەسلىك . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئىسلام دىنىغا كىرمەسلىك ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلماسلىق كۇفر دېيىلگەن . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىشمۇ كۇفر دەپ قارالغان .

**كوكىلا قويۇش** ئىسلام ئەنئەنىسىدە دىنىي تەبىقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىك بەلگىسى سۈپىتىدە بىر ئۆرۈم چاچنى قالدۇرۇپ قويۇش ئادىتى . كوكىلا قويۇش ئىككى خىل بولۇپ ، بىرى سەيىد كوكىلىسى ، يەنە بىرى نەزىر كوكىلىسى ( نىياز چېچى ) دەپ ئاتالغان . سەيىد كوكىلىسىنى پەقەت سەيىدلەر ( تۆرىلەر ) لا قويغان ، چاچ باشنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 30 ــ 40 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا قويۇلۇپ ، ئۆرۈپ قويۇلغان ، بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ، خەلىپە ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىمام هەسەن ۋە هۈسەيىندىن تارقالغانلىقىنىڭ بەلگىسى هېسابلانغان . سەيىدلەر كوكىلىسىنى ئۆمۈر بويى چۈشۈرمىگەن . نەزىر كوكىلىسى ئادىتى كىشىلەر ئارىسىدا ئادەت بولغان . ئۇلار ئوغۇل بالىلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ، سالامەتلىك تىلەش مەقسىتىدە مۇقەددەس جايلارغا ئاتاپ ، بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئاز چاچ قالدۇرغان ، چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 ــ 12 سانتىمېتر بولغان . بالا 7 ــ 8 ياشقا كىرگەندە ، ئاتالغان جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ، نەزىر ــ چىراغ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن . هازىر كوكىلا قويۇش ناهايىتى كەم ئۇچرايدۇ .

**كىندىي** ئەبۇ يۇسۇپ ياقۇپ ئىبىن ئىسهاق ( تەخمىنەن 800 ــ 879 ) ئەرەب پەيلاسوپى ، ئاسترونومى ، ماتېماتىك ، تېۋىپ ، شەرق ئارىستوتىلىزمىنىڭ ئاساسچىسى . كىندىي ئارىستوتىل ئە-

**كۇبرا** ئەھمەد ئىبن ئۇمەر ئەبۇل — جەناب نەجمىددىن ( 1145 — 1221 ) سوفىلىقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ، كۇبراۋىيلىق تەرىقەتىنىڭ ئاساسچىسى . سوفىلىققا ئائىت ئەسەرلىرى بار . خەلق ئارىسىدا شەيخ سوپىتىدە زاھىدلىقنى تەرغىپ قىلغان .

**كۇبراۋىيلىق** كۇبراۋىيە — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوفىلىق تەرىقەتلىرىدىن بىرى . نەجمىددىن كۇبرا ئاساس سالغان ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ، قىسمەن ئىراندا تارقالغان . كۇبراۋىيە تەرىقەتىدىكى سوفىلار ئاۋاز چىقارماستىن زىكىر ( خافى ) قىلغان ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى قۇرئاننى مەجازىي چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغان . سوفىلىقنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا ئوخشاش زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنيالىقنى تەرغىپ قىلغان .

**كۇفە يېزىقى** قەدىمكى ئەرەب يېزىقلىرىدىن بىرى . بۇ يېزىق كۇفە شەھىرى ( ئىراق ) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . ئۇ ، ئەرەب يېزىقلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ ، ھەرپلەر كېيىنكى دەۋرلەردە قوللىنىلغان ھەرپلەردىن دېيەرلىك پەرق قىلمايدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى ، ھەرپلەر توغرا بۇرجەكلىك قىلىپ يېزىلىدۇ ، ھەرپلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغۇچى ئۇستۈنكى ۋە ئاستىنقى نۇقتىلار بولمايدۇ ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بەلگىلىرى (فەتھە، كەسر ، زەممە )ئىشلىتىلمەيدۇ . شۇ تۈپەيلى كۇفە يېزىقىنى ئوقۇش مەخسۇس تەييارلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . قۇرئاننىڭ ئەڭ قەدىمكى قولىيازمىلىرى ( تاشكەنت ، قاھىرە ، مەككە ۋە مەدىنەدە ساقلىنىۋاتقان « ئوسمان مۇسھەفى » دەپ نام ئالغان نۇسخىلىرى ) كۇفە يېزىقىدا يېزىلغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يېزىق ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان . كۇفە يېزىقى ھازىر ئىشلى-

ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا 4 - ئىمامنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن: بىر قىسمى ھۆسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى ئەسقەر (زەيىن ئابىدىن) نى ئىمام دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسمى ھۆسەيىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىنتايىن ياشلىقى ۋە رەھبەرلىككە قابىل ئەمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ، ئەلىنىڭ بەنى ھەنىفە قەبىلىسىدىن ئولجا ئېلىنغان كىنىزىكىدىن تۇغۇلغان، جەڭلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ تونۇلغان ئوغلى مۇھەممەد (637 - 700) نى 4 - ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلغان. مەنبەلەردە ئۇ ئانىسى مەنسۇپ بولغان قەبىلە نامى بويىچە مۇھەممەد ئىبن ئەل - ھەنەفىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تەرەپدارى بولغان مۇختار ئىبن ئەبۇ ئۇبەيد رەھبەرلىكىدە 685 - يىلى كۇفەدە ئامەۋىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ھۆسەيىننى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى جازالانغان، قولغا چۈشۈرۈلگەن كۇفە خەزىنىسىدىكى مال - دۇنيا قوزغىلاڭچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. بۇ قوزغىلاڭدا كەيسان ئەبۇئەمر ئاكتىپ رول ئوينىغان (مەزھەپنىڭ نامى شۇنىڭدىن ئېلىنغان). كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىچكى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە قوزغىلاڭچىلار يېڭىلىپ، مۇختار 687 - يىلى ئۆلگەن، مۇھەممەد ئىبن ھەنەفىيە قوزغىلاڭغا بىۋاستە قاتناشمىغان. كەيسانىيلار مەزھىپى كېيىنكى دەۋرلەردە تامامەن يوقىلىپ كەتكەن. ئەلى ئەسقەر شىئەلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەرىپىدىن 4 - ئىمام دەپ تونۇلغان.

**كەفەن** [ئە.] — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كېپەن. دەپنە قىلىش ئالدىدىن، مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئورىلىدىغان ماتا. مېيىتنى كېپەنلەپ كۆمۈش ئادىتى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا شەرقتىكى ئايرىم خەلقلەردە، جۈملىدىن سامىيلاردا بولغان، ئۇنىڭدىن ئەرەبلەرگە ئۆتكەن. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى سۈپىتىدە تارقالغان، ئۇنىڭ قائىدىلىرى شەرىئەتتە قانۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**كەئبە** [ ئە . ] ( كۇب شەكىللىك ئۆي ) ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايى . كەئبە مەككە شەھرىدە بولۇپ ، كۈل رەڭ تاشتىن قۇرۇلغان ، ئىسلامدا بەيتۇللاھ ( ئالالانىڭ ئۆيى ) ، بەيتۇل ھەرام ( مۇقەددەس ئۆي ) ، قۇرئاندا بولسا ئەلمەسجىدۇل ھەرام ( مۇقەددەس مەسچىت ) دەپ ئاتالغان . كەئبىنىڭ ئەتراپى ھەشەمەتلىك تام بىلەن قورشالغان ، شۇڭا كەئبىنىڭ كەڭ ھويلىسىمۇ كەئبە دېيىلگەن . « قارا تاش » ( ھەجەرۇل - ئەسئەد ) كەئبەگە جايلاشقان . ئۇ يەردە قۇرئاننىڭ قەدىمىي قوليازمىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە . ھويلا سەھنىسىدە زەمزەم بۇلىقى ، مەقامى ئىبراھىم ( ئىبراھىم تۇرغان جاي ) دەپ ئاتالغان تاش ۋە باشقىلار بار . كەئبە ئىسلام پەيدا بولۇشتىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا زەمزەم بۇلىقى يېنىدا بەرپا قىلىنغان ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولغان ، ئۇ يەردە 360 بۇت ساقلانغان . ھەر يىلى ئەرەبلەر بۇ يەرگە ھەج قىلىشقا كېلىپ تۇرغان ، ھازىرمۇ ھەر يىلى مىليونلىغان مۇسۇلمانلار مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ . كەئبە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىبلە بولۇپ ، شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ . كەئبە ئىسلام تارىخىدا ھەر خىل ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردا بىرقانچە قېتىم خاراب قىلىنغان ۋە كۆيدۈرۈلگەن (683 - يىلىدىكى مەككە ھۆكۈمدارى ئابدۇللا ئىبنى زوبەير بىلەن خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئۇرۇشى ، 929 - يىلىدىكى قەرمەتلەر ھۇجۇمى ۋە باشقىلار ) . كەئبە 1630 - يىلى قايتا تىكلەنگەن XX، ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا رېمونت قىلىنىپ كېڭەيتىلگەن .

**كەيسانىيلار** VII ئەسىردە شىئەرلەردىن ئايرىلىپ چىققان تارماق مەزھەپ تەرەپدارلىرى . شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ 3 - ئىمامى ھۈسەين 680 - يىلى كەربالا يېنىدىكى جەڭدە قۇربان بولغاندىن كېيىن ،

**كەربالا** ئىراقتىكى بىر شەھەر ، فرات دەرياسى ۋادىسىغا ، باغدادتىن 85 كىلومېتر غەربىي جەنۇبقا جايلاشقان . شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيارەتگاھى . ئەلى ئىبن ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ھۆسەين ئىبن ئەلى 680 - يىلى ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كەربالا يېنىدىكى جەڭدە قۇربان بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ يەرگە مەقبەرە ياسىلىپ شىئەلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالغان . ئىمام ھۆسەين مەقبەرىسى دەسلەپ بىرقانچە قېتىم بۇزۇپ تاشلانغان ، كېيىن قايتىدىن ھەشەمەتلىك سېلىنىپ زىيارەتگاھقا ئايلانغان . كەربالا ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەركەز ھېسابلىنىدۇ .

**كەلام** [ئە . ] ( سۆز ، نۇتۇق ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كالام . VIII ئەسىردە دىنىي پەلسەپۋى تەلىمات سۈپىتىدە ئەرەب خەلىپىلىكىدە بارلىققا كەلگەن ، IX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغان . كالام تەرەپدارلىرى مۇتەكەللىملەر دېيىلىدۇ . كالامنىڭ ئاساسچىسى ئەل - ئەشئەرىي ( 873 - 935 ) مۇتئەزىلىيلەرنىڭ چۈشەنچە ۋە دەلىللىرىدىن پايدىلىنىپ ئورتودوكسال ئىلاھىيەتنى ئاساسلاشقا ئۇرۇنغان . كالامۇ باشقا دىنىي تەلىماتلارغا ئوخشاش دىنىي ئەقىدىلەرنى راتسىئونالىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈشكە قارشى چىققان . ئەشئەرىيلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ، ئاللا ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ، جەننەت ۋە دوزاخ ئەزەلدىن مەۋجۇت ، ئىنساندا ئىرادە ئەركىنلىكى يوق ، ئىنسان ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئاللا ئالدىدا جاۋابكاردۇر .

**كەلىمەئى شەھادەت** — تەشەھھۇد

**كەۋسەر** [ ئە . ] ( كۆل مەنىسىدە ) جەننەتتىكى دەريا . قۇرئاننىڭ 108 - سۈرىسىمۇ « كەۋسەر » نامى بىلەن ئاتالغان .

قالىلىرى ياكى ئائىلە باشلىقلىرى تەرىپىدىن بېجىرىلگەن . كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ۋەزىپىلەرنى مەلۇم كىشىلەر ــ پالچىلار ، داخانلار ، ئەپسۇنگەرلەر ، كاھىنلار ۋە كاھىنەلەر ، شامانلار بېجىرىشكە باشلىغان . ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى ، ئەمگەك تەقسىماتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىشنىڭ كۈچىيىشى كاھىنلارنىڭ ئالاھىدە مۇستەقىل گۇرۇھ بولۇپ ئايرىلىپ چىقىشقا ئېلىپ كەلگەن ، ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان . ئىبادەتخانىلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن كاھىنلار جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ياشاش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولغان . ئىبادەتخانىلاردا كاھىنلارنىڭ ئۇيۇشمىلىرى تەشكىل قىلىنغان ، بۇ ئۇيۇشمىلار دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي - سىياسىي ھاياتىدا كاتتا رول ئوينىغان . قەدىمكى مىسىردا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىدە كاھىنلار كۆپلەپ قۇللارغا ئىگە بولغان ۋە دىنغا ئىشىنىدىغانلارنىڭ خەير ــ سەدىقىسىگە ئېرىشىپ بېيىغان . كاھىنلار مەنىۋى مەدەنىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلەپ يىلنامىلەرنى تۈزۈش ، خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى توپلاپ يېزىش ، ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە باشقىلار بىلەن شۇغۇللانغان . قەدىمكى يەھۇدىي دۆلىتىدە قۇددۇس ئىبادەتخانىسىنىڭ سېلىنىشى بىلەن كاھىنلار يېزىپ بەرگەن نەرسىلەر قەدىمكى ئەھدىنىڭ بەزى كىتابلىرىغا ئاساس بولغان . قەدىمكى دۆلەتلەردە كاھىنلارنىڭ دۆلەتتىكى تەسىرى سىياسىي شەكىلدە ــ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەكلىدە نامايان بولغان . قۇرئاندا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى كاھىن دەپ ئاتالغان . ئىسلامدا ئېتىراپ قىلىنغان رەھبەرلەر ( بولۇپمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر ) كاھىنلارغا قارشى ئىدى . ئىسلام ئەنئەنىسىدە كاھىنلار كېلەچەك ھەققىدە يالغان سۆزلىگۈچىلەر سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ .

مىگە سېلىشتۇرۇش ( تەدبىقلاش ) يولى بىلەن شەرھلىنىدۇ. قىياس فەقىھ ( قانۇنشۇناس ) لەرنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، شەرىئەتنى تۈرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە تەدبىقلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. شەرىئەت ھوقۇقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قىسمەن دۆلەتلەر ھازىرمۇ قىياسقا ئەمەل قىلىدۇ.

**قىيامەت** [ ئە. ] ( تىك تۇرۇش، ئورنىدىن تۇرۇش ) دۇنيانىڭ تۈگىشى ھەققىدىكى دىنىي تەلىمات. بۇ تەلىماتتا ئاخىرەت كۈنىنىڭ باشلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دەھشەتلىك ھادىسىلەر، ھەممىنىڭ ھالاك بولۇشى، كېيىن ئادەملەرنىڭ تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشى، بىرمۇ بىر سوراق قىلىنىپ، ساۋاب ۋە گۇناھلارنىڭ ئۆلچىنىشى، شۇنىڭغا قاراپ ئادەملەرنىڭ جەننەت ياكى دوزاخقا كىر گۈزۈلۈشى، دوزاخنىڭ ئازابلىرى ۋە جەننەتنىڭ راھەتلىرى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

## ك

**كافىر** [ ئە. ] ( ئىنكار قىلغۇچى، دىنغا ئىشەنمىگۈچى، ياخشىلىقنى بىلمىگۈچى ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كاپىر. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ۋە مەنبەلىرىدە مۇسۇلمانلاردىن باشقىلار — باشقا دىنغا ئىشىنىدىغانلار، دىنغا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلارمۇ كافىر دېيىلگەن.

**كاھىنلار** ئاساسەن ئىسلامدىن بۇرۇنقى كۆپ خۇدالىق دىنلاردا كىشىلەر بىلەن غەيرىي تەبىئىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان ھەمدە دىنىي مۇراسىملار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كاھىنلار ئىجتىمائىي گۇرۇھ سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەن. ئۇ چاغلاردا دىنىي مۇراسىملار ئۇرۇق ئاقسا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دائىم كۈچلۈك سىياسىي رول ئوينىغان .

**قىبلە** [ ئە .] مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا سەجدە يۈزلىنىدىغان تەرەپ . دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار قۇددۇس ( ئىرۇسالىم ) تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان . ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى ( 624 - يىلى ) مەككىدىكى كەئبە ( بەيتۇللاھ ) بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىبلە قىلىپ بەلگىلەنگەن . ئىسلام دىنىدا قىبلە مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ ، ھەر بىر مۇسۇلمان قەيەردە بولمىسۇن چوقۇم شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى لازىم . مەسچىتلەردە مېھراب قىبلە تەرەپكە قاراپ ياسىلىدۇ ، ئىسلام دىنىدىكى كۆپلىگەن مۇراسىملارمۇ قىبلىگە قاراپ بېجىرىلىدۇ ، مېيىتنىڭ ( ئۆلگەن ئادەمنىڭ ) يۈزىمۇ قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ .

**قىرائەت** [ ئە . ] ( ئوقۇش ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە قۇرئاننى ئاھاڭ بىلەن ئوقۇش .

**قىساس** [ ئە . ] قاتىللىق ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئادىتى . بۇ ئادەت قەدىمكى ئەرەبلەردە بار بولۇپ ، ئىسلام دىنىغىمۇ ئۆتكەن . ئۇنىڭدا قىساس ئېلىش ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق ( ئەرگە ئەر ، ئايالغا ئايال ، قۇلغا قۇل ) ياكى پۇل ۋە مال بىلەن ئۇنىڭ خۇن ھەققى ( بۇ دىيەت دەپ ئاتالغان ) تۆلىتىۋېلىنىدۇ . بۇ ئادەت ئايرىم جايلاردا ھازىرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ .

**قىياس** [ ئە . ] ( سېلىشتۇرۇش ) شەرىئەت مەنبەلىرىدىن بىرى ( قۇرئان ، سۈننەت ئىجمائدىن كېيىنكى تۆتىنچىسى ) . قىياستا دەسلەپكى ئىككى مەنبە — قۇرئان ۋە سۈننەتتە بېرىلمىگەن بىرەر ھوقۇقىي مەسىلە ئۇلاردىكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلە بويىچە بېرىلگەن كۆرسەت-

بىلىسى. شۇ قەبىلىنىڭ ھاشىمىيلار جەمەتىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇغۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ھارپىسىدا قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى سودا - سېتىق بىلەن خېلى بېيىغان، مەككىدە پۇل مۇئامىلىسى، سۈتخورلۇق، قۇل سودىسى كۈچەيگەن. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇپ، مەركەزلەشكەن دۆلەت مەيدانغا كېلىشى بىلەن بىللە قۇرەيش قەبىلىسىمۇ كاتتا سىياسىي ئورۇنغا ئىگە بولغان.

**قۇربانلىق** [ ئە. ت ] ( قۇربان قىلىش، ئاتاش، تۆھپە قىلىش ) ئىسلامدا ۋە باشقا بەزى دىنلاردا كەڭ تارقالغان مۇراسىم. رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ چىن ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئاللا جەننەتتىن بىر قوچقار ئەۋەتىپ، بالىنىڭ ئورنىغا قوچقارنى سويۇشنى ئەمىر قىلغان ( قۇرئان، 37 - سۈرە، 99 ~ 107 ئايەتلەر ). كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلامدا قۇربانلىق قىلىش ھەج مۇراسىمىنىڭ مەجبۇرىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ھەجگە بارمىغانلارنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىق قىلىشى ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ ئادەت ھازىرمۇ بار.

**قۇربان ھېيت** ← ھېيت

**قۇم** تېھراننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر، شىئەلەرنىڭ دىنىي تەلىمات - تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان مەركىزى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا باش مۇجتەھىد ( ئايەتۇللاھ ھۆمەينى ) تۇرغان ئورۇن، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ دىنىي پايتەختى. قۇمدا شىئەلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مەقبەرىلىرى بار. قۇم روھانىيلىرى چوڭ ۋەخىپىلەرگە ئىگە. قۇم ۋە ئۇنىڭدىكى شىئە روھانىيلىرى ئىراندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە يېقىن كىشىلەرنىڭ يادىدا ساقلىنىپ قالغان ۋە تېرە، تاش، خورما يوپۇرماقلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان سۈرىلەرنى توپلىغان. شۇ ئاساستا 632 - يىلى دەسلەپكى قۇرئان مەتىنلىرى ( تېكىستلىرى ) مەيدانغا كەلگەن، مەنبەلەردە ئۇ « سۇھۇف » ( « سەھىفەلەر » ) دەپ ئاتالغان. ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ باشقا توپلاملار مەيدانغا كەلگەن، لېكىن، بۇ توپلاملارنىڭ مەزمۇنىدا مەلۇم ئوخشىماسلىقلارمۇ بولغان. خەلىپە ئوسمان دەۋرىگە كەلگەندە، خەلىپە ئوسمان يەنە زەيد ئىبن سابىتكە قۇرئان مەتىنلىرىنى توپلىغان شەخسلەر بىلەن بىللە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىردىنبىر توپلام تۈزۈشنى بۇيرۇغان. 651 - يىلى تۈزۈلگەن بۇ توپلام « مۇسھەف »، كۆپىنچە « ئوسمان مۇسھەفى » نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ توپلام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، خەلىپە ئوسمان ئۇنىڭدىن پەرق قىلىدىغان توپلاملارنىڭ ھەممىسىنى ( جۈملىدىن « سۇھوف » نى ) يوقىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يېڭى توپلامنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مەدىنەدە قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن ئۈچ نۇسخا ( ئايرىم ماتېرىياللاردا 6 ~7 نۇسخا دېيىلگەن ) كۆچۈرۈلۈپ، كۇفە، بەسرە، دەمەشققە ئەۋەتىلگەن. « ئوسمان مۇسھەفى » مۇقەددەس كىتاب سۈپىتىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان، كېيىنكى دەۋرلەردە ( VII ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ) قۇرئاننى ئوقۇشتىكى پەرقلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەرەب يېزىقىغا خاس بەلگىلەر قويۇپ چىقىلغان. « ئوسمان مۇسھەفى » دىن كۆچۈرۈلگەن ئەڭ قەدىمكى قولىيازمىلاردىن تۆتى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇلاردىن بىرى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقستان مۇسۇلمانلىرى دىنىي باشقارمىسىدا ساقلانماقتا.

**قۇرەيش** V - VI ئەسىرلەردە مەككىدە ياشىغان ئەرەب قە-

قىلىپ ئېلىپ كەتكەن ( 20 يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن ) . بۇ هال كەڭ خەلق ئاممىسىنى قەرمەتلەردىن يىراقلاشتۇرغان . X I ئەسىرنىڭ ئاخىرى X II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراق ۋە ئىراندا قەرمەتلەرگە قارشى شىددەتلىك كۈرەش باشلىنىپ قەرمەتلەر هەرىكىتى باستۇرۇلغان . قەرمەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسمائىلىيلارنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا قوشۇلۇپ يوقىلىپ كەتكەن .

**قەئدە** [ ئە . ] ( ئولتۇرۇش ) نامازدىكى هەرىكەتلەرنىڭ بىرى ، يەنى نامازدىن چىقىش ئۈچۈن سالام بېرىشتىن بۇرۇنقى ئولتۇرۇش .

**قۇددۇس** يېروسالىم [ ئە . ] ( ئەل - قۇدس ) پەلەستىنگە جايلاشقان ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇقەددەس هېسابلىنىدىغان جايلاردىن بىرى . قۇددۇستا ئەرەب مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار ، شۇنىڭدەك VII ئەسىردە ياسالغان قۇببەتۇسسەخرە ( سەخرە گۈمبىزى ) ، VIII ئەسىردە ياسالغان ئەل - ئەقسا مەسچىتى ۋە باشقىلار بار .

**قۇرئان** ئىسلامدا ئەڭ مۇقەددەس كىتاب . قۇرئاندا ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى ، ئېتىقاد - تەلەپلىرى ، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى ، چەكلىمەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان . قۇرئان ئاللا تەرىپىدىن مۇهەممەد پەيغەمبەرگە 22 يىل ئىچىدە پەرىشتە جەبرائىل ئارقىلىق ۋەهىي تەرىقىسىدە چۈشۈرۈلگەن . ئىسلامشۇناسلارنىڭ قەيت قىلىشىچە ، مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، خەلىپە ئەبۇبەكر دەۋرىدە مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرغىباتلىرىنى يېزىپ توپلاش قارار قىلىنغان هەم بۇ ۋەزىپە مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ هاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلغان زەيد ئىبن سابىتكە تاپشۇرۇلغان . زەيد ئىبن سابىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ، گۇناھلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئىنسانلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ ئىنسان ئىرادە ۋە پائالىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. قەدەرىيلەر ئۇمەۋىيلەر جەمەتىدىن بولغان خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىگە قارشى مەيداندا تۇرغان. ئۇلارنىڭ تەلىماتىنى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مۇئتەزىلىيلار ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرغان.

**قەرمەتىلەر** ئىسمائىلىيلارنىڭ ئاساسلىق تارماق ئېقىملىرىدىن بىرىنىڭ تەرەپدارلىرى. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي ئىراقتا مەيدانغا كەلگەن، سۈرىيە ۋە يەمەنگە تارقالغان. قەرمەتىلەر ئاساسەن دېھقانلار، كۆچمەن بەدەۋىيلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى قوزغىلاڭلارغا باشچىلىق قىلغان. قەرمەتىلەر جامائە ئىگىلىكىنى، ئومۇمىي (قۇللاردىن باشقا) تەڭلىك غايىلىرىنى تەرغىپ قىلغان. ئۇلار ئىسلام مۇراسىملىرىنى بىجىرمىگەن، شەرىئەت قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلمىغان، ئۇلاردا مەسچىت بولمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ زىيارەتگاھلىرى (مەسىلەن، كەئبە ۋە ئۇ يەردىكى «ھەجەرۇل - ئەسۋەد») نى بىدئەت، دەپ قاراپ ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن قارشىلىشىش مەيدانىدا تۇرغان. قەرمەتىلەر 899 - يىلى بەھرەيننى بېسىۋېلىپ ئەل - ئەھسا (شەرقىي ئەرەبىستان) دا ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان، بۇ دۆلەت XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەۋجۇت بولغان. قەرمەتىلەر دۆلىتىدە دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئەركىن ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ سېلىق تۆلىمىگەن. قەرمەتىلەر 930 - يىلى ھەج ۋاقتىدا مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ تالان - تاراج قىلغان، ھەجگە بارغانلارنى ئۆلتۈرگەن، بىر قىسمىنى قۇل قىلىۋالغان. ئۇ يەردىكى «قاراتاش» نى پارچىلاپ، ئولجا

جامائەسىدىكى سوتچى . VII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ، كېيىن دۆلەت مىقياسىدا قازى قۇززات ( قازىلارنىڭ قازىسى ) ، يەرلىك قازىلىق دەرىجىلىرى سىستېمىسى ئىشلەپ چىقىلغان . قازىلار دىن ، ئائىلە ، مىراس ۋە جىنايى ئىشلار مەسىلىلىرىگە دائىر ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ . قۇرئان كۆرسەتمىلىرى ، سۈننەت ۋە شەرىئەت ئۆلچەملىرىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قانداق بىجىرىلىۋاتقانلىقىنى نازارەت قىلىدۇ . قازىلارنىڭ ھۆكۈملىرى قەتئىي بولۇپ ، چىقىرىلغان ھۆكۈملەر مۇلكى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ . IX X ئەسىردىن باشلاپ قىسمەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە مەمۇرىي قانۇنلار جارى قىلىنغاچقا ، قازىلار سوتى ( شەرىئەت سوتى ) ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان . بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە شەرىئەت سوتلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن XX ئەسىرنىڭ 30 ـ 50 يىللىرىدا قازىلىق تەرتىپلىرىمۇ يوقىلىشقا باشلىغان . بىراق ، 70 ـ يىللاردىن باشلاپ ، ئايرىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە شەرىئەتنىڭ رولى قايتا تىكلىنىش بىلەن بىللە ، قازىلىققا باشقىدىن ئېتىبار بىلەن قاراش كۆچەيمەكتە .

**قەدەرىيلەر** [ ئە . ] ( تەقدىر ) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئىلاھىيەت ئېقىملىرىدىن بىرى . ئىسلام ئىلاھىيىتىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە بىرقانچە ئەقىدىۋى مەسىلىلەر قاتارىدا تەقدىر ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىمۇ جىددىي تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولغان . VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيدا بولغان قەدەرىيلەر ( ئۇلاردىن پەقەت مەئبەد ۋە ئەتا ئىبىن جەسسەرنىڭ نامىلا مەلۇم ) ئىنسان ئىرادە ئەركىنلىكىنى ياقلاپ چىقىپ ، مۇتلەق فاتالىزم تەرەپدارى بولغان جەبەرىيلەرگە قارشى چىققان . ئۇلار ئادىللىق ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى دېگەننى چىقىش قىلىپ ، ئاللا گۇناھنى ئالدىن بەلگىلىمەيدۇ ، ئاللا پەقەت ئادالەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرىئەت قانۇنلىرىنى تۈزۈش ( ئۇسۇلۇل - فىقھ ) ۋە شەرىئەتنى كونكرېت ساھەلەرگە تەتبىق قىلىش ( فۇرۇئۇل - فىقھ ) دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان، سۈننەت، ئىجماﺋ، قىياس شەرىئەت مەنبەلىرى دەپ تونۇلغان. ئىسلامنىڭ سۈننىي مەزھىپى قانۇنشۇناسلىقىدا ھەنەفىيە، مالىكىيە، شافىئىيە، ھەنبەلىيەدىن ئىبارەت تۆت مۇستەقىل نەزەرىيە مەنبەيى بار. فىقھ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۇنى ئۆگىنىدىغان كىشى فەقىھ ( قانۇنشۇناس ) دەپ ئاتىلىدۇ.

# ق

**قاراتاش** [ ئە. ] ( ھەجەرۇل - ئەسۋەد ) بەيتۇللانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا يەردىن بىر مېترچە ئېگىز قىلىپ سىرتتىن جايلاشتۇرۇلغان تاش، يېرىق پەيدا بولۇپ قالغاچقا، 1844 - يىلى كۈمۈچ رامكا ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان. ھەجگە بارغان مۇسۇلمانلار قارا تاشقا قول تەگكۈزۈپ سىغىنىدۇ. قاراتاش ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ.

**قارىي** [ ئە. ] ئەسلى مەنىسى ئوقۇغۇچى، ئىستېمالدىكى مەنىسى قۇرئاننىڭ بارلىق سۈرىلىرىنى ياد ئالغان ۋە قىرائەت بىلەن ئوقۇيدىغان كىشى.

**قازا ۋە قەدەر** ئىسلام ئىلاھىيىتىدە ئىنسان تەقدىرى ئاللا تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن، دەپ تەلىم بېرىدىغان ئەقىدەۋى چۈشەنچە. قازا ۋە قەدەر ھەققىدىكى ئىلاھىيەت تەلىماتى سۈننىي مەزھىپىدىكى تەقدىر ۋە شىئە مەزھىپىدىكى ئەدل ( ئادىل ) ئەقىدىلىرىنى ئاساسلاشقا قارىتىلغان.

**قازى** [ ئە. ] ( سوتچى، ھۆكۈم چىقارغۇچى ) مۇسۇلمان

( فانافىللاھ ) دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ .

**فىتىر** [ ئە . ] ( ئېغىز ئېچىش سەدىقىسى ) روزا مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلىدىغان سەدىقە . قۇرئاندا بىرەر سەۋەب بىلەن روزا تۇتالماي قالغان كىشىلەرگە فىتىر بېرىش ياكى ئېپتارلىق قىلىش شەرت قىلىنغان . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، روزا تۇتقان ۋە تۇتمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ فىتىر بېرىشى ئادەت تۇسىگە كىرگەن . فىتىر ئادەم بېشىغا قاراپ مەلۇم مىقداردا بۇغداي ، ئارپا ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل بېرىش شەكلى بىلەن بېرىلىدۇ . فىتىر ئادەتتە ، رامىزان ئېيىدا ئۆلىمالارغا ، مەسچىتلەرگە ، كەمبەغەللەرگە ، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىلىدۇ .

**فىدائىيلار** [ ئە . ] ( بىرەر مەقسەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار شەخس ) ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پىدائىيلار . ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىران ، سۈرىيە ، لىۋاندىكى يوشۇرۇن ھەششاشىيلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى . كېيىنكى دەۋرلەردە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ھەرىكەتلەردە فىدائىيلار ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن . مەسىلەن ، ئىراندا 70 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان زىيالىيلار ۋە داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ــ « پىدائىيانى خەلق » ( « خەلق فىدا ئىيلىرى » ) تەشكىلاتى ئىنقىلاب دەۋرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان ، لېكىن ئىنقىلاب غەلبىسىدىن كېيىن ، ئۇلار نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان . ھازىر فىدائىيلار ئاتالغۇسى ئۆز ئىشىغا سادىق ، بۈيۈك مەقسەت يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلمەكتە .

**فىقھ** [ ئە . ] ( چۈشىنىش ) مۇسۇلمان قانۇنشۇناسلىقى ، شەرىئەت قانۇن - قائىدىلىرىنى تۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسلام ئىلاھىيىتىنىڭ بىر ساھەسى . فىقھ دىنىي قانۇنشۇناسلىق سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ، سىياسىي ھەمدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە چىقىرىلىدىغان پەتۋالار دىنىي جامائەلەر ، دىنىي ئورگانلار ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي بېجىرىلىدۇ . پەتۋا قۇرئان ، ھەدىسلەر ۋە شەرىئەتكە ياكى ئىلگىرى چىقىرىلغان پەتۋالارغا ئاساسلىنىپ چىقىرىلىدۇ . كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى پەتۋا چىقىرىشتا ، دىندارلارنىڭ سەۋىيىسىنى ، ھازىرقى دەۋرگە خاس ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇھىتنى نەزەردە تۇتىدىغان بولدى .

**پەرز** [ ئە . ] ( مەجبۇرىيەت ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پەرز . ئىسلامدا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېجىرىشى شەرت بولغان چۈشەنچە . پەرزنى بېجىرمىگەنلەر شەرىئەت سوتى تەرىپىدىن قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ .

**پەرىشتە** [ پ . ] ( ئەرەبچە مەلەك — مەلائىكە ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پەرىشتە . ئاللانىڭ ئەمرىنى بېجىرگۈچى . دىنىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە ، پەرىشتىلەر سان — ساناقسىز بولۇپ ، ھەر بىرى مەلۇم ۋەزىپىنى بېجىرىدۇ . مەسىلەن ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ساۋابلىق ۋە گۇناھلىق ئىشلىرىنى ھېسابلاپ تۇرغۇچى ، جەننەت ۋە دوزاختا دەرۋازىۋەنلىك قىلغۇچى ، ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلغۇچى ( مۇنكەر ۋە نەكىر ) ، ئاللانىڭ بۇيرۇغان خىزمەتلىرىنى بېجىرگۈچى پەرىشتە ۋە باشقىلار . ئىسلام دىنىدا تۆت پەرىشتە ، يەنى ئەزرائىل ، جەبرائىل ، مىكائىل ، ئىسرافىل باش پەرىشتە ھېسابلىنىدۇ .

**پەنا** [ ئە . ] ( فانائ — يوقىلىپ كېتىش ، تۈگەش ) سۇفىلىقتا خاس ئاتالغۇ . سۇفىلىق تەرىقەتىنىڭ تۆتىنچى ، يەنى ئاخىرقى ( ھەقىقەت ) باسقۇچىغا يەتكەن ئادەم ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىدۇ

دۇئا ، قۇرئاننىڭ ئايرىم قىسقا سۈرىلىرىدىن بىرىنى تىلاۋەت قىلىش ، ئىسلام ئەنئەنىسىدە پاتىھە مېيىتنى دەپنە قىلىش ۋە خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلۈك ئائىلە ئەزالىرىغا دىنىي مۇراسىمنى باشلاشتا ، نىكاھ قىلىشتا ۋە باشقا دىنىي قائىدە - يوسۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئوقۇلىدۇ .

**فارابى** ئۇلۇغ ئالىم ، مۇتەپەككۇر ، بۈيۈك پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبن فارابى 870 - يىلى تۈركىستاننىڭ فاراب شەھىرىدىكى ۋاسىج كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . ساۋادىنى فاراب ۋە بۇخارادا چىقارغان ، 901 - يىلدىن 942 - يىلغىچە باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلغان . پلاتونىزم ۋە ئارىستوتېلىزمنى مۇكەممەل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە نۇرغۇنلىغان تىللارنى ئۆگەنگەن ، 70 خىل تىلنى ئىگىلەپ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئۇستاز دەپ نام ئالغان . فارابى لوگىكىغا ئائىت 43 كىتاب ، مېتافىزىكىغا ئائىت 11 كىتاب ، ئېتىكىغا ئائىت يەتتە كىتاب ، قانۇنغا دائىر 17 كىتاب ، مېدىتسىنا ۋە مۇزىكىغا ئائىت 11 كىتاب يازغان . فارابى تۈركىي ، فارسىي ، ئەرەبىي تىللاردا پەلسەپە ، لوگىكا ، قانۇن ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، مېتافىزىكىغا ئائىت جەمئىي 170 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان . « ئارا ئۇ ئەھلى مەدىنە تول - فازىلە » ( پەزىلەتلىك شەھەر خەلقىنىڭ پىكرى ) ، « كىتاب مۇسىقى ئەل - كەبىر » ( مۇزىكا ھەققىدە ) ناملىق كىتابلىرى لاتىن ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان .

**فاسىق** [ئە . ] ( يولدىن ئاداشقان ، ئەخلاقسىز ) ـ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پاسىق . (1) ئىسلام ئەنئەنىسىدە دىن يولىدىن چىققان ، يولدىن ئاداشقان . (2) ئەخلاقىي مەنىدە پاھىشە ، بۇزۇق ئادەم .

**فەتۋا** [ ئە . ] ( ھۆكۈم ، قارار ) ـ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پەتۋا . ئىسلامدا مۇفتىي ياكى ئۆلىمالار كېڭىشى تەرىپىدىن دىنىي ، قانۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نامى . ئورتودوكسال ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىرى شىئە مەزھىپىدىن ئاجرىلىپ چىققان تارماق مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ( ئىسمائىلىيلار ، نۇسەيرىيلار ۋە باشقىلار ) نى غۇلات مەزھەپلىرى دەپ ئاتايدۇ .

# ف

**فاتىمە** ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پاتىمە ــ ( تەخمىنەن 605 ياكى 606 - يىلىدىن 632 - ياكى 633 - يىللار ) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كەنجى قىزى . پاتىمەگە سىغىنىش شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغان . شىئە ئىماملىرى ۋە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى كۆپچىلىك سۇلالىلەر ( ئىدرىسىيلەر ، فاتىمىيلەر ، سەئىدىيلەر ۋە باشقىلار ) ، شۇنىڭدەك بارلىق سەيدلەر ئۆزىنى پاتىمە ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەلى ئىبىن ئەبۇتالىپ ئەۋلادلىرىدىن تارقالغان ، دەپ ھېسابلايدۇ . پاتىمە مەدىنىگە دەپنە قىلىنغان ، مەككە ۋە مەدىنەگە بارغان شىئە مەزھىپىدىكى ئاياللار پاتىمەنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ .

**فاتىمىيلار** ئەرەب خەلىپىلىرى سۇلالىسى ( 909 ــ 1171 ) ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمە ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ . فاتىمىيلار شىمالىي ئافرىقىدا ، كېيىن مىسىردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان .

**فاتىھە** [ ئە . ] ( ئاچماق ، باشلىماق ) ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پاتىھە . (1) قۇرئاننىڭ بىرىنچى ( دەسلەپكى ) سۈرىسىنىڭ نامى . ئۇ يەتتە ئايەتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاللانىڭ سۈپىتى ھەمدە ئاللا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلىگۈچى ئاساسىي ئىسلام غايىسى مەدھىيىلىنىدۇ . (2) بىرەر سەۋەب مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇلىدىغان

پەلاسىپە » ) ، « سائادەت كىمىياسى » ( « كىميائى ـ سائادەت » ) ۋە باشقىلار بار . غەزالىي ئىسلام ئىلاھىيىتى سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققان ھەم ئۇنى پەلسەپە جەھەتتىن ئاساسلاشقا ئىنتىلگەن . ئۇ دۇنيا قانۇنىيىتىنى ئەقىل ـ ئىدراك ئارقىلىق بىلىشنى ئىنكار قىلمىسىمۇ ، ئاللانى ئەقىل ـ ئىدراك ئارقىلىق ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنى مەخسۇس روھىي ، جىسمانىي ھەرىكەتلەر ـ سىغىنىش ۋە ئىبادەت ئارقىلىق ئاڭلاش مۇمكىن ، دەپ قارىغان . ئۇنىڭ پىكرىچە ، جان ئاللاغا ئوخشاش ئالەمنىڭ سىرتىدا ، ئالەم ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغان . ئۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى مىستىك نېئوپلاتونىزم ئىدىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئارىستوتىل ، فارابى ، ئىبن سىنا ۋە باشقىلارنىڭ راتسىئونالستىك پەلسەپىۋى سىستېمىسىغا قارشى تۇرغان . غەزالىينىڭ دىنىي سىستېمىسى سۇفىلىقنى ئورتودوكسال ئىسلام بىلەن بىرلەشتۈردى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئىسلاھاتچىسى بولۇپ قالدى .

**غەزدۋات** ← جىھاد

**غەنىيمەت** [ ئە . ] ( ئولجا ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى باشقا مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا قولغا كىرگۈزگەن بارلىق نەرسىلەر ۋە قۇللار غەنىيمەت دەپ ھېسابلانغان . غازات ۋە جىھاد ( دىن يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش ) لاردا غەنىيمەت ئېلىش شەرىئەتتە قانۇنىي دەپ بەلگىلەنگەن . غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ( خۇمس ) دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان ، قالغان قىسمى لەشكەر باشلىقلىرى ۋە لەشكەرلەر ئارىسىدا تەقسىملەنگەن .

**غۇلات** [ ئە . ] ( غالىي ـ چەكتىن چىققان ) ئىسلام دىنىي تەلىماتلىرىدىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتكەن مەزھەپلەرنىڭ ئومۇمىي

دەرىجىدە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ تارقالغان. بەزى ئۆرپ - ئادەت، دىنىي مۇراسىملار ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىدىمۇ شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقلار بار. شىئە مەزھىپىدىكىلەر سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا مەككە ۋە مەدىنەنى «مۇقەددەس» دەپ تونۇش بىلەن بىللە، كەربالا، نەجەپ شەھەرلىرىدىكى شىئە ئىماملىرىنىڭ قەبرىلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىدۇ. شىئەلەرنىڭ شەرىئىتىدە جەئفەرىيە مەزھىپى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار ئىمام ھۈسەينگە ماتەم تۇتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە شىئەلەر ئىچىدىمۇ ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، نەتىجىدە بىرقانچىلىغان تارماق مەزھەپلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلاردىن زەيدىيلەر، ئىسمائىلىيلار، ئىبادىيلار قاتارلىق مەزھەپلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت. شىئە مەزھىپى ھازىرقى ۋاقىتتا ئىراندا ھۆكۈمران ئېتىقاد ھېسابلىنىدۇ. ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە پاكىستاندىمۇ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار.

# غ

**غازىي** [ئە.] (جەڭچى، ئەسكەر، لەشكەر) ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان «مۇقەددەس ئۇرۇش» (غەزاۋەت) قا قاتناشقۇچى. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئاللا يولىدا جەڭ قىلغان ئادەم جەڭدە ئۆلسە شېھىت؛ ئۆلمەي قالسا غازىي دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**غەزالىي** ئەبۇھامىد مۇھەممەد ئىبن مۇھەممەد غەزالىي (1059 ~ 1111) مەشھۇر مۇسۇلمان ئىلاھىيەتچىسى، پەيلاسوپ. مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «پەيلاسوپلارنى رەت قىلىش» («تەھافۇتۇل -

10 پـرسـەنـتـىـنـى شـىئە مـەزھـىـپـىدىكـىلەر ئىگىلەيدۇ . شىئە مەزھىپى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلىپە ئەلى ھاكىمىيىتى تەرەپدارلىرىنى ئاساسىي گـەۋدە قـىـلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن . VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئـىـران ۋە ئـىـراقـتـا كـەڭ تـارقـالـغان ھەمدە ئىسلامدىكى مۇستەقىل دىنىي مـەزھەپكـە ئايلانـغان . شىئە مەزھىپى دىنىي - ئەقىدىۋى تەلىمات ، مۇرا- سـىـم ، ئۆرپ - ئادەت جـەھەتلەردە سۈننىي مەزھىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە پـەرق قـىـلىدۇ . شىئەلەر سۈننىيلەرگە ئوخشاشلا قۇرئاننى ئىلاھى تەلىمات دەپ قـوبـۇل قىلىدۇ ، لېكىن ، خەلىپىلەر دەۋرىدە ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرى چـۇشۇرۇپ قويۇلغان دەپ قارايدۇ . شىئە مەزھىپىدىكىلەر تەۋھىد ، ئەدل ، نـۇبۇۋۋەت ، قىيامەت ، ئىما مەتتىن ئىبارەت بەش ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىدۇ . ئۇلاردىـن تـۆت ئەقـىدە يەنى تەۋھىد ( ئـالـلانـىـڭ بـىـرلـىـكـىـنـى ئېتـىـراپ قـىـلـىـش ) ، ئەدل ( ئادالەت ، ئاللانىڭ ئادىللىقى ، يەنى تەقدىر ئەقىدىسى ) ، نۇبۇۋۋەت ( پەيغەمبەرلىك ) ، قىيامەت ياكى مەئاد ( ئاخىرەت كـۈنـىنىڭ كېلىشى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى ) قاتارلىقلار سۈننىيلەرنىڭ تـەلـىـمـاتـى بـىـلەن بىردەك بولسىمۇ ، بەشىنچى ئەقىدە ئىمامەت ( ئىماملار ھاكـىـمـىيىتىنى ئېتراپ قىلىش ) سۈننىي مەزھىپى ۋە خەلىپىلەر ھاكىمىيە- تـىـگە زىت كېلىدىغانلىقى بىلەن پەرق قىلىدۇ . شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئەلى ۋە ئۇنـىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت 12 ئىمامنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شـۇ مـۇنـاسـىـۋەت بـىـلـەن بـارلـىـق خەلىپىلەرنى ، بولۇپمۇ دەسلەپكى خـەلـىـپىلەردىن ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر ۋە ئوسماننى ھاكىمىيەتنى مەجبۇرىي ئە- گـىـلـىـۋالـغان دەپ تونۇيدۇ . شىئەلەر 874 ~ 878 يىللار ئارىسىدا 7 ~ 9 يـاشلاردىـكـى دىـرەكـسـىز يوقىلىپ كەتكەن 12 - ئىمام مۇھەممەدئەل - مـەھدىـيـنى « غايىب بولغان » دەپ بىلىدۇ ، زامانە ئاخىر بولغاندا ، ئۇنىڭ قـايـتىپ كېلىشىنى ۋە ئادالەت ئورنىتىشىنى كۈتىدۇ . مۇنداق قاراش مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلمەكتە.

**شۇئەيب** پەيغەمبەر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مەديەن ئاھالىسىگە ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە يامان ئىشلار تارالغان بولۇپ، تارازا - ئۆلچەملەردە ساختىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تەۋھىدكە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلغان، ئەمما مەديەنلىكلەر بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: «راست پەيغەمبەر بولساڭ، ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن» دېگەن. ئاللا ئۇلارنى يەر تەۋرەش، قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاش، ئاسماندىن ئوت ياغدۇرۇشتەك جازاغا ئۇچرىتىپ هالاك قىلغان.

**شۇئۇبىيلار** [ئە.] (شەئب - خەلق) ئىران ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ، ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان دەۋر (VII ئەسىر) دە ئەرەبلەرنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرغان، قەدىمكى ئىران مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش تەرەپدارى بولغان ئېقىم. شۇ — ئۇبىيلار ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىران زىيالىيلىرى، شائىرلىرى، هۆر پىكىرلىك ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان. كېيىن ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە شۇئۇبىيلار تەدرىجىي يوقىلىپ كەتكەن.

**شىئە مەزھىپى** ئىسلامدىكى ئاساسىي مەزھەپلەردىن بىرى. تارقىلىشى ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي ماھىيىتى جەھەتتە سۈننىي مەزھىپىدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ. هازىر دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەخمىنەن

**شەيتان** [ ئە . ] ئىسلام، خرىستىئان ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەلىماتىغا كۆرە، يامان ئىشلارغا سەۋەبكار بولغۇچى، ئادەملەرنى گۇناھقا يېتەكلىگۈچى خىيالىي ئوبراز. قۇرئاندا ئېيتىلىشىچە ئاللا شەيتاننى ئوتتىن ياراتقان، كېيىن شەيتان ئاللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان، لېكىن ئاللا بەندىلىرىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، شەيتانغا مۆھلەت بەرگەن. شەيتان قۇرئاندا ئىبلىس دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

**شەيخ** [ ئە . ] ( قېرى، ئاقساقال ) ئىسلام دىنى تارقالغان دۆلەتلەردە ئاۋۋال بىلىملىك كىشىلەر، ئالىملار، كېيىن ئۆلىمالار، روھانىيلار، فەقىھلار، ئۇنىڭدىن كېيىن سوفىلىق تەرىقەتىدىكى پىرلار، ئىشانلار، « مۇقەددەس جايلار » نىڭ مۇتەسەددىلىرى ( باشقۇرغۇچىلىرى ) مۇ شەيخ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەرەبلەردە ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇرۇق، قەبىلە ئاقساقاللىرى شەيخ دەپ ئاتالغان. ھازىر مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئالىي دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى شەيخ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، ئۇ يەنە داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپىنچە مۇقەددەس مازارلار ۋە قەدىم جايلارغا قاراپ سەدىقە ۋە نەزىر - نىياز بەدىلىگە ياشايدىغان كىشىلەر شەيخ دەپ ئاتىلىدۇ.

**شەيخۇلئىسلام** مۇئەييەن بىر دۆلەتتە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقى — ئالىي روھانىي ئۇنۋانى. بۇخارا خانلىقى، تۈركىيە ( X VI ئەسىردىن 1924 - يىلغىچە ) ۋە باشقا دۆلەتلەردە شەيخۇلئىسلام ئەڭ ئالىي دىنىي رەھبەر ھېسابلانغان. مۇنداق ئالىي دىنىي رەھبەر ياكى ئۇنۋان مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ھازىرمۇ ساقلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھرەستانىي 1075 ياكى 1086 ~ 1153 ) شافىئىيە مەزھىپىنىڭ فەقىھى ، ئەشئەرىيلەر ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىلاھىيەتچى ، دىن ۋە دىنىي پەلسەپىۋى تەلىماتنىڭ تارىخچىسى ، پەيلاسوپ . ئىراننىڭ خۇراسەن ۋىلايىتىدىكى شەھرەستان شەھرىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ زامانداشلىرى شەھرەستانىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىش بىلەن بىللە ، ئۇنى ئىسمائىلىيلار تەرەپدارى دەپ ئەيىبلىگەن ، ئىجادىيەتلىرىدە قۇرئانغا ۋە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانمىغان ، دېيىشكەن ، ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى پەلسەپىۋى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى قارشىلىققا ئۇچرىغان . شەھرەستانى ئوندىن ئارتۇق ئەسەر يازغان ، ئۇلاردىن ئەشئەرىيلەر ئىلاھىيەت سىستېمىسىنىڭ بايانى ، قۇرئانغا شەرھلەر ( ئىسمائىيلار كۆز قارىشىدا ) دىن پارچىلار ساقلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ « دىنلار ۋە مەزھەپلەر ھەققىدە كىتاب » ( « كىتابۇل مىلەل - ۋەن - نىھەل » ) ئەسىرى دىن تارىخىدا ئەڭ مەشھۇر ۋە نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرىدۇر . مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئىسلام تارىخىنى ، ئىككىنچى قىسمىدا بولسا ، ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادلىرى ۋە دىنىي پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنى بايان قىلغان . بۇ ئەسەرنىڭ ئىسلام مەزھەپلىرى ۋە ئېقىملىرىغا ئائىت بىرىنچى قىسمىنى شەرقشۇناس س . م . پروزىروۋ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان ( 1984 - يىل موسكۋادا نەشر قىلىنغان ) .

**شەھىد** [ ئە . ] - ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا شېھىت ، ئىسلامدا دىن يولىدىكى جەڭدە قۇربان بولغان شەخس . ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شېھىتلىق ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزى بەلگىلەش ، ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن . جىھاد ( دىن يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ) دا قۇربان بولغانلارنى شېھىت دەپ ئاتاش شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان .

تەرەپلىرىگە، ھەتتا ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتىپ كەلگەن. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان كۈچلۈك قورالغا ئايلانغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلىۋاتقان قىسمەن شەرق ئەللىرىدە بۇرژۇئازىيە ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق شەرىئەتنى ئىسلاھ قىلىش كۈچىيىپ، قىسمەن تەرەپلەردە ئۇنىڭ رولى ئاجىزلىششقا باشلىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا ماڭغان دۆلەتلەردە بۇ جەريان تېزلەشتى. ئايرىم مەملىكەتلەردە ھازىر شەرىئەتنىڭ تەسىرى دىنىي ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەت مەسىلىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. مۇنداق ھالەت ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستىراق بولغان دۆلەتلەردىمۇ تەدرىجىي ئىپادىلەنمەكتە. لېكىن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە، خۇسۇسەن ئادەتتىكى دىنىي كىشىلەر ئارىسىدا شەرىئەتنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ كۈچلۈك. قىسمەن بىرىم فېئوداللىق مەملىكەتلەردە بولسا، شەرىئەت تولۇق ھۆكۈمران ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

**شەفائەت** شۇفئەت [ئە.] (بىرەر نەرسىنى ھىمايە قىلىش، تەرىپىنى ئېلىش، ئوتتۇرىدا ۋاستىچى بولۇش) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا شاپائەت. (1) ئىسلام ئەنئەنىسىدە پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئالدىدا ئىنسانىنى ھىمايە قىلىش، تەرىپىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن سىغىنىش ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى شەفائەت دەپ ئاتالغان. (2) شەرىئەتتە بىرەر نەرسىنى سېتىۋېلىشتا باشقىلارغا نىسبەتەن ئىمتىيازلىق ھوقۇققا ئىگە بولۇش شۇفئەت دەپ ئاتالغان.

**شەھرەستانىي** ( مۇھەممەدئىبن ئابدۇلكەرىم ئەش -

دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنلار مەجمۇئەسىنىڭ بولۇشىغا ئېھتىياج تۇغۇلغان. ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىرى مىرقانچە ئەسىر مابەينىدە قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلىپ، شەرىئەت قانۇنلىرىنى تۈزۈپ چىققان، بۇ قانۇنلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. شەرىئەت XI – XII ئەسىرلەردە دىنىي ھوقۇق سىستېمىسى سۈپىتىدە رەسمىي شەكىللەنگەن. ئىسلامدا سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا شەرىئەت توغرىلىق مەلۇم ئىختىلاپ مەۋجۇت. سۈننىي مەزھەپىدىكى ھەنەفىيە، مالىكىيە، شافىئىيە ۋە ھەنبەلىيە تارماق مەزھەپلىرىنىڭ، شىئەلەردە بولسا جەئفەرىيە مەزھىپىنىڭ ئۆزىگە خاس ھوقۇق سىستېمىلىرى بار. شەرىئەتتە دۆلەت (خەلىپىلىك) نىڭ ھوقۇق دائىرىسى، مەجبۇرىيەت، مىراس، جىنايەت، جازا، ئائىلە – نىكاھ ئىشلىرى، شۇنىڭدەك سودا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەر ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شەرىئەتتە خۇسۇسىي مۈلۈك ئاللا تىن بېرىلگەن دائىملىق ۋە ئۆزگەرمەس بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شەرىئەتتە يەنە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات، ھەج ۋە باشقىلار ھەققىدە تەپسىلىي كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن. شەرىئەتتە بارلىق ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر دەسلەپتە ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. شەرىئەت تولۇق شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇلار بەش تۈرگە ئايرىلغان: فەرز – قەتئىي، مەجبۇرىي ئورۇندىلىدىغان ئىش – ھەرىكەتلەر؛ مەندۇب (سۈننەت)، مەجبۇرىي ئەمەس، لېكىن مۇۋاپىق تېپىلغان، قىلىش لازىم دەپ ھېسابلانغان ئۆلچەملەر؛ مۇباھ – ئىختىيارىي ئۆلچەملەر؛ مەكرۇھ – مۇۋاپىق بولمىغان ئۆلچەملەر؛ ھارام – قەتئىي چەكلەنگەن ئىش – ھەرىكەتلەر. شەرىئەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، كىشىلىك ھاياتنىڭ بارلىق

مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى دىنىي ئىسلاھاتچىلىقنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن .

**شەخسىي - ۋەخسىي** شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمى . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ( ئەلىنىڭ ئوغلى ) ئىمام ھۆسەيىنىنىڭ قۇربان بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ . شەخسىي - ۋەخسىي شىئەلەرنىڭ ماتەم ۋاقتىدا ئادەت قىلغان « شاھ ھۆسەين ، ۋاھ ھۆسەين » دەپ يىغلاپ چاقىرىدىغان سۆزلىرىنىڭ قىسقارغان شەكلى .

**شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان مەملىكەتلىرىنىڭ يەرلىك ئىسلام تەشكىلاتى** 1980 - يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاسىيا ۋە ئوكيانىيەدىكى 16 مەملىكەتتىن كەلگەن 40 مۇسۇلمان تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان يىغىندا قۇرۇلغان . تەشكىلات قوشنا دۆلەتلەردە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشكە ياردەملىشىش ۋە « مۇسۇلمان بولمىغان مەملىكەتلەردە ياشايدىغان ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار » غا مەدەت بېرىشنى ئاساسىي ۋەزىپىلەردىن بىرى دەپ قارار قىلغان .

**شەرىئەت** [ ئە . ] ( توغرا يول ، ئىلاھىي يول ، قانۇنچىلىق ) ئىسلام دىنى ھوقۇق سىستېمىسى . ئۇنىڭدا ساپ ھوقۇقى مەسىلىلەردىن باشقا ، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دىنىي تەلەپلەر گىمۇ قانۇنىي تۈس بېرىلگەن . ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى قۇرئان ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان . فېئودالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلام ھوقۇقىنى ئەنئەنىۋى ئۆلچەملەر بىلەن باغلاشقا ئىنتىلگەن ، فىقھ ئاساسلىرىغا ناھايىتى كۆپ تەبىر بەرگەن . شافىئىينىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى شاگىرتلىرى تەرىپىدىن « كىتاب ئەل - ئۇمم » نامى بىلەن توپلام قىلىنغان .

**شافىئىيە** سۈننىي مەزھەپنىڭ تارماق مەزھەپلىرىدىن بىرى ، ئاساسچىسى شافىئىي . دەسلەپ سۈرىيە ۋە مىسىردا شەكىللەنگەن ، ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەزھەپنىڭ تەسىر دائىرىسى تارىيىپ بارغان . ھازىر مىسىر ، ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ، شەرقىي ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ، سۈرىيىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ۋە بەزى جەنۇبىي ئەرەب پادىشاھلىقلىرىدا شافىئىيە مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدىغانلار بار .

**شاھ ۋەلىئۇللاھ** ئەھمەد ئابدۇرەھىم ( 1703 ~ 1762 ) X VIII ئەسىردە ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا باشلانغان دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى ، چوڭ روھانىينىڭ ئوغلى . دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئاتىسى ئاساس سالغان « مەدرەسەئى رەھىمىيە » دە پەلسەپە ، نەزەرىيە ۋە مەنتىقىدىن دەرس بەرگەن . ھىندىستاندا بابىرىيلار ئىمپېرىيىسى مۇنقەرزگە ئۇچرىغان دەۋردە ، ئۇنىڭ تەلىماتى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شۆھرىتىنى تىكلەشكە قارىتىلغان . شاھ ۋەلىئۇللاھ ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلار دائىرىسىدىن ھالقىپ ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم ۋە مەرىپەتنى ، ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش ، بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلىش تەرەپدارى بولۇپ مەيدانغا چىققان . شۇ مەقسەتتە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى سۈرە ، ئايەت ۋە رىۋايەتلەرنى ئىسلاھاتچىلىق روھىدا چۈشەندۈرگەن . شاھ ۋە لىئۇللاھنىڭ پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتكە دائىر 50 دىن ئارتۇق ئەسىرى بار . بۇ ئەسەرلەر ھىندىستان

بويىچە ـ يول . ئىسلام ئەنئەنىسىدە جەننەتكە ئۆتىدىغان قىل كۆۋرۈك . پارىس ـ تاجىكچە « يولى سىرات » ـ سىرات كۆۋرۈكى .

**سىرە** [ ئە . ] ( هايات يولى ، تەرجىمەهال ) مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ هايات يولىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان ، دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى . دەسلەپتە سىرەلەر كۆپ بولۇپ ، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يوقىلىپ كەتكەن . بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ۋاقىدىي ( 747 ~ 823 ) نىڭ « كىتابۇل ـ مەغازىي » ( ھەربىي يۈرۈشلەر كىتابى ) ۋە بۇرۇنقى سىرەلەر ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىبن ئىسهاق ۋە ئىبن هىشامنىڭ « سىرە تۇر ـ رەسۇلىللاھ » ( ئاللا ئەلچىسىنىڭ هايات يولى ) ئەسەرلىرىدۇر . سىرەلەر دەسلەپكى ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىق مەنبە هېسابلىنىدۇ .

**سىغە** ← مۇتئە

## ش

**شافىئىي** ئەبۇ ئابدۇللا مۇهەممەد ئىبن ئىدرىس ئەش ـ شافىئىي ( 767 ~ 820 ) سۈننىي مەزهىپىدىكى شافىئىيە مەزهىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى ، ئىلاهىيەتچى فەقىھ ( قانۇنشۇناس ) لەردىن بىرى . مەككىدە ياشىغان ، ھەدىسلەرنى ۋە قانۇنشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن ، يەمەندە قازى بولغان . ئەلى ئەۋلادلىرى بىلەن يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن 803 ـ يىلى قاماققا ئېلىنغان . كېچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن مىسىرغا كېتىپ ، مالىك ئىبن ئەنەسنىڭ شاگىرتى سۈپىتىدە پائالىيەت باشلىغان ، 810 ـ يىلدىن باشلاپ باغدادتا ئۆز تەلىماتىنى تەرغىپ قىلغان . شافىئىي ئۆز ئەسەرلىرىدە

غان ) ئىسلام دىنىدىكى ئىككى ئاساسىي مەزھەپنىڭ بىرى بولۇپ ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان . مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ 90 پىرسەنتى سۈننىي مەزھىپىگە ، 10 پىرسەنتى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ . سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرى ئاساسەن ئاسىيا ، ئافرىقا ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا تارقالغان . سۈننىي مەزھىپى VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەبىستاندا مەيدانغا كەلگەن . VII - VIII ئەسىرلەردە ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى دىنىي ، سىياسىي كۈرەشلەر جەريانىدا ، ئىسلامدا ئەڭ چوڭ مەزھەپ سۈپىتىدە شەكىللەنگەن . سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان بىلەن بىللە ، سۈننەتكە ئېتىقاد قىلىدۇ . مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە خەلىپە ئەلى بىلەن بىر قاتاردا شىئە مەزھىپىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان دەسلەپكى خەلىپىلەر ( ئەبۇبەكرى ، ئۇمەر ، ئوسمان ) لەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ . VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ سۈننىي مەزھىپى دائىرىسىدە مىستىك ئېقىم ــ سۇفىلىق ، XVIII - XIX ئەسىردە دەسلەپكى دەۋردىكى « ساپ ئىسلام » غا قايتىش تەرەپدارى بولۇپ شەكىللەنگەن چىققان دىنىي ، سىياسىي ئېقىم ــ ۋەھھابىيلار ، XIX - XX ئەسىرلەردە بولسا ، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ـ دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ۋە مودېرنىزىم مەيدانغا كەلگەن . سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرى سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرىنىڭ ھەر يىلى زىيارەت ( ھەج ) قىلىدىغان مۇقەددەس شەھەرلىرىدۇر . ھەجگە قىسمەن شىئە مەزھىپىدىكىلەرمۇ بارىدۇ . سۈننىي مەزھىپى بىلەن ئىسلامدىكى ئىككىنچى ئاساسىي مەزھەپ شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنچىلىغان ئىختىلاپلار مەۋجۇت .

**سىرات** كلاسسىك ئەرەب تىلىدا ، يەنى قۇرئان ئاتالغۇلىرى

سۈرىلەر ئۈززۈن - قىسقىلىقى بىلەن پەرق قىلىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن سۈرە 286 ئايەتنى، ئەڭ قىسقىسى ئۈچ ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر سۈرىنىڭ خاس نامى بار. مەسىلەن، 2 - سۈرە «بەقەرە» («كالا»)، 4 - سۈرە «نىسا» (خوتۇنلار)، 6 - سۈرە «ئەنئام» (چارۋىلار)، 8 - سۈرە «ئەنفال» (ئولجا).

**سۈننەت** [ئە.] (ئادەت، ئەنئەنە، ھەرىكەت، پائالىيەت) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبرەت دەپ قارالغان سۆزلىرى ۋە ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى. سۈننەت ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەردە بېرىلگەن ھەم توپلام قىلىنغان. ئىسلامدا سۈننەت قۇرئاندىن كېيىن قالسا ئۇنى تولۇقلىغۇچى مەنبە، ئىسلام ئىلاھىيتى ۋە شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى ئاساسى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان. سۈننەت VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يىغىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدا ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى دائىرىسىدىكى ئىچكى كۈرەشلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھەر خىل سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز ئالدىغا ھەدىسلەرنى توپلىغان، بىر يېرىم، ئىككى ئەسىر داۋامىدا ھەدىسلەر كۆپىيىپ كەتكەن. IX ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ھەدىسلەر رەتلىنىپ دىن، ئەخلاق فىقھىنىڭ مۇقەددەس مەنبەيىگە ئايلانغان. ئۇلاردىن بۇخارىي (810 ~ 870) ۋە مۇسلىم (817 ~ 875) نىڭ توپلاملىرى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ تونۇلغان. سۈننەتتە ئەرەب خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەسلەپكى ئىككى ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان تارىخىي مەلۇماتلارمۇ ئەكس ئېتىلگەن.

**سۈننىي مەزھىپى** (سۈننىي - سۈننەت سۆزىدىن ئېلىن-

زەردۇشتىيلىق مىفولوگىيىسىنى يېڭى پلاتونىزم بىلەن باغلىغان . ئۇنىڭ غايىسىگە سۇفىلىق تەلىماتى ئاساسلىق تەسىر كۆرسەتكەن . بىراق ، ئۇ ئەمەلىيەتتە سۇفى بولمىغان ، بەلكى مۇسۇلمان پەلسەپىسىگە يېقىنراق تۇرغان . سۇھرەۋەردى دىن مەسىلىسىدە ئونىۋېرسالىزم ( ئومۇملۇق ) نۇقتىئىينەزەردىن قاراپ ، بىرەر دىننىڭ ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇشىنى رەت قىلغان . ئۇنىڭ غايىلىرى ئىران مۇتەپەككۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان .

**سۇھۇف** [ ئە . ] ( « سەھىپە » سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى ) قۇرئاننىڭ دەسلەپكى قول يازمىلىرى . مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ( 633 - يىلى ) ، خەلىپە ئابۇبەكرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرغىباتىنى يادىدا ساقلىغان كىشىلەردىن ۋە ھەر خىل يازما خاتىرىلەردىن يىغىپ توپلاشنى مەھەممەد پەيغەمبەرگە ئاخىرقى دەۋرلەردە كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغان زەيد ئىبنى سابىتقا تاپشۇرغان . تەييارلانغان قولىيازما سۇھۇف دەپ ئاتالغان ، بىراق ئۇ ساقلىنىپ قالمىغان . 651 - يىلى خېلى مۇكەممەل بولغان توپلام مۇسھەف يېزىلغان بولسىمۇ ، خەلىپىلەرنىڭ پەرمانى بىلەن يوقىتىلغان ، دەسلەپكى ئىسلام تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە سۇھۇف 110 ( كېيىنرەك قانۇنلاشتۇرۇلغان قۇرئان تېكىستلىرىدە 114 ) سۈرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان .

**سۇتخورلۇق** ← رىبائ

**سۇرە** [ ئە . ] ( تىزما ، قاتار مەنىسىدە ) پەقەت قۇرئانغىلا خاس ئاتالغۇ . قۇرئاننىڭ بۆلۈملىرى سۇرە دېيىلىدۇ ، ئۇنى باب بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن . قۇرئاندا جەمئىي 114 سۇرە بار ،

تەرغىپ قىلغان؛ خەلقنى ئىتائەتكارلىققا، بۇ دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، «ئۇ دۇنيا» نىڭ پاراغەتلىرىگە ئىشىنىشكە ئۈندىگەن. ئۇنىڭ «بۇۋى مەريەم كىتابى»، «ئاخىر زامان كىتابى» قاتارلىق داستانلىرى بار. شېئىرلىرى «باقىرغان كىتابى» نامى بىلەن توپلام قىلىنغان، بۇ كىتاب 1877 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېتىم قازاندا نەشر قىلىنغان.

**سۇلەيمان** پەيغەمبەر. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئاندا 16 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا ھەم پەيغەمبەرلىكنى، ھەم پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغان. ئاللا ئۇنىڭغا يەنە كىچىكىدىنلا ھېكمەت ۋە تەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان. چوڭ بولغاندا ئاللا ئۇنىڭغا قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلدۈرگەن، شامالنى ۋە جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھ بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بەيتۇلمۇ قەددەسنى تەئمىر قىلغان، قۇرۇلۇش يەتتە يىلدا تاماملانغان. ئۇ يەنە قۇددۇس شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرغان. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام 52 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، 40 يىل پادىشاھ بولغان.

**سۇھرەۋەردى** (شاھابىددىن يەھيا ئەس ـ سۇھرەۋەردى، 1155 ~ 1191) ئىرانىنىڭ دىنىي ـ مىستىك پەيلاسوپى، «پارلاش» (ئىشراق) توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ ئاساسچىسى. ئېتىقادسىزلىق ۋە ئىسمائىلىيلارنى تەرغىپ قىلغانلىقتا ئەيىبلىنىپ، سالاھىددىننىڭ ئەمرى بىلەن ھەلەب شەھىرىدە قەتلى قىلىنغان. سۇھرەۋەردىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا زەردۇشتىيلىق كۈچلۈك تەسىر قىلغان. ئۇ مەۋجۇدىيەتنى ھەر خىل تېزلىكتە تارقىلىۋاتقان رەڭ، نۇر دەپ قاراپ، ئۇلارنى «ئاۋېستا» قەھرىمانلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. سۇھرەۋەردى ئۆز تەلىماتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىمالىي ھىندىستان، ھىندونېزىيە، جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمالى رايونلىرىغىچە تارقالغان. X - XI ئەسىرلەردىن باشلاپ ئايرىم پىرلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ھەم ئۇلارغا قاراشلىق خانىقالارمۇ مەيدانغا كەلگەن. ماۋرائۇننەھردە سۇفىلىق IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە فېئوداللارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى كۈچەيگەن دەۋردە كەڭ تارقالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ تۈرلۈك تارماق ئېقىملىرى پەيدا بولغان. بۇ ئېقىملارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانى ۋە ئەھمەد يەسەۋىيدۇر. XII - XIV ئەسىرلەردە نەقشىبەندىيلىك مەيدانغا كەلگەن. سۇفىلىق كىشىلەرنى جەمئىيەت ھاياتىدىن چەتكە قاقىدۇ، ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىنى بۇرمىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇفىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازى ۋە ئاتالغۇلىرى شەرقنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىم ۋە شائىرلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى سۇفىلىق نىقابىدا تەرغىب قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. نىزامىي، نەۋائى، ھاپىز، جامىيغا ئوخشاش بۈيۈك شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە سۇفىلىق تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. سۇفىزملىق ئەدەبىيات ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىغا، خۇسۇسەن ئەرەب، پارس، تۈرك، ئوردو ۋە باشقا تىللاردىكى شېئىرىيەتكە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

**سۇلايمان باقىرغانى** (تەخمىنەن 1186 - يىلى ۋاپات بولغان) دىنىي - مىستىك شائىر. ئۇ «ھەكىم ئاتا» دەپ ئاتالغان («باقىرغانى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى)، ئىشار دېگەن يەردە تۇغۇلغان. سۇلايمان باقىرغانى ئەھمەد يەسەۋىي تەلىماتىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى. ئۇ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئىجادىغا ئاھاڭداش بولۇپ، تەسەۋۋۇپ، دىن، شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى كەڭ

قىسىم، VIII ئەسىردە ئەرەب دۆلەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن. سۇفىلىق تەلىماتىنىڭ ماھىيىتى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئاللاغا بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. سۇفىلىق تەرىقەتىدە پىر ۋە شاگىرت ( مۇرشىد ۋە مۇرىد ) لىق مۇناسىۋەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇفىلىقتا روھىي جەھەتتىن كامالەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاساسىي يوللىرى تۆت باسقۇچتىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەن: ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى شەرىئەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن تەسەۋۋۇپ ئەھلى شەرىئەتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىككىنچى باسقۇچ — تەرىقەتكە كۆتۈرۈلىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا مۇرىدلار ئۆز پىرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىشى شەرت. بۇ باسقۇچتىن ئۆتكەنلەر يۇقىرىراق ئۈچىنچى باسقۇچ — مەرىپەتكە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ باسقۇچتا سۇفىلار كائىناتنىڭ بىرلىكى ئاللادا مۇجەسسەم بولىدىغانلىقىنى ( ئالەم ئاللانىڭ نۇرى ئىكەنلىكىنى ) ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ نىسپىيلىكىنى ئەقىل بىلەن ئەمەس، قەلب بىلەن ئاڭلاشلىرى كېرەك؛ تۆتىنچى باسقۇچ — ھەقىقەت دېيىلىدۇ. «ھەقىقەتكە ئېرىشىش» سۇفىنىڭ «شەخس سۈپىتىدە يوقىلىپ» ئاللاغا يېتىشىپ، ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشدۇر. بۇنىڭغا سۇفىلار مەخسۇس روھىي ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلەر — سىغىنىش ۋە ئىبادەت ئارقىلىق ئىنتىلىدۇ. سۇفىلىق تەرەپدارلىرى دەسلەپكى دەۋرلەردە ماددىي بايلىققا ئىگە بولۇشنى قارىلاپ، ھەقىقىي بايلىقنى مەنىۋى، روھىي بايلىق دەپ ھېسابلىغان. غەززالى تەسەۋۋۇپنى ئورتودوكسال ئىسلام تەلىماتى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا رەسمىي تەلىمات سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. سۇفىلىق ھەر خىل دەۋرلەردە ئەرەب دۆلەتلىرى، يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**سەيىد** [ ئە . ] ( جاناب ) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ پەخرىي نامى . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۆسەيندىن تارقالغان ئەۋلادى سەيىدلەر دېيىلگەن . مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە سەيىدلەر ھەر دائىم ئالاھىدە تەبىقە سۈپىتىدە قارىلىپ ، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن دۆلەت ھېسابىدا تەمىنلەنگەن ، خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ، ئۇلارنىڭ ئاددىي كىشىلەرگە قىز بېرىشى چەكلەنگەن . سەيىدلەر ئومۇمەن بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ ، شىئەلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىراندا ئەڭ كۆپ تارقالغان ( كېيىنكى مەلۇماتلار بويىچە 600 مىڭغا يېقىن ) . سەيىدلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا « تۇرالار » دەپ ئاتىلىدۇ .

**سۇفى** سۇفىلىق تەرىقەتىگە مەنسۇپ شەخس ، مۇرىد .

**سۇفى ئاللايار** XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق دىنىي - مىستىك شائىر ، بىرقانچە دىنىي كىتابلارنىڭ ئاپتورى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى ، ئۇ دۇنيادىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ، مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ دەھشىتى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر بايان قىلىنىغان ؛ كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلارغا چىداشقا ، « ئۇ دۇنيا » ئۈمىدى بىلەن ياشاشقا ، خۇدانىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىشكە ، بالا - قازاغا چىداشقا ، سەۋر قىلىشقا چاقىرغان . ئۇ ئەسەرلىرىنى ساددا ، جانلىق خەلق تىلىدا يازغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭ « سەباتۇل - ئاجىزىن » ( « ئاجىزلار ئىرادىسى » ) كىتابى XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت ، باكۇ ، قازاندا قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان .

**سۇفىلىق** سۇفىزم ، تەسەۋۋۇپ - دىنىي - پەلسەپۋى ئې-

**سەھىھۇل بۇخارىي** ( ئەسلى ئىسمى « ئەل - جامىئۇس-سەھىھ » — « ئىشەنچلىك توپلام » ) ھەدىس توپلاملىرىدىن بىرى. بۇخارالىق مۇھەددىس ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبن ئىسمائىل بۇخارىي تە-رىپىدىن تۈزۈلگەن. ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت ئەڭ مۇكەممەل مەنبەلەردىن ھېسابلىنىدۇ. توپلامغا مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھا-بىلىرى توغرىسىدىكى ھەدىسلەردىن تاشقىرى ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى، دىنىي مۇراسىملار ھەمدە شۇ دەۋر تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر ھە-دىسلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەلۇماتلارغا كۆرە بۇخارىي 600 مىڭغا يېقىن ھەدىسلەرنى توپلاپ، ئۇلاردىن پەقەت 7250 نى « ئىشەنچلىك » دەپ قاراپ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن. « سەھىھۇل بۇخارىي » مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كاتتا ئابروي قازانغان ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە كۆپلەپ نەشر قىلىنغان.

**سەئدىي** تەخەللۇسى. تولۇق ئىسمى مۇسلىھىددىن ئەبۇمۇھەممەد ئابدۇللا ئىبن مۇشرىفىددىن، شەيخ سەئدىي نامى بىلەن مەشھۇر ( 1203 ياكى 1210 ~ 1292 )، پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇ-ھىم، مۇرەككەپ پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. « بوستان » ( « سەئدىينامە » 1257 - يىل ) ۋە « گۈلىستان » ( 1258 - يىل ) ئەسەرلىرى شەرق خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى، ئەخلاقىي ھايا-تىنىڭ ئۆزىگە خاس قامۇسىدۇر. ئۇنىڭ « گۈلىستان » ئەسىرىدە ئېپسىلزادىلەر قاتتىق ھەجۋى قىلىنغان، مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ئىنسان-پەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى تەرغىپ قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەردىن مىسىر، سودان، تۇنس ۋە قىسمەن ئافرىقا ئەللىرىگىچە كېڭەي-
گەن. 1951 - يىلى لىۋىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرىقەتنىڭ
رەھبىرى مۇھەممەد ئىدرىس ئەس - سەنۇسىي پادىشاھلىق تەختىنى ئىگى-
لىگەن. 1969 - يىلدىكى ئىنقىلابتا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان، لىۋىيە
پادىشاھلىقى لىۋىيە جۇمھۇرىيىتى دەپ ئېلان قىلىنغان. لىۋىيىدىكى
سەنۇسىيلار تەرىقەتى تەرەپدارلىرى 800 مىڭغا يېتىدۇ، ئۇلار پەقەت دىنىي
تەرىقەتتىلا ئەمەس، بەلكى تەسىرىي كۈچى بار بولغان سىياسىي گۇرۇھ
ھېسابلىنىدۇ. سەنۇسىيلار تەلىماتى چاد، سودان، مىسىر، مالى،
نىگىرىيىلەرگىمۇ تارقالغان.

**سەھابىلەر** [ ئە. ] ( همراه، دوست ) — ھازىرقى ئۇيغۇر
تىلىدا ساھابىلەر. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن ياردەمچىلىرى،
سەبداشلىرى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار
جامائەسىدە مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن بىر قىسمى مۇھەممەد پەيغەمبەر
بىلەن بىر سەپتە تۇرغان، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سۈپىتىدە رول ئوينى-
غان. ئۇلار سەھابىلەر ( بەزىدە ئەسھاب ) دەپ نام ئالغان ۋە ئىسلام
تارىخىدا ئابرويلۇق شەخسىيلەر بولۇپ تونۇلغان.

**سەھىھ** [ ئە. ] ( ئىشەنچلىك، توغرا ) ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ
قارالغان ھەدىس توپلاملىرىنىڭ نامى. ئوتتۇرا ئەسىردە ھەدىسلەرنى
توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەددىسلەر، ئۇلارنى دىن نۇقتىئىنەزەرى
بويىچە ھەققىي ۋە ئىختىلاپ بار دەپ ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈش ئار قىلىق
سەھىھ ( ئىشەنچلىك )، ھەسەن ( ياخشى ) ۋە زەئىق ( ئاجىز،
ئىشەنچسىز ) دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلگەن ۋە سەھىھلەرنى ئايرىپ
توپلام قىلغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى توپلاملارنىڭ نامى سەھىھ
ئاتالغان ( مەسىلەن، « سەھىھۇل بۇخارىي »، « سەھىھۇل مۇسلىم » ).

بەلخ ۋىلايىتىدىن باشقا ) ، ئىراق ۋە باشقىلار كىرگەن . بۇ دۆلەت ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ئېلىپ بارغان .

**سەللە** مۇسۇلمانلاردا باشقا ئورايدىغان خەسە . سەللىنى ئەرلەر ئورايدۇ . سەللىنىڭ رەڭگى ئاق ، يېشىل ، كۆل رەڭ بولۇپ ، ماتا ، خەسە ، كۆپىنچە داكا ئىشلىتىلىدۇ ، دوپپا ، تۇماق ئۈستىدىن ئورىلىدۇ ( ھىندىستان ، پاكىستانلاردا سەللە باش كىيىمسىز ئورىلىدۇ ) . سەللە ئوراش شىمالىي ئافرىقا ، غەربىي ئاسىيا ، ئوتتۇرا ئاسىيالاردا ئومۇملاشقان . سەللە ئوراش ئۇسۇلى ، سەللىنىڭ رەختى كىشىلەرنىڭ قايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن ( شىئەلەر قارا ، سەيىدلەر ۋە ھاجىلار يېشىل داكىدىن سەللە ئورايدۇ ) . ئۆتمۈشتە سەللە ئوراش مۇسۇلمانلىق بەلگىسى ھېسابلىنىپ روھانىيلار ، ئۆلىمالار ئۇچۇن مەجبۇرىي بولغان .

**سەنەم** ← بۇت

**سەنۇسىيلار** XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لىۋىيىدە مەيدانغا كەلگەن سوپىلىق تەرىقەتىنىڭ تەرەپدارلىرى ، ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبن ئەس - سەنۇسىي ( 1789 ــ 1859 ) . ئۇ ئالجىردىكى مەشھۇر شەرىفلەر جەمەتىدىن بولۇپ ، ئۇنىڭ تەلىماتى دەسلەپكى ئىسلام يولىغا قايتىش ، زاھىدلىققا قارشى تۇرۇش ، ئارتۇقچە ھەشەمەتچىلىك ۋە زىبۇ - زىننەتلەردىن ۋاز كېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ياۋروپا تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى چىققان ئەس - سەنۇسىي ئۆز تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىشنى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا باشلىغان ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاچقا ، لىۋىيىگە قايتىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان . XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇنىڭ غايىسى لىۋىيىدە كەڭ تارقىلىپ ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**سەدىقە** قىينچىلىق ۋە موھتاجلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش-نىڭ دىنىي شەكلى. ئىسلامدا سەدىقە كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا شۇنىڭدەك باشقا دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە ئىختىيارىي ھالدا ماددىي جە-ھەتتىن ياردەم بېرىشنىڭ بىر خىل چارىسى. ئۇنىڭ مەجبۇرىي شەكىللىرىدىن بىرى بولغان زاكاتنىڭ مىقدارى شەرىئەت تەرىپىدىن بەل-گىلەنگەن. سەدىقە بارلىق روھانىيلار، دىندارلار، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە «مۇقەددەس جايلار» نىڭ ئاساسلىق دارامەت مەنبەيى بولۇپ كەلگەن.

**سەفەۋىيە** سۇفى – دەرۋىشلىك تەرىقەتى. X Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىران ئەزەربەيجانىدا پەيدا بولغان، ئاساسچىسى شەيخ سەفىي ئۇد - دىن ئىسھاق ( 1254 — 1334 ). سەفەۋىيە دەسلەپ ئۆز تەرەپدارلىرىنى فېئوداللارنىڭ جەبىر - زۇلمىدىن ھىمايە قىلىدىغان دىنىي جامائە سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. X V ئەسىردە سەفەۋىيە رەھبەرلىرى ئاردابىل فېئودال ھۆكۈمدارلىرىغا، سەفەۋىيە تەرەپدارلىرى بولسا، ئۇلار-نىڭ ھاكىمىيەت تايانچىسىغا ئايلانغان، قىزىلباشلار سەفەۋىيە شەيخلىرىنىڭ ھەربىي تايانچىسى بولغان. سەفەۋىيە تەرەپدارلىرى شىئە مەزھىپىدىن ئىدىيىۋى قورال سۈپىتىدە پايدىلانغان. 1499 - يىلى ئىسمائىل I ( 1487 — 1524 ) باشچىلىقىدىكى سەفەۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئاق قويۇنلۇقلار ① دۆلىتىگە قارشى ھەرىكىتى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سەفەۋىيلەر دۆلىتى ( 1502 — 1736 ) قۇرۇلغان، شىئەلىك بۇ دۆلەتنىڭ رەسمىي دىنى دەپ ئېلان قىلىنغان. سەفەۋىيلەر دۆلىتى تەركىبىگە ئەزەربەيجان، ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمى، ئىران ھازىرقى ئافغانىستان (

---

① ئاق قويۇنلۇقلار – تۈرك خانلىقلىرىدىن بىرى. 1467 - 1502 - يىللاردا ئىراندا قۇرۇلغان ھەنەفىيە مەزھىپىدىكى دۆلەت.

قىلىنغان.

**ساۋاب** [ ئە . ] ( ياخشىلىق ) ئىسلامدا خاس دىنىي - ئەخلاقىي كاتېگورىيە . كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىش بارلىق دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى . ئىسلامدا بۇ كاتېگورىيە ساۋاب ۋە گۇناھ دەپ ئاتىلىدۇ . دىن ۋە خۇدا يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر ، يەنى دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئادا قىلىش ، دىنىي - ئەخلاقىي تەلەپلەرگە رىئايە قىلىش ۋە باشقىلار ساۋابقا كىرىدۇ .

**سەبىر** [ ئە . ] ( چىدام ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا سەۋر . (1) ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىداشقا ، ھەرقانداق ئىشنى « پېشانىگە يېزىلغان » دەپ كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ ؛ (2) ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە خاس ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشكە ئوخشاش ئىجابىي خىسلەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ .

**سەجدە** [ ئە . ] ( ئىبادەتتە يەرگە باش قويۇش ) ناماز ئوقۇشتىكى ھالەتلەرنىڭ بىرى . بۇنىڭدا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى تىز چۆككەن ھالدا ئالدىغا ئېگىلىپ بېشىنى يەرگە قويىدۇ ( سەجدە قىلىدۇ ) ۋە دۇئا ئوقۇيدۇ .

**سەجئ** [ ئە . ] ( قاپىيىلەنگەن شېئىر ) ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ژانىر . قۇرئان تېكستلىرىنىڭ بىر قىسمى خۇسۇسەن ئۇنىڭدىكى دەسلەپكى سۈرىلەر قاپىيىلەنگەن شېئىر شەكلىدە بولۇپ ، ئۇ كېيىنكى دەۋر ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە باشقا ئەدەبىياتلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن .

www.uyghurkitap.com

بىلگەن ئاكادېمىك ئى. يۇ. كراچكوۋسكى قۇرئاننىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەينەن تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. بۇ تەرجىمە 1963 - ۋە 1986 - يىللىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، سابلۇكوۋنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىلمىي ئىشلاردا پايدىلىنىش كېمەيگەن.

**سابىيلار** تارىختا سابىيلار دەپ ئاتالغان ئىككى خىل خەلق ئۆتكەن: (1) قەدىمدە هازىرقى يەمەندە قۇرۇلغان سەبە دۆلىتى ۋە ئۇنىڭدا ياشىغان خەلق (ئەرەبچە «سىن» هەرپى بىلەن باشلىنىدۇ، قۇرئاننىڭ 27 - سۈرە، 22 ~ 27 ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ). يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنى يازمىلىرىدا بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئايال (سەبە مەلىكىسى) ئىكەن، ئۇ يەھۇدىي پادىشاھى سولومون (سۇلايمان، مىلادىدىن ئاۋۋالقى X ئەسىر) بىلەن ئالاقە ئورناتقان. سەبە دۆلىتىنىڭ شۇ مەزگىللەردە كۈچلۈك دۆلەت بولغانلىقى، خەلقىنىڭ قۇياشقا سىغىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە تاش ئويمىلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. (2) باشقا سابىيلار (ئەرەبچە «ساد» ھەرپى بىلەن باشلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ 2 - سۈرە 59 - ئايەت، 5 - سۈرە 73 - ئايەت ۋە 22 - سۈرە 17 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنىدۇ)، مېسوپوتامىيىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا ياشايدىغان ۋە مانداپلار دەپ ئاتىلىدىغان خەلق. ئۇلارمۇ ئاسماننى يورۇتىدىغان جىسىملارغا سىغىنغان، ئەمما ئۇلار ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار ناھايىتى كەم، ئالىملارنىڭ پەرىزىدە ئۇلار خرىستىئان دىنىدىكى كىچىك مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

**سالىھ** قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى (قۇرئان 7 - سۈرە 71 ~ 82 ئايەتلەر). رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ سەمۇد خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. لېكىن ئۇلار سالىھ تەرغىباتىغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، قاتتىق يامغۇر ۋە كەلكۈندىن ھالاك

ئۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلىش ، مال سويۇش ،چىراغ يېقىش ، ژىت ـ قۇيماق سېلىش ( ياغ پۇرىتىش ) ۋە باشقا دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر كەڭ دىنىي تۈس ئالغان . ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن مەككە ، مەدىنە شەھەرلىرى مۇقەددەس زىيارەتگاھ ھېسابلىنىدۇ .

**زىيارەتگاھ** ـــ مۇقەددەس جايلار .

# س

**سابلۇكوۋ** گوردىي سېمېنوۋىچ ( 1804 ~ 1880 ) رۇس شەرقشۇناسى ، قازان دىنىي ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى . ئۇ ، خرىستىئان تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە بىرقانچە ئەسەر ، جۈملىدىن قۇرئانغا دائىر ئەسەرلەرنى يازغان ، قۇرئاننى ئەرەبچىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ( 1878 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان ) كاتتا شۆھرەت قازانغان . بۇ تەرجىمە ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب تىلىدىن قىلىنغان ئەڭ ياخشى تەرجىمە ھېسابلىنىپ ئۈچ قېتىم ( ئىككىنچى نەشرى 1894 ـ يىل ، ئەرەبچە تېكىستى بىلەن رۇسچە ئۈچىنچى نەشرى 1907 ـ يىل ) نەشر قىلىنغان . سابلۇكوۋ گوردىي سېمېنوۋىچنىڭ تەرجىمىسى ئۆز دەۋرىدە كىتابخانلار ئۈچۈن تېكىستنى چۈشىنىشتىكى قولايلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ھازىرقى دەۋرنىڭ ئېھتىياج ـ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ . تەرجىمە بىر تەرەپتىن خرىستىئان دىنىغا خاس ئاتالغۇ ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن تولغان بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن تاتار ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئاساس قىلىنغان . سابلۇكوۋ تەرجىمىسىنىڭ ئەنە شۇنداق نۇقسانلىرىنى ياخشى

www.uyghurkitap.com

چۈشكەندە ئاللانى مەدھىيىلەيدىغان شېئىر - نەزمىلەر ئوقۇلىدۇ. ئۇزۇن داۋاملاشقان شېئىر ئوقۇش، مۇزىكا ۋە رەقس نەتىجىسىدە زىكىر قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۈچەپ، زىكرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ ھەمدە بۇ ھالەتنى «ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش» دەپ قارايدۇ.

**زىنا** [ئە.] (بۇزۇقچىلىق، پاھىشە) ئۆزئارا نىكاھلانمىغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى. شەرىئەتتە زىنا قىلغانلارنى، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بەلگىلەنگەن. بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا زىنا قىلغانلارنى تامغا باستۇرۇپ ياكى تىرىك پېتىچىلا كۆمۈپ ئۆلتۈرۈشتەك جازالارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. شەرىئەتنىڭ زىنا قىلغانلارنى جازالاش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى نىكاھنى مۇستەھكەملەشكە قارىتىلغان.

**زىندىق** [ئە.] (دىنغا ئىشەنمەيدىغان، خۇداسىز، ئاتېئىست) ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام تەلىماتىنى ئىنكار قىلغان ئەركىن پىكىرلىك پەيلاسوپ ئېقىملار، دۇئالىستلار (ئىككى مەنبەچىلىك تەرەپدارلىرى)، مانىيلىق ۋە ھۆررەمىيلەر تەلىماتىنىڭ ۋەكىللىرىگە بېرىلگەن ئومۇمىي نام. زىندىق نامى بېرىلگەن ئېقىم ۋەكىللىرى دىنغا قارشى، ئاتېئىست دەپ ھېسابلانغان، ئۇلار دائىم نازارەت قىلىنغان، قولغا چۈشكەن ھامان قاتتىق جازالانغان.

**زىيارەت** [ئە.] (بىرەر يەرگە بېرىش) دىندارلارنىڭ ئىلاھى كۈچلەردىن ياردەم تىلەش ئۈمىدىدە «مۇقەددەس جايلار» غا سىغىنىشى. ئىسلامنىڭ دەسلىپىدە بۇنداق ئېتىقاد بولمىغان، كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە ئەگىشىپ ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا، قەدىمىي جايلارغا سىغىنىش،

سىپى ۋە مۇتئە ( ياكى سىغا ) نىكاھىنى ئىنكار قىلىشى بىلەن شىئەلەردىن ،
ئەۋلىيا ۋە مازارلارغا سىغىنىشى ھەمدە دەرۋىشلىك ۋە زاھىدلىقنى ئىنكار
قىلىشى بىلەن سۈننىيلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرىدە
مۇئتەزىلىلەردىن ئىرادە ئەركىنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئاللا ياراتقانلىقىنى ،
خاۋارىجلاردىن بولسا دىنىي ئېتىقادنى ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن مۇستەھ-
كەملەش كېرەك ، دېگەن پرىنسىپنى قوبۇل قىلغان . ھازىر زەيدىيلارنىڭ
كۆپ قىسمى شىمالىي يەمەندە ياشايدۇ ، ئۇلار يەمەن ئاھالىسىنىڭ يېرىمى-
دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا سەئۇدى ئەرەبىستان ،
پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ .

**زۇلفىقار** [ ئە . ] ( تېشىپ ئۆتكۈچى ، ئۆتكۈر ، خاراب
قىلغۇچى ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا زۇلپىقار . ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىگە
كۆرە ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەڭدە قولغا چۈشۈرگەن قىلىچى ، كې-
يىن ئەلىگە ، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەرگە قالغان . ئىسلام ئەنئەنىسىدە
زۇلفىقار سېھىرلىك كۈچكە ئىگە قورال سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ .

**زىكىر** [ ئە . ] ( ياد ئېتىش ، ئەسلەش ) ئىسلام دىنىدا تە-
سەۋۋۇپ ( سۇفىلىق ) نىڭ ئايرىم ئېقىملىرىغا خاس ، «ئاللانى ياد
ئېتىش » بىلەن باغلىق بولغان مەخسۇس مۇراسىم . زىكىرگە چۈشۈش
ئاۋازلىق ( زىكىر ئەل - جالىي ياكى زىكىر ئەل - جەھرىي ) ۋە
ئاۋازسىز ( زىكىر ئەل - ھافىي ) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ . ئاۋازلىق زىكىر
قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭدا بىر تۈركۈم سۇفىلار
ئاۋۋال ئايلىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ ، ئۇلاردىن بىرسى ( قەۋۋەل ) دىنىي مەز-
مۇندىكى شېئىرلارنى مەلۇم ئاھاڭدا ئوقۇيدۇ ، ئۇنىڭغا ئايرىم مۇزىكا
ئەسۋابلىرى بىلەن چېلىنغان ساز جور بولىدۇ . سۇفىلار بارا - بارا ئورنى-
دىن تۇرۇپ ، ھالقا بولۇپ رەقسكە چۈشۈشكە باشلايدۇ . زىكىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**زەيدىيلەر** VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىئەلەردە مەيدانغا كەلگەن تارماق مەزھەپ تەرەپدارلىرى. ئەرەب خەلىپىلىكىدە سىنىپىي زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، فېئودال گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كۈچەيگەن، ئۇمەۋىيلار ھاكىمىيىتى مۇنقەرزلىككە دۇچ كېلىۋاتقان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. بۇ مەزھەپ شىئەلەرنىڭ 5 - ئىمامى مۇھەممەد ئەل - بەكرنىڭ ئىنىسى زەيدئىبن ئەلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مۇھەممەد ئەل - بەكرنىڭ بوشاڭلىقىدىن نارازى بولغان زەيد ئۆز تەرەپدارلىرىنى توپلاپ، 739 - يىلى ئۇمەۋىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، 740 - يىلى خەلىپە ھىشام ( 724 ــ 743 ) قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ھالاك بولغان. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەتنى ئەلى ئەۋلادىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خەلىپىلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن. 864 - يىلى زەيدىيلار قوزغىلىڭى شىمالىي ئىراندا غەلىبە قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. تەبەرىستان، دەيلام، گىلان ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مۇستەقىل دۆلەتتىكى زەيدىيلار ئىماملىرى 300 يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 901 - يىلى زەيدىيلار يەمەندە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان. يەمەندىكى زەيدىيلار ھۆكۈمرانلىقى 1962 - يىل 26 - سېنتەبر ئىنقىلابىغىچە، يەنى يەمەن ئۆزىنى جۇمھۇرىيەت دەپ ئېلان قىلغانغا قەدەر داۋاملاشقان. زەيدىيلار زەيدىنى ئاخىرقى 5 - ئىمام دەپ تونۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شىئە ئىماملىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرى ۋە مۇراسىملىرى جەھەتتىن شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ھەر ئىككىلا مەزھەپكە نىسبەتەن مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتىدۇ. زەيدىيلار « غايىپ بولغان ئىمام » مەھدىيگە ئىشەنمەسلىكى، ئەلىدىن بۇرۇنقى ئۈچ خەلىپە ( ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان ) نى ئەيىبلىمەسلىكى، تەقىييە پرىن-

ھىندىستاندا پاناھلانغان. زەردۇشتىيلىقنىڭ ھازىرقى شەكلى — فارسىيلىق. ھازىر ھىندىستاننىڭ بومباي قاتارلىق شەھەر — شتاتلىرىدا زەردۇشتىيلىققا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالە 115 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىراندىمۇ زەردۇشتىيلىققا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار.

**زەكات** [ ئە. ] ( تازىلىنىش، سەدىقە بېرىش ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا زاكات. گۇناھتىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن مال - مۈلۈك ۋە دارامەتتىن بېرىلىدىغان سەدىقە، خەير — ئېھسان. بۇ ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرى. شەرىئەتتە مەلۇم بايلىققا ئىگە بولغان مۇسۇلمان زاكات بېرىشى، زاكات ئۆلچىمى پۇل ياكى دارامەتنىڭ 40 / 1 گە تەڭ بو- لۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان زاكاتنىڭمۇ ئايرىم - ئايرىم ئۆلچەملىرى بار بولۇپ، زاكات كەمبەغەللەر، يېتىم - يېسىرلار ۋە ھېچكىمى يوق ئاياللارغا تەقسىملەپ بېرىلىدۇ.

**زەمزەم** مەككە شەھىرى كەئبەنىڭ يېنىدىكى بۇلاق. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى. زەمزەم سۇ قىس ئەرەبىستان شارائىتىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىبا- دەتخانا قۇرۇلغان. ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىسلامغىچە كەئبەنى ھەم زەمزەم بۇلىقىنى زىيارەت قىلىش، ئۇ يەردە قۇربانلىق قىلىش ئادىتى يولغا قويۇلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يېڭىلا تۇغۇلغان چاغدا، ئانىسى ھاجەر سۇسىزلىقتىن قىينىلىپ، سۇ ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرىدۇ. سۇ تاپالماستىن قايتىپ كەلسە، يىغلاپ قالغان ئىسمائىل ئە- لەيھىسسالامنىڭ تاپىنى ئاستىدىن سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ « زەمزەم » ( توختا ) دەيدۇ...ھاجىلار زەمزەم سۈيىنى تەۋەررۇك بىلىپ ئىچىدۇ، يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

غەيرىي كۈچلەر قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەمەس، ئۇ تالالاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان پائالىيىتى ئارقىلىق دۇنيادىكى ئادالەت تەنتەنىسىگە تەسىر قىلىدىغان شەخستۇر، دېگەن قاراشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق غايىسى قىلغان. زەردۇشتىيلىق دىنىدا ئوت گۇناھلاردىن تازىلايدىغان سېھىرلىك كۈچ دەپ قارىلىدۇ. زەردۇشتىيلىق دۇنيا تارىخىنى 12 مىڭ يىل داۋام قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق ئاخۇرامازدانىڭ «ئالتۇن ئەسرى» بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانخرا — مائىنيۇنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىدۇ، بىراق، يامانلىق ئەبەدىي بولمايدۇ، دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. زەردۇشتىيلىق مۇراسىملىرى كائىناتنىڭ سۇ، ئوت، يەر، ھاۋادىن ئىبارەت تۆت تەركىبنى ئۇلۇغلاش خاراكتېرىگە ئىگە. زەردۇشتىيلىقنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان دەپنە مۇراسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بار: مۇردىلار ئېگىز - پەس تەكچىلىرى بولغان «سۇكۇنات» مۇنارىسى ئىچىگە قويۇلىدۇ. ئۇ يەردە مۇردىلارنىڭ گۆشىنى قۇشلار يەيدۇ، گۆشتىن ئايرىلغان سۆڭەكلەر مۇنار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇرلۇققا تاشلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق «ھالال» بىلەن «ھارام» نىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىگە ئېرىشىلىدۇ. زەردۇشتىيلىق ئىبادەتخانىلىرىدا دائىم ئوت يېنىپ تۇرىدۇ. زەردۇشتىيلىق ئۆز ۋاقتىدا مانىي، مترائىزم ۋە يەھۇدائىزم قاتارلىق دىنلارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. زەردۇشتىيلىق ئەسىرلەر مابەينىدە مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەن، ئار شاكىيلار، ساسانىيلار پادىشاھلىقى دەۋرىدە زەردۇشتىيلىق ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغان. VII ئەسرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە VIII ئەسرنىڭ باشلىرىدا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغاچقا، ئاتەشپەرەسلىك قاتتىق چەكلەنگەن، ئاتەشپەرەسلەر قوغلاندى قىلىنغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى

زەردۇشتىيلىق نامىنى ئالغان قەدىمكى ئىران دىنىنىڭ پەيغەمبىرى. زەر-
دۇشتنىڭ ياشىغان دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. زەردۇشتنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكى
ھازىرمۇ مۇھاكىمە ئۈستىدە تۇرغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئۇ زەردۇشتىي-
لىقنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»نىڭ ئەڭ قەدىمكى قىسمى «گات»
نى ئىجاد قىلغان. پەرەز قىلىنىشىچە زەردۇشت ئۆز تەلىماتىنى شەرقىي
ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەرغىپ قىلغانىكەن. ئۇنىڭ تەرغىباتى ئۇرۇق-
قەبىلە باشلىقلىرى ھاكىمىيىتىگە، قەدىمكى كاھىنلىققا، قەدىمكى خۇدالارغا
سېغىنىشقا قارشى مەزمۇندا بولغان. شەرق رىۋايەتلىرىدىن قارىغاندا
زەردۇشت باقتىرىيىدە شاھ ۋىشتاسپا دەۋرىدە ياشىغان ھەم يېڭى دىنىي
تەلىماتىنى تەرغىپ قىلغان، شاھ ۋىشتاسپا بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ
تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان. «ئاۋېستا»نىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان
بابلىرىدا زەردۇشت شەيتانلارغا قارشى سۆز ۋە مۆجىزىلىرى بىلەنلا
ئەمەس، بەلكى قورال بىلەنمۇ جەڭ قىلغان ئەپسانىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە
تەسۋىرلەنگەن.

**زەردۇشتىيلىق** زارا ئاسترىزم، ئاتەشپەرەسلىك. قەدىمكى
ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىدىن ئاۋۋالقى VII - VI ئەسىردە پەيدا بولغان
دىن. ئۇ پەيغەمبەر زەردۇشت تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان مەزدە-
ئىيلىكنى تەرغىپ قىلىدۇ. زەردۇشتىيلىق قۇلدارلىق ۋە باشلانغۇچ فېئودا-
لىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەزەربەيجاندا كەڭ تارقالغان.
زەردۇشتىيلىق دۇنيادىكى ھەممە تەرتىپ-قائىدىلەر ياخشىلىق ۋە يامان-
لىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ھايات ۋە مامات ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە
باغلىق، ئالەمدىكى ھەممە ياخشىلىقلارنى ئاخۇرامازدا،
يامانلىقلارنى ئانخرا-مائىنيۇ بەلگىلەيدۇ، ئادەم بۇ كۈرەشتە

ۋىشلىك، زىكرگە چۈشۈش، ئاشقلىق ۋە باشقىلاردا ئىپادىلىنىدۇ.
بەھاۋۇددىن نەقشبەندىي، خوجائەھرار، نەجمىددىن كۇبرالار ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە زاھىدلىقنى تەرغىپ قىلغان نامايەندىلەردۇر.

**زاھىرىيلار** [ئە.] (زاھىر — تاشقى، ئاشكارا) (1) قۇرئان تەلىماتىنى ئەينەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش تەرەپدارى بولغان بارلىق ئېقىملار باتىنىيلارغا قارشى ھالدا زاھىرىيلار دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. (2) ئوتتۇرا ئەسىردە تارقالغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوقىلىپ كەتكەن شەرىئەت مەزھىپى. بۇ مەزھەپ ئۇنىڭغا ئاساس سالغان داۋۇد ئىبىن ئەلى ئىسپاھانىي زاھىرىي (883 — يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ نامى بىلەن زاھىرىيلار مەزھىپى دەپ ئاتالغان.

**زاۋىيە** [ئە.] (بۇرجەك، ھۇجرا) سوفىلار، دەرۋىشلەرنىڭ تۇرار جايى. ئۇ ئەرەب مەملىكەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە دەبات، بەزىلىرىدە زاۋىيە، ئىران ۋە ئافغانىستاندا تەكىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادا خانىقا دەپ ئاتىلىدۇ.

**زەبۇر** يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى تەركىبىگە كىرگەن پسالتىر (قەدىمكى يەھۇدىي دۇئالىرى — پسالوملار توپلىمى) كىتابى ئەرەبلەردە زەبۇر دەپ ئاتالغان. يەھۇدىي، خرىستىئان دىنى ئەنئەنىسىدە پسالتىر توپلىمىغا كىرگەن دۇئالار داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. قۇرئان ھەم ئۇنىڭغا ئاساسلانغان ئىسلام ئەنئەنىسىدە، تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئىنجىل ئېيسائەلەيھىسسالامغا، زەبۇر داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان دېيىلىدۇ.

**زەردۇشت** زەردۇست، زارا تۇشترا، زاراتاستر —

خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان .

**رىزق** [ئە . ] ( ئۇلۇش ) ئىسلام تەلىماتىدا ئالالانىڭ ھەر بىر ئىنسانغا بەرگەن ئۇلۇشى . ئىسلام دىنى ئالال بەندىلەرنىڭ رىزقىنى ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ، كىمنىڭ رىزقى تۈگىسە شۇ ۋاپات بولىدۇ ، دەپ تەلىم بېرىدۇ .

**رىفائىيلەر** ئوتتۇر ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن سوپىلىق تەرىقەتى . ئۇنىڭغا بەسرەلىك سەئىد ئەھمەد رىفائىي ( 1182 - يىلى ۋاپات بولغان ) ئاساس سالغان . رىفائىيلەر يېقىن شەرقتە ، بولۇپمۇ ئىراندا كەڭ تارقالغان جاھانكەشتى دەرۋىشلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلار ھازىرمۇ مەۋجۇت .

# ز

**زاھىدلىق** دىنىي تەلىمات . ئۇنىڭ ماھىيىتى خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش ، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولۇش ھەققىدىكى دىنىي تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ، مۇتەئەسسىپلىككە ، تەقدىرگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان دىنىي ــ ئىدىئالىستىك قاراشتىن ئىبارەت . زاھىدلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىق ، دەھشەتلىك كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن . مۇسۇلمان روھانىيلىرى زاھىدلىقنى دىنىي تەلىمات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، ئۇنى ئىنسانىي ئەخلاق ــ پەزىلەتكە ئېرىشىش ، كامالەتكە يېتىشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ، دەپ تەرغىپ قىلغان . زاھىدلىق كىشىلەرنى ئېزىلىشكە ، ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىغا چىداشقا ، سەۋر قىلىشقا ئۈندەيدۇ . زاھىدلىق خىرىستىئان دىنىدا مۇناخلىقتا ئىپادىلەنسە ، ئىسلام دىنىدا دەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

( شەيخلەر ، پىرلەر ) لەر ، شەيخۇلئىسلام ، مۇفتى ۋە باشقىلار پەيدا بولغان . سۈننىيلەردە مۇفتى ئالىي روھانىي ھېسابلىنىدۇ . شىئەلەردە بولسا ، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان فەقىھلەر ، قازىي ، ئەئىلەم ۋە دەرس ئۆتىدىغان مۇددەرىسلەرمۇ روھانىيلار تەبىقىسىگە كىرىدۇ .

**رۇكىن** [ ئە . ] ( ئاساس ، تۈۋرۈك ) ئەركانىد ــ دىن ( دىن ئاساسلىرى ) ئىسلام دىنىدا ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان بەش پەرھىز بولۇپ ، ئۇلار تەشەھھۇد ، ناماز ، روزا ، زاكات ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت . رۇكىن تەلەپلىرىنى بېجىرىش ئىسلام دىنىدا مەجبۇرىي ( پەرھىز ) ھېسابلىنىدۇ .

**رىبائ** [ئە . ] ( پايدا ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، تەقىقلەنگەن پۇلغا پايدا ( پىرسەنت ) ئېلىش ، جازانىخورلۇق . رىبائ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سودا قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىش كەڭ قويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ ، كېيىن پۇلغا پايدا ئېلىش قەتئىي چەكلەنگەن ۋە بۇ چەكلىمە قۇرئاندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ( 2 - سۈرە 277 - ئايەت ) . رىبائ ھازىرمۇ مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى مالىيە ۋە بانكا ئىشلىرىدا قوللىنىپ كېلىنمەكتە .

**رىددە** [ئە . ] ( ئارقىغا قايتىش ، چېكىنىش ) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ( مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ ، خەلىپىلىك تەختىنى ئابۇبەكر ئىگىلىگەن دەۋر ، 633 - يىل ) مەدىنە جامائەسىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋە ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن باش كۆتۈرگەن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قويۇلغان ئاتالغۇ . ئەسلىدە بۇ ھەرىكەتتە دىندىن چېكىنىش مەقسەت قىلىنغان بولماستىن ، بەلكى سىياسىي مۇستەقىللىق نەزەردە تۇتۇلغان . بۇ ھەرىكەت

قۇرئاننى ۋەھيي قىلىپ ئەۋەتكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان 30 كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك ، دەپ تەكىتلەنگەن . روزا تۇتقان ئادەم سەھەردىن شامغىچە تاماق يېمەيدۇ ، سۇ ئىچمەيدۇ ، ئومۇمەن شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىدۇ . ھامىلدار ۋە ئېمىتىۋاتقان بالىسى بار ئاياللار ، ئېغىر كېسەللەر ، سەپەرگە چىققان ئادەملەر ... روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ . روزا قۇرئان ، ھەدىس ۋە شەرىئەتتە « گۇناھتىن ساقىت بولۇش » ، « ساۋاب تېپىش » نىڭ ئەڭ ياخشى يولى دەپ تەرىپلىنىدۇ . روزا تۇتۇش ئادىتى قەدىمكى دىن ۋە خەلقلەردە تۈرلۈك شەكىللەردە مەۋجۇت بولغان ، كېيىن يەنە تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن يەھۇدىي ،خرىستىئان ، بۇددا ، ئىسلام ۋە باشقا دىنلارغا تارقالغان .

## روزا ھېيت ← ھېيت

**روھانىيلار** دىنىي تەلىماتلارنى تەرغىپ قىلىدىغان ، دىنىي مۇراسىملارغا باشچىلىق قىلىدىغان ، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن شەخسلەر . روھانىيلار بارلىق دىنلاردا ئالاھىدە نوپۇزغا ، ئىمتىيازغا ئىگە بولغان تەبىقە ھېسابلىنىپ ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن . ئىسلام دىنى يېڭىدىن تارقىلىشقا باشلىغان دەۋرلەردە دۆلەت ۋە دىنىي جامائە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈن ، مەخسۇس روھانىيلار بولمىغان ، مەمۇرىي ، سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ھۆكۈمران تەبىقە روھانىيلار ۋەزىپىسىنى بېجىرگەن . فېئودالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب خەلىپىلىكىدە مۇسۇلمان روھانىيلار قاتلىمى بارلىققا كەلگەن . ئۇماۋىيلار بولۇپمۇ ئابباسىيلار دەۋرىدە مەخسۇس كىشىلەر ئىماملىق ۋە مەزىنلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا باشلىغان . روھانىيلار تەبىقىلىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇرشىد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھۋال مەنىسىدە ) شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ مۇھەررەم ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ئۆتكۈزىدىغان شېھىتلەرگە ماتەم بىلدۈرۈش مۇراسىمى ( ئاشۇرا ) دا ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىن ھەققىدە ئوقۇلىدىغان شېئىرىي رىۋايەتلەر .

**رەۋزەخان** [ پ . ] (رەۋزە ئوقۇغۇچى ) شىئەلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئەنئەنىسىدە رەۋزەلەرنى ئوقۇيدىغان مەخسۇس ۋەزخان ، مەدداھ ، شىئە مەزھىپىدىكى روھانىيلار ئارىسىدا رەۋزەخانلىق ئابرويلۇق دىنىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ .

**رەۋشەنىيلەر** ئافغانىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىدىكى تارماق مەزھەپ . بايەزىد ئەنسارىي تەلىماتىنىڭ تەسىرىدە پۇشتۇ دېھقانلىرىنىڭ يەرلىك فېئوداللار ۋە بابىرىيلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ھەرىكىتى كۈچىيىدۇ . بايەزىد ئەنسارىي ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ ھەرىكەت XVII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە داۋام قىلىدۇ ، كېيىن باستۇرۇلىدۇ . رەۋشەنىيلەر تەرىقەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەنئەنىسى ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن كۆپ جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ . رەۋشەنىيلەر ھەرىكىتى پۇشتۇ خەلق مىللىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن ، ئۆز ۋاقتىدا پۇشتۇ خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئەرزانى ، دەۋلەت ، مۇخلىس قاتارلىق ئاتاقلىق شائىرلار رەۋشەنىيلەرنى قوللىغان . ئۇلارنىڭ شۇنداقلا رەۋشەنىيلەرنىڭ قىسمەن يېتەكچىلىرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى كېيىنكى دەۋردىكى پۇشتۇ ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالغان .

**روزا** ئىسلام دىنىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرزنىڭ بىرى . قۇرئاندا رامىزان ئېيى داۋامىدا ئاللا مۇھەممەت پەيغەمبەرگە

ئىسلام ئىلاھىيىتىدە ئورتودوكسال ئىسلام يولىدىن چەتكە چىققان ئې-
قىملار ، خۇسۇسەن شىئەلەر ( ئابۇبەكىر ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك
ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلار ) رافىزىيلار دەپ ئاتالغان ، كېيىن ئىسمائى-
لىيلارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان .

**رامىزان** ھىجىرىيە يىل ھېسابى بويىچە 9 - ئاي . ئىسلام
دىنىدا ، ئاللا رامىزان ئېيىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قۇرئاننى نازىل قىلغان
دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ، رامىزان مۇقەددەس ئاي ھېسابلىنىدۇ ، بۇ ئايدا
مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتۇش بۇيرۇلغان .

**رەسۇل** [ئە . ] ( ئەلچى ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا رۇ-
سۇل . ئىسلام ئەنئەنىسىدە خۇدا تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان ، ۋەز
تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ
ئابرويلۇقى . مۇھەممەد پەيغەمبەرگە نىسبەتەن رەسۇل نامى قوللىنىلغان ،
بۇ ھەتتا تەشەھھۇد ( كەلىمائى شەھادەت ) تىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

**رەكئەت** [ ئە . ] ( بەلنى ئېگىش ) — ھازىرقى ئۇيغۇر تى-
لىدا رەكەت . ناماز ئوقۇغاندا بېجىرىلىدىغان ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ
ئوقۇلىدىغان دۇئا . ھەر بىر رەكئەت بىرقانچە ھەرىكەتنى ، يەنى قول قو-
ۋۇشتۇرۇپ تىك تۇرۇش ( ئىقامە ) ، بەلنى ئېگىش ( رۇكۇئ ) ، باشنى
يەرگە تەگكۈزۈش ( سەجدە ) ، ئولتۇرۇش ( قەئدە ) ۋە يەنە تىك تۇ-
رۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىر رەكئەت
تۈگىگەندىن كېيىن يەنە بىر رەكئەت باشلىنىدۇ . ھەر بىر ۋاخ ناماز بىر-
قانچە رەكئەتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلاردىن بىرقانچىسى پەرز ، بىرقانچىسى
سۈننەت دەپ بەلگىلەنگەن .

**رەۋزە** [ پ . ] ( رىۋايەت ، ھېكايە ، كۈندىلىك

كىشىلەر (2) قەلەندەر .

**دىيەت** [ ئە . ] ( قىساس ) بىراۋنى ئۆلتۈرگەنلىك ئۈچۈن پۇل ۋە مال بىلەن تۆلىنىدىغان خۇن ھەققى .

## ر

**رازىي زەكەرىيا** (864 — 925) بۈيۈك مۇتەپەككۇر ، ئېنسىكلوپېدىست ، ئالىم . مېدىتسىنا ، خىمىيە ۋە باشقا پەنلەرگە دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغاندىن سىرت ، پەلسەپە خۇسۇسەن تەبىئەت پەلسەپىسى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . رازىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئىران ۋە ھىندى دىنى پەلسەپە سىستېمىسى ھەمدە قەدىمكى گرېك ماتېرىيالىستلىرىنىڭ تەلىماتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ، ماتېرىيالىستىك ئىدىيە سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . رازىي دۇنيا بەش ئەبەدىي ئامىل ( ياراتقۇچى ، مۇتلەق ماكان ، مۇتلەق زامان جان ۋە ماددا ) دىن تەشكىل تاپقان دەپ قارىغان . ئۇ ھەرىكەتنى نەرسىلەرنىڭ ئاجرالماس خۇسۇسىيىتى دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭ مەنبەيىنى نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئىزدىگەن . رازىي مەلۇم دەرىجىدە دېموكرىتنىڭ ئاتوم ۋە بوشلۇق توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى شەرھلىگەن ، ئىدىئالىستىك تەلىماتقا قارشى چىقىپ جان ۋە تەننىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى پىكىرنى ئالغا سۈرگەن . رازىي بىلىش مەسىلىسىدە ئىزچىل بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا ماتېرىيالىستىك ئىدىيە تەرغىپ قىلىنغان . ئۇ تەبىئەتنى بىلىش ئىمكانىيىتى ھەققىدىكى قاراشنى ئالغا سۈرۈپ ، تەجرىبىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن .

**رافىزىيلار** [ ئە . ] ( رافىز — تەرك ئېتىش ، رەت قىلىش ، بەزىدە ئۆز مەسلىكىدىن يېنىش مەنىلىرىدە ) ئوتتۇرا ئەسىردە سۈننىي

خىرىستىيان دىنى مەكتىپى، قۇددۇستا، رىم ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدە ئېپىسكوپ مەكتەپلىرى، ئىكزېگېتلار (قەدىمكى ئەھد ۋە يېڭى ئەھد كىتابلىرىنى شەرھلىگۈچىلەر) مەكتەپلىرى ۋە باشقىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. XI — XII ئەسىرلەردە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئۇلاردا ئىلاھىيەت فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنغان. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپادىكى 46 ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ 18 ىدە شۇنداق فاكۇلتېتلار بار بولغان. كېيىنرەك مەخسۇس دىنىي داشۆلەر، ئاكادېمىيىلەر، كۇرسلار، باشقا دىنىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئىسلام دىنىدا مەدرىسلەر دەسلەپكى ئوقۇتۇش يۇرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار دىنىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە IX ئەسىردىن باشلاپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇلاردا ئىلاھىيەت، تىل ۋە شەرىئەت دەرسلىرى بىلەن بىر قاتاردا پەلسەپە، تەبىئىي پەنلەرمۇ ئوقۇتۇلغان. بىراق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەدرىسلەردە ئاساسەن دىنىي تەلىماتلار ئوقۇتۇلۇپ، پەقەت ئايرىم مۇسۇلمان داشۆلىرى بۇرۇنقى پېتىچە قالغان. ھازىر دۇنيادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك دىنىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرى بار. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە مەدرىسلەر ھازىرمۇ ئاساسلىق دىنىي ئوقۇتۇش يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مىسىردىكى ئەل — ئەزھەر، تۇنىستىكى زەيتۇنە، ھىندىستاندىكى ئالىگارخ، پاكىستاندىكى پەنجاب داشۆلىرى ئالىي دىنىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇ مەكتەپلەر مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن دىنىي خادىملارنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئايرىم مىللىي داشۆلەردە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، قانۇنشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە دىنىي تەپەككۇردىن ئىبارەت مەخسۇس فاكۇلتېتلار تەسىس قىلىنغان.

**دىۋانە** (1) ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋلىيا، سوپى دەپ تونۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەھۇدىي دىنىنىڭ تىمسالى قىلىنغان .

**دىنىي تەھقىقلەر** — ئىسلام تەھقىقلىرى

**دىنىي كىتابلار** مۇئەييەن دىندا مۇقەددەس ھېسابلانغان ، شۇنىڭدەك دىنىنى تەرغىپ قىلىش ۋە دىنىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە يېزىلغان كىتابلار . مۇقەددەس كىتابلار ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتە دىنىي كىتابلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ . دىنىي كىتابلاردا دىنىي ئەقىدىلەر ، دىنىي ھوقۇق ، ئەخلاق ، مۇراسىملار ، ئۆرپ - ئادەتلەر بايان قىلىنغان . ئىسلام تارىخىدا ئەسىرلەر مابەينىدە مىڭلىغان دىنىي كىتابلار يېزىلغان . مەسىلەن ، ئەھمەد يەسەۋىي ، سوفى ئاللاھيارنىڭ ئەسەرلىرى ، بابنىڭ « بايان » ى ، باھائۇللانىڭ « كىتابى ئەقدەس » ى دىنىي كىتابلار قاتارىغا كىرىدۇ .

**دىنىي ئوقۇش يۇرتلىرى** روھانىيلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ . قەدىمكى دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ، كاھىن ۋە روھانىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە ، مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن دىنىي مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى چوڭقۇرراق بىلىش ئېھتىياجىدىن مەيدانغا كەلگەن . دەسلەپكى ئوقۇش يۇرتلىرى مىلادىدىن ئاۋۋالقى ئىككىنچى مىڭ يىللاردا قەدىمكى مىسىر ۋە بابىل ئىبادەتخانىلىرىدا ( كاھىنلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ) ئېچىلغان ؛ مىلادىدىن ئاۋۋالقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستان ، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇددا مۇناستىرلىرىدا پەيدا بولغان ؛ ھىندىستاندا مۇناستىرلار بىلەن بىر قاتاردا براخمان مەكتەپلىرى تەشكىل قىلىنغان . خرىستىئان دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن تۈرلۈك دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان . II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسكەندەرىيىدە بىرىنچى

بەدىنى يوُلٌ بىلەن قاپلانغان ) تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇلارغا ئاتاپ غىزا تەيـ
يارلاش ، چىراغ يېقىش ، جانلىق سويۇشتەك ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن .

دىنىي تىمسال سىمۋول خاراكتېرگە ئىگە بەلگىلەر .

ئۇلاردا تۇرلۇك دىنىي چۈشەنچە ۋە ئاساسىي كۆز قاراشلارنىڭ ئىپادىسى
تېپىلىدۇ . دىنىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدە سىغىنىش ئوبىيېكتى بىلەن
ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئادەتتە پەرق بولمىغان .
غەيرىي تەبىئىي شەكىلدىكى ھەرقانداق نەرسە روھ ۋە ئۇنىڭ ماكانى
سۈپىتىدە ، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە قارالغان .
شامان دىنىدا قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىتال
بۇيۇملار شامانلارغا ياردەم بەرگۈچى روھلارنىڭ تىمسالى ، ھەتتا روھنىڭ
ئۆزى دەپ قارالغان . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ، دىنىي
سىستېملارنىڭ مۇرەككەپلىشىشى جەريانىدا دىنىي تىمساللارمۇ تەكامۇل-
لىشىپ بارغان . دىنىي تىمساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ،
تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭدىن كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە مىسال : خرىستىئان دىنىدا
قوزىچاق ( ئاگنىس ) — ئەيسانىڭ ، كەپتەر — مۇقەددەس
روھنىڭ تىمسالى ؛ بۇددا دىنىدا ئۈچ گۆھەر — مۇقەددەس ئۈچلۈك ( بۇددا ،
تەلىمات ، جامائە ) نىڭ تىمسالى ؛ لاما دىنىدا « ھايات
چەمبىرىكى » ئىكوناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسۋىرلەنگەن خوراز — شەھۋانى-
لىقنىڭ ، يىلان — ياۋۇزلۇقنىڭ ، چوشقا — جاھىللىقنىڭ تىمسالى . دىنىي
سەنئەت ( مىمارچىلىق ، مۇزىكا ) دىنىي تىمساللارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن
ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ . ھەر خىل دىنلاردىكى مۇقەددەس يېزىقلاردىمۇ
تىمساللار كۆپ ئۇچرايدۇ . ئايرىم تىمساللار كونكرېت بىر دىنىنىڭ بايرىقىغا
ئايلىنىپ قالغان . مەسىلەن ، كرست — خرىستىئان دىنىنىڭ
تىمسالى ، ھىلال ئاي — ئىسلام دىنىنىڭ تىمسالى ، ئالتە شوئار —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەئان ( 1590 ~ 1633 ) ۋە بەشەر II شىھاپ ( 1788 — ياكى 1789 ~ 1840 ) دەۋرلىرىدە ناھايىتى كۈچەيگەن .

**دوزاخ** [ ئە . ] جەھەننەم . ئىسلام تەلىماتىغا كۆرە ، دىن تەلەپلىرىنى بىجىرمىگەن گۇناھكارلارنىڭ ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان جايى . دىنىي رىۋايەتلەردە ، دوزاخ دەھشەتلىك چوڭقۇرلۇق ئىچىدە بولۇپ ، ئۇ- چىدە دائىما كۈچلۈك ئوت يېنىپ تۇرىدۇ ، دوزاختا مەھكۇم قىلىنغان بەندىلەر شۇ ئوتقا تاشلىنىدۇ ، ئۇلار قايناقسۇ ئىچىدۇ ، ئۇ يەردە ئۆسىدى- غان زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى ( شەيتانىنىڭ باشلىرى ) بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ ، چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەت چېكىدۇ ، دېيىلىدۇ . ئۇنىڭدا يەنە دوزاختىن جەننەتكە ئۆتىدىغان تىغدەك ئىنچىكە سىرات كۆۋرۈكى بار بولۇپ ، ئاخىرەت كۈنى ئادەملەر ئۇنىڭدىن ئۆتىدۇ ، ئاللاغا ئىتائەت قىلمى- غانلار جەھەننەمگە غۇلاپ چۈشىدۇ ، دەپ بايان قىلىنىدۇ . دوزاخ ۋە جەننەت ئىسلام ، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىكى ئاساسلىق چۈ- شەنچىدۇر .

**دۇئا** [ ئە . ] ( ئىلتىجا ) ئاللادىن ئۆزى ياكى باشقىلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش ، قۇرئاننىڭ سۈرە ۋە ئايەتلىرىنى ئوقۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىش .

**دىۋ** [ ئە . ] — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا دىۋە . قەدىمكى ئىران مىفولوگىيىسىدىكى بەھەيۋەت زىيانداش مەخلۇق . لېكىن ئۇلار بەزى سې- ھىرگەرلەرگە ، ئەۋلىيالارغا ، ئاقكۆڭۈل ئادەملەرگە بويسۇنغاندا ، ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ . دىۋە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر زەردوشتىيلىقتىن ئىسلامغا ئۆتكەن ، ئۇلار ياۋۇز روھلار دەپ قارىلىپ ، تۈرلۈك قىياپەتلەردە ( مەسىلەن ، يەتتە باشلىق ، بىر كۆزلۈك ،

قىسمەن سۈرىيە ۋە ئىسرائىلىيىدە ياشايدۇ. دروزلارنىڭ قاراشلىرى ئىسمائىلىيلارنىڭ قاراشلىرىغا يېقىنلىشىدۇ. دروزلارنىڭ پەيدا بولۇشى IX - X ئەسىرلەردە فاتىمىيلار سۇلالىسىدىن بولغان خەلىپە هاكىمنىڭ نامى بىلەن باغلىق. هاكىم سىرلىق رەۋىشتە ۋاپات بولغاچقا، لىۋان ۋە ئانتىلىۋان تاغلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەر ئۇنىڭغا خۇدا دەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. دروزلارنىڭ نامى خەلىپە هاكىمنىڭ دەرازىي ئىسىملىك تەرغىباتچىسىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان. دروزلار ئەقىدىسىگە كۆرە، خۇدا ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ( شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار هاكىمنىڭ تىرىلىپ قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنىدۇ ) ئىكەن. دروزلار قۇرئان مەزمۇنىنى مەجازىي چۈشەندۈرىدۇ، جاننىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار تۈپەيلى، ئۇلار ئۆلۈمگە ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ؛ ئىسلام دىنىي مۇراسىملىرىنى بېجىرىشنى شەرت دەپ هېسابلىمايدۇ؛ دىنىي بايراملاردىن پەقەت قۇربان هېيتىنى ۋە شىئەلەردە ماتەم مۇراسىمى هېسابلىنىدىغان ئاشۇرانى خاتىرىلەيدۇ. دروزلار مەزهىپى سۈننىيلەر تەرىپىدىن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شىئەلەرگە خاس بولغان تەقىييە پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ. بارلىق ئىسمائىلىيلارغا ئوخشاش دروزلارمۇ شەرىئەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. دروزلار ئىككى قىسىمغا يەنى « ئامىي » (خەۋەرسىز) ۋە « ئۇككال » (بىلىمدارلار، خەۋەردارلار ) غا بۆلۈنىدۇ. دروزلاردا مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش ئادىتى يوق، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى « خەلۋا » دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يەرگە پەيشەنبە كۈنلىرى پەقەت « ئۇككال » لار يىغىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ دروزلار ئۆزلىرىنىڭ مىراس - مۈلۈكلىرىگە ۋە هۆكۈمران ئەمىرلەر سۇلالىسىگە ئىگە بولغان. لىۋاندا دروز ئەمىرلىرى هاكىمىيىتى، بولۇپمۇ پەخرىدىن II

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، دىندارلار ئۇنىڭدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان.

**دەم سالدۇرۇش** ئىسلامدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان، كېسەللەرنى داخان، ئازايىمخان، ئىشان، باخشى قاتارلىقلارغا «ئوقۇتۇش» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئادەت. دەم سېلىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ دۇئا قىلىش، تۇمار پۈتۈپ بېرىش، ئېغىزغا سۈپلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان.

**دەھە** [ پ. ] (ئون كۈنلۈك) خانىقالاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئون كۈنلۈك تائەت ـ ئىبادەت. دەھەنىڭ ئەڭ چوڭى رامزان ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مورىدلار ئىشان هوزۇرىغا كېلىپ دەھە ۋەزىپىلىرىنى بېجىرىدۇ، ئىشاننىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭدىن يەنە «ۋىرد» (ۋەزىپە) ئېلىپ تارقايدۇ. دەھە ۋاقتىدا خانىقا ئىچىدە ماتادىن پاشسىلىقتا ئوخشاش ئايرىم بۆلۈمچىلەر ياسىلىدۇ، دەھەگە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، روزا تۇتىدۇ ھەم كەچكىچە تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

**دەھرىي** [ ئە. ] (خۇداسىز) ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان شەخس. ئىسلام تارىخىدا دەھرىي دەپ قارالغان كۆپلىگەن شائىرلار، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر شەپقەتسىز جازالانغان (مەسىلەن، مەنسۇر ئەل ـ ھەللاج قاتارلىقلار). دەھرىيلىك ھازىرمۇ مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

**دروزلار** ئۆز تەلىماتىغا ئاساسەن ئىسمائىلىيلاردىن ئاجرىلىپ چىققان مەزھەپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق. ئاساسەن لىۋاندا،

قوشۇنى بىلەن يەر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىدە ( مەككە ۋە مەدىنىدىن باشقا ) 40 كۈنلۈك ( ياكى 40 يىللىق ) ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىدىكەن . ئاقىۋەتتە ئىسا پەيغەمبەر ۋە مەھدىيلەر دەججالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن .

**دەرۋىش** [ پ . ت . ] ( گاداي ، قاشقاق ، پەقىر ) ئىسلامدا تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرىپ ، ئەمگەك قىلماي ، گادايلىق ، تەركىدۇنيالىق ، خەير ـ ئېھسان بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان شەخس . دەرۋىشلەر سوپىلىق تەرىقەتلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇلار تەركىدۇنيالىق ، سەرسانلىقتا يۈرۈپ ، خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تارقاتقان ، ئۇلار كۆپىنچە نىكاھلىق بولۇشتىن ۋاز كېچىپ ، زاھىتلىقتا ياشىغان . ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە سوپىلارنىڭ ئىككى خىلى بولغان : بىرى جاھان كېزىپ گادايلىق قىلغۇچى ، جامائەت تەرتىپىنى بۇزغۇچى دەرۋىشلەر بولسا ، يەنە بىر خىلى سوپى ئۆلىمالار ئىدى . سوپى ئۆلىمالار ئىچىدە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنى ، دىندارلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى تەنقىد قىلغان پەيلاسوپلار ، شائىرلار بولۇپ ، بۇلارنى رەسمىي دىندارلار بىدئەتچىلىكتە ئەيىبلىگەن . جاھان كېزىپ ، گادايلىق قىلغۇچى دەرۋىشلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا قەلەندەرلەر دەپ ئاتالغان . بىرەر تەرىقەتكە مەنسۇپ بولمىغان دەرۋىشلەرمۇ كۆپ ھاللاردا شۇ نام بىلەن ئاتالغان .

**« دەلائىلۇل ـــ خەيرات »** مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان دىنىي كىتاب . X V ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان نەقىل ، رىۋايەت ۋە مەدھىيىلەردىن ئىبارەت . دەلائىلۇل ـــ خەيرات يەتتە قىسمىغا بۆلۈنگەن ، ھەر بىر قىسمى ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنى ئوقۇشقا مۆلچەرلەنگەن . ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ئىبادىتىگە قويۇلغان تەلەپلەر يېزىلغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈش ( يەرلىكىدە قويۇش ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇراسىم . دىنىي تەسەۋۋۇرلاردا ئىنسان ھايات چېغىدا قانداق ياشىغان بولسا ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ياشايدۇ ، ئۇنىڭ روھى تىرىكلەر ئارىسىدا قالىدۇ ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ ، ئىككىلا ھالدا بۇرۇھ تىرىك قەبىلىداشلارنىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ؛ بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان چېگرا يوق ، ھەر بىر مەرھۇمنىڭ روھى ئۇرۇق ( قەبىلە ) دىكى يېڭى تۇغۇلغان بىرەر پەرزەنتكە كۆچۈپ ، دۇنياغا يېڭىدىن كېلىشى مۇمكىن ، دەپ قارىلىدۇ . دەپنە مۇراسىمىدا مۇردىنى يۇيۇش ، كېپەنلەش ، يەرلىكىدە قويۇش ئالدىدىن مەسچىت ياكى ئۆيدە مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ، يەرلىكتە قويغاندا ئۇنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش ، كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇش ؛ مەرھۇمنىڭ خاتىرىسىگە ئاتاپ ئۈچ ، يەتتە ، 20 ، 40 كۈنلۈكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ( نەزىر - چىراغ قىلىش ) ، يىل توشقاندا خاتىرىلەش ، ھېيت - ئايەملەردە ياغ پۇرىتىش قاتارلىق قائىدىلەر بېجىرىلىدۇ . دەپنە مۇراسىم قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىنىدۇ ، ئاللا ئۇلۇغلىنىدۇ ، ئاللادىن مەرھۇمنىڭ گۇناھلىرىنى كېچىرىش ئىلتىجا قىلىنىدۇ .

**دەججال** [ ئە . ] ( ئالدامچى ، ھىيلىگەر ) ئىسلام دىنىدا قىيامەت ئالدىدىن پەيدا بولىدىغان ۋە كىشىلەرنى « خۇدا كۆرسەتكەن توغرا يول » دىن ئازدۇرىدىغان مەخلۇق . ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە ، دەججال ھىندى ئوكيان ئاراللىرىنىڭ بىرىدە ئىبلىس ( شەيتان ) بىلەن بىللە تاغقا كىشەنلەپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنى جىنلار كۆزىتىپ تۇرىدىكەن . ئاخىرەت كۈنى ھارپىسىدا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەر ئۆزلىرىنى توسۇپ تۇرغان تاغنى تېشىپ ئۆتكەندە ، دەججالمۇ كىشەندىن قۇتۇلۇپ ،

غان شەخس ، دىن ۋە شەرىئەت پېشۋاسى .

**داموللا** ← داملا ، موللا

**داۋۇد** پەيغەمبەر . سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ، 30 ياشتا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە پادىشاھ بولغان ، خەلق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ، تەۋراتنىڭ ئەھكامىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن . 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولغان ، ئاللا ئۇنىڭغا تۆت سا- ماۋى كىتابتىن بىرى بولغان « زەبۇر » نى نازىل قىلغان . ئاللا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈر تاۋلاشنى بىلدۈرگەن بولۇپ ، ئۇ تۆمۈر سوقۇپ جەڭ كىيىملىرىنى ياسىغان . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، داۋۇت ئەلەيھىسسالام 100 يىل ياشىغان .

**دائىي** [ ئە . ] ( دەۋەت قىلغۇچى ، تەرغىباتچى ) ئومۇمىي مەزمۇندا ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغۇچى ، تەشۋىقاتچى . ئىسمائىلىيلار مەزھىپىدە دائىي دىنىي لاۋازىمگە خاس بولغان ئۇنۋان ؛ فاتىمىي ئىسمائىلىيلىرىدا دائىي ئىمام ، سامت ، ناتىق ۋە ھۆججەتتىن كېيىن تۇر- دىغان بەشىنچى ئورۇندىكى دىنىي ئۇنۋان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يەرلىك تەشكىلاتىغا رەھبەرلىك قىلغان ؛ ئىسمائىلىيلەر ( ھەششاشىيلەر ) مەزھە- پىدە بولسا ئىمام ، ئەد - دۇئات ئەل - كەبىر يەنى چوڭلاردىن كېيىن تۇرىدىغان تۆتىنچى ئورۇندىكى دىنىي ئۇنۋان ۋە لاۋازىم بولۇش بىلەن بىللە ، مەزھەپنىڭ مەخپىي تەلىماتىدىن خەۋەردار بولغۇچى ھەمدە ئۇنى تەرغىپ قىلغۇچى ھېسابلانغان ، مەزھەپ يېتەكچىلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلى- مىغا مەنسۇپ بولغان . دائىي ئۇنۋانى ئىسمائىلىيلار رەھبەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ھازىرمۇ مەۋجۇت .

**دەپنە مۇراسىمى** دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىدىن بىرى ،

يـولـۇقـقـان ئادەم بەختلىك بولىدۇ ، ئاللاغا سىغىنغان ئادەم خىزىرغا يولۇ-
قىدۇ ، دەيدىغان ئېتىقاد بار .

## د

**داخـان** دۇئا ئوقۇپ دەم سالىدىغان روھانىي . نامى چىققان ،
تـەجـرىـبـىـلىك ، مەرتىۋىلىك داخانلار ئازايىمخان دەپ ئاتالغان . داخانلار
ئـىـسسىققۇ - سوۋۇتقۇ قىلىش ۋە سېھرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان ، ئۇلار
مەنـتـىـقـسىز سۆز ھەم ئاجايىپ - غارايىپ ئـىـش - ھـەرىـكـەتـلـەرنـى
قـىلىپ « جىن - ئالۋاستىلارنى ھەيدەپ ، شىپالىق بېرىپ ، بەختسىزلىكتىن
قـۇتـۇلدۇرۇپ ، مۇشكۈل ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ » ساددا كىشىلەرنى ئـ-
شـەنـدۇرۇپ كـەلـگـەن . داخـانـلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ سارقىندىسى
سۈپـىـتـىـدە ساقلىنىپ كەلمەكتە . پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ھازىر
داخانلارغا ئىشىنىشمۇ تۆگەپ بارماقتا .

**دارۇلـبـەقـا** [ ئە . ] ( ئەبـەدىـي ماكان ) ئىسلام دىنىدا « ئۇ
دۇنـيـا » ھەقـقـىـدىكى چۈشەنچە . ئىسلام دىنى ھەقىقىي ، باقى ، ئەبەدىي ،
بـەخـتـىـيار ھايات « ئۇ دۇنيا » دىلا بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، پەقەت « ئۇ
دۇنـيـا » نـى ئويلاش ، ئاللا يـولـىـدا تائەت - ئىبادەت قىلىش كېرەك ، دەپ
تـەلـىـم بـېرىدۇ . دارۇلبەقا ئىسلام ئەنئەنىسىدە يەردىكى ھايات ( بۇ دۇنيا )
چۈشەنچىسىنى بېرىدىغان دارۇلفەناغا قارىمۇ قارشى ئېيتىلغان .

**دارۇلـفـەنـا** [ ئە . ] ( ئۆتكۈنچى ماكان ) ئىسلام دىنىدا ئىنـ-
ـسـانلار يـاشـاۋاتـقـان دۇنيا ( بۇ دۇنيا ) « فانىي » ( ئۆتكۈنچى ) ، « بەش
كۈنلۈك » ، « بىۋاپا » دەپ تەرغىپ قىلىنىدىغان چۈشەنچە .

**دامللا** دىـنـىـي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە تالىپلارنى ئوقۇتىدىـ

ئاۋۋال مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىختىيارىغا، كېيىن خەلىپىلەرنىڭ خەزى-
نىسى (بەيتۇل مال) گە ئاجرىتىلغان. قالغان قىسمى لەشكەر باشلىقلىرىغا
ۋە لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ قائىدە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى
دەۋرىدىلا (قۇرئان ئايەتلىرى، 8 - سۈرە 42 - ئايەت) ئېلان قىلىنغان ھەم
شۇ ئاساستا يولغا قويۇلغان، ئوتتۇرا ئەسىردە بارلىق مۇسۇلمان
مەملىكەتلىرىدە قوللىنىلغان.

**خىراج** [ئە] (سېلىق) ئوتتۇرا ئەسىردە يېقىن شەرق ۋە
ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەردىن يىغىلىدىغان
سېلىق. خىراج VIII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى
بىلەن يولغا قويۇلغان، شەرىئەتتە قانۇنلاشتۇرۇلغان.

**خىرقە** [ئە.] (ياماق، قۇراق) سوپىلارنىڭ سىرتقى كىي-
يىمى. سوپىلىقتا، خىرقە ئادەتتە پىردىن شاگىرتقا قالىدۇ، ئۇ ئۇزۇن
ۋاقىت كىيىلگەچكە كونىراپ، ياماق چۈشۈپ كېتىدۇ.

**خىزىر** قۇرئاندا «ئاللانىڭ قۇلى» نامى بىلەن تىلغا ئېلى-
نىدۇ. قۇرئاندا بايان قىلىنىشىچە (18 - سۈرە 59 ~ 81 ئايەتلەر) مۇسا
پەيغەمبەر ئۆز خادىمى بىلەن «ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان» جايغا كېتى-
ۋېتىپ، ھەممە سىرلاردىن ۋاقىپ بولغان خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن
ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مۇسا ئۇنىڭغا بىللە ھەمراھ بولۇشنى ۋە ئۆزىگە مەلۇم
بولغان «سىر» لىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ
مۇسانى سەۋر - تاقەتلىك بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ. مۇسا خى-
زىرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. خىزىر سۆزلەپ
بەرگەندىن كېيىن مۇسا ئاندىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. مۇسۇل-
مانلاردا، خىزىر ئىنسانلارنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىدۇ، خىزىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**خۇتبە** [ ئە . ] ( تەرغىبات ، نۇتق ) خاتىپ ( مەسچىت ئىمامى ) نىڭ جۇمە ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇلۇش ئالدىدىن سۆزلەيدىغان ۋەز ، دىنىي پەند ـ نەسىھەتلىرى .

**خۇررەمىيلەر** ئابباسىيلار دەۋرىدە ، خەلىپىلىككە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلار . ئۇلار مەزدەكىيە ئېتىقادىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئەبۇمۇسلىم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان . خۇررەمىيلەر دەسلەپتە ئەبۇمۇسلىمنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ ، ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ ئادالەت ئورنىتىدۇ ، دەپ تەرغىپ قىلغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا خۇررەمىيە مۇستەقىل بىر تەلىمات سۈپىتىدە شەكىللەنگەن . خۇررەمىيلارنىڭ ئېتىقادى ئىنسانلار مىللىتى ۋە دىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزئارا باراۋەر ، ئۇلار تەركىدۇنيالىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشى كېرەك ، دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنى ئاساس قىلغان . بۇ تەلىمات ئەزەربەيجان ، خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسمەن جايلىرىغا تارقالغان . خۇررەمىيلارنىڭ ھەرىكىتى بىر قانچە ئېقىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇلارغا نىشاپۇرلۇق سۇنباد ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇقەننە ۋە ئەزەربايجانلىق بابەككە ئوخشاش شەخسلەر باشچىلىق قىلغان . بۇ ھەرىكەتلەردە يەر ئىگىدارلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى بىكار قىلىش ، يەرنى دېھقانلارغا بېرىش قاتارلىق شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان . خۇررەمىيلار ھەرىكىتى ئاساسەن دېھقانلار ۋە كەمبەغەل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى بولۇپ ، بۇ ھەرىكەت ئەرەب ئىستىلاچىلىرى ۋە يەرلىك ھاكىملار تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان .

**خۇمس** [ ئە . ] ( بەشتىن بىر ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە مۇسۇلمان قوشۇنلىرى قولغا چۈشۈرگەن غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى . ئۇ

ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىيات خرىستىئان دىنىنى چېركاۋىنىڭ: كاتولىسىزم (ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمى) ۋە پراۋوسلاۋىيە (شەرقىي قىسمى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان. خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىسىزم ۋە پراۋوسلاۋىيىگە بۆلۈنۈشى 1054 - يىلى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاماملانغان.

**خوجە** [پ.] (خوجايىن، ساھىب) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا خوجا. مۇسۇلمان دۆلەتلەردە كەڭ تارقالغان ئىمتىيازلىق تەبقە. خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بەزى مەلۇماتلاردا خوجىلار دەسلەپكى تۆت خەلىپە (چاھارىيالار) ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىدىن (ئەلىنىڭ پاتىمەدىن باشقا خوتۇنلىرىدىن) تارقالغان ئەۋلادلار دېيىلسە، يەنە باشقا مەنبەلەردە ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرىگە باشچىلىق قىلغان سەركەردىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىلىدۇ. خوجىلار ئىسلامدا ئاقسۆڭەك تەبەقىسى سۈپىتىدە سەييىدلەردىن كېيىن تۇرۇپ، مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. بەزى مۇسۇلغان دۆلەتلىرىدە ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ئىمتىيازى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**خۇبەل** قەدىمىي ئەرەب مىفولوگىيىسىدە مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ خۇداسى. رىۋايەتلەردە ئەۋلاد — ئەجدادلارنىڭ، ئاي ياكى ئاسماننىڭ خۇداسى، قەبىلىنىڭ ھامىسى ھېسابلانغان. خۇبەل كەئبەنىڭ باش خۇداسى، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ ئوڭ قولى ئالتۇندىن، قالغان ئەزالىرى تاشتىن قىلىنغان ئادەم قىياپىتىدىكى ھەيكەل بولۇپ، ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئاللا بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئۇنىڭ نامى تامامەن يوقالغان.

ھەرنى قوغدايدۇ. ئۈچ ھەپتە داۋام قىلغان قامالدىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيياننىڭ ئادەملىرى مەدىنەنى ئالالماي چېكىنىدۇ. مۇسۇلمانلار غالىپ كېلىدۇ. بۇ جەڭ ئىسلام تارىخىدا خەندەك جېڭى دەپ ئاتىلىدۇ.

**خرىستىئان دىنى** دۇنيادا كەڭ تارقالغان دىنلاردىن بىرى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىدە، ئاۋىستىراللىيەدە شۇنىڭدەك ئافرىقا، يېقىن شەرق ۋە يىراق شەرقنىڭ بىر مۇنچە رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان. خرىستىئان دىنى چېركاۋلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا بىر مىلياردتىن ئارتۇق كىشى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسىي غايىسى ئىسۇس خرىستوس (ئىسامەسىھ) ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى، ئېتىقاد-تەلەپلىرى، ھوقۇق ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، تەفقىلىرى، بىبلىيا ۋە باشقا «مۇقەددەس كىتاب» لارنى ئاساس قىلىدۇ. خرىستىئان دىنى I ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلار ئارىسىدا پەيدا بولغان. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ خرىستىئان جامائەلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبى ئۆزگەرگەن: روھانىيلار (كلىر) ۋە ئاددىي جامائە ئەزالىرى (مرىيان) غا بۆلۈنگەن. ئايرىم جامائەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئېپىسكوپ باشچىلىقىدىكى چېركاۋ تەركىبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. چېركاۋ زور بايلىق توپلاپ، بىر خىل سىياسىي كۈچكە ئايلانغان. دەسلەپ خرىستىئانلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان رىم ئىمپېراتورلىرى كېيىن خرىستىئانلار تەرەپدارلىرى بولغان. IV ئەسىرگە كەلگەندە خرىستىئان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىدە مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ تەرتىپلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. فېئودالىزم دەۋرىدە رىم



www.uyghurkitap.com

دۆلەت باشقۇرغۇچى نائىبلىرى خەلىپە دېيىلگەن. پادىشاھنىڭ بىرىنچى ۋەزىرى — سەفەۋىيە تەرىقەتىنىڭ رەھبىرى «خەلىپىلەر خەلىپە‑سى» («خەلىپە ئۇل — خۇلەفا») دەپ ئاتالغان. ئايرىم دەرۋىشلىك تەرىقەتلىرىدە شەيخنىڭ جايلاردىكى ۋەكىلى ۋە تەرىقەت ئاساسچىسىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى، شۇنىڭدەك سۇدانىدىكى مەھدىيلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى — مۇھەممەد ئەھمەدنىڭ ئورۇنباسارىمۇ خەلىپە دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا VII ئەسىردە مىسىردا سېلىق يىغۇۋالغۇچى ئەمەلدارلار، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ جايلاردىكى ۋەكىللىرى، ماراكەشتە شەھەر باش‑لىقىنىڭ ياردەمچىسى «خەلىپە» نامىنى ئىشلەتكەن.

**خەلىپىلىك** (1) ئىسلامنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە خاس بولغان ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش تەرتىپى. بۇنىڭدا جامائەنىڭ مۈلكى ۋە دىنىي ئىشلىرىغا خەلىپە باشچىلىق قىلىدۇ. خەلىپىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كەسكىن سىياسىي كۈرەشلەرگە سەۋەب بولۇپ، شۇ تۈپەيلىدىن سۈننىي، شىئە ۋە خاۋارىجغا ئوخشاش ئاساسىي مەزھەپلەر مەيدانغا كەلگەن. (2) خەلىپە باشقۇرىدىغان دۆلەتنىڭ نامى. ئادەتتە، خەلىپىلىك (ياكى ئەرەب خەلىپىلىكى) ئاتالغۇسى VII ئەسىردە ئەرەب ئىستىلاسى تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن ھەمدە يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتە XIII ئەسىردىكى موڭغۇللار ئىستىلاسىغا قەدەر، ئىسپانىيىدە XV ئەسىرگە قەدەر مەۋجۇت بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرى خەلىپىلىك دەپ ئاتالغان.

**خەندەك جېڭى** 627 ‑ يىلى مەككىلىكلەرنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان ئون مىڭغا يېقىن لەشكەر بىلەن كېلىپ مەدىنەنى قامال قىلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قوشۇنى مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك قېزىپ شە‑

كىشىلەر ئىچىدە چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىگەن.

**خەدىچە** (تەخمىنەن.555 ياكى 556 — 620 ياكى 621)

مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچى خوتۇنى. خەدىچە ناھايىتى باي ئايال بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاۋۋال خەدىچەنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغان، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ مەبلىغى بىلەن سودىگەرچىلىك قىلغان. خەدىچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن تۆت قىز، ئىككى ئوغۇل كۆرگەن، پەقەت كىچىك قىزى پاتىمەدىنلا ئەۋلات قالغان. ئىسلام ئەنئەنىسىدە خەدىچە مۇھەممەد پەيغەمبەر تەلىماتىغا بىرىنچى بولۇپ ئىشەنگەن ۋە مۇسۇلمان بولغان دەپ كۆرسىتىلىدۇ. خەدىچەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار بولۇپ، دىنىي مەنبەلەردە ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

**خەلىفە** [ئە.] (ئورۇنباسار، نائىب) — ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا خەلىپە. مۇسۇلمان جامائەسى ۋە مۇسۇلمان تېئوكراتىك دۆلىتى (ئەرەب خەلىپىلىكى) نىڭ دىنىي ھەم مۈلكى باشلىقى. خەلىپە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى ھېسابلىنىدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىنكى تۆت خەلىپە (ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى) «خۇلەفائى راشىدىن» (توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر) نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇمەۋىيلار، ئابباسىيلار، فاتىمىيلار سۇلالىسىدىن بولغان ھۆكۈمرانلار خەلىپە نامى بىلەن ئاتالغان. XIII ئەسىردىن كېيىن ئايرىم مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنى دىنىي باشلىق دەپ ئېلان قىلىپ خەلىپە نامىنى ئىشلەتكەن (مەسىلەن، تۈركىيە سۇلتانلىرى 1925 - يىلىغىچە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتاپ كەلگەن)، خاۋارىجلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ خەلىپە نامىغا ئىگە بولغان. ئىراندا سەفەۋىيلار دەۋرىدىكى قىزىلباشلار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئايرىم مەشھۇر ۋەكىللىرى — شەيخنىڭ

قول ياكى نېگىر بولسمۇ ) خەلىپە بولۇپ سايلىنىشى ؛ ئەگەر خەلىپە جا-
مائە مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلمىسا ، ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىشى ھەتتا ئۆلۈمگە
بۇيرۇلۇشى كېرەك . خاۋارىجلارنىڭ پىكرىچە ، ئېتىقاد ئەمەلىي پائالىيەت
بىلەن مۇستەھكەملىنىشى لازىم . ئېتىقاد ۋە گۇناھكارلارنى جازالاش
مەسىلىرىدە خاۋارىجلار مۇرجىئىيلارغا قارشى مەيداندا تۇرغان . كېيىنكى
ۋاقىتلاردا خاۋارىجلار بىرقانچە كىچىك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن .
ئۇماۋىيلار ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىرى IX - VII ئەسىرلەردە خاۋارىجلارغا
قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى
قىرىپ تاشلانغان ، قېپقالغانلىرى شىمالىي ئافرىقىدا ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان .
خاۋارىجلار خەلىپىلىكتىكى كۆپلىگەن قوزغىلاڭلار (زىن-
جىيلار قوزغىلىڭى ، ئەبۇ مۇسلىم قوزغىلىڭى ۋە باشقىلار) غا قاتناشقان .
ھازىرقى ۋاقىتتا خاۋارىجلارنىڭ ئىبادىيلار مەزھىپى زاھىر ، تۇنىس ، ئۇمە-
مان ، تانزانىيەلەردە ئۇچرايدۇ .

**خەتمەقۇرئان** ئەسلى مەنىسى «قۇرئان» نى بىر قېتىم
ئوقۇپ چىقىش ، ھازىرقى ئىستېمالدىكى مەنىسى ۋاپات بولغۇچىغا ئاتاپ
قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇش .

**خەتنە** ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىلىكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش .
ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ بالاغەت يېشىنى نىشانلاش يۈزىسىدىن
ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم . تارىخىي مەنبەلەردە ئاۋستىرالىيە ، ئوكئانىيەدىكى
قەبىلىلەردە ، ئافرىقىدىكى بەزى مىللەتلەردە خەتنە قىلىشنىڭ بارلىقى قەيت
قىلىنىدۇ . خەتنە قەدىمكى بابىلدا ياشىغان سامىي خەلقلىرىدە كەڭ تارقال-
غان ئادەت بولۇپ ، ئۇلاردىن ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلارغا ئۆتكەن ، ئىسلامدا
بۇ مۇراسىم دىنىي تۈس ئالغان . خەتنە قىلىش ئىسلام دىنىدا سۈننەت
ھېسابلانغان ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ تارقالغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋۇددىن زىيارەتگاھى) چىللە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ھوجرىلارغا ئايرىلغان. ھازىر بۇ ئادەت يوقىلىپ كەتكەن.

# خ

**خاتىب** [ئە. ] (تەرغىباتچى، ناتىق) ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا خاتىپ. مەسچىتتە جۈمە ۋە ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدىغان، ۋەز ئېيتىدىغان ئۆلىما، بەزىدە خاتىپ مەسچىت ئىمامى ۋەزىپىسىنىمۇ بېجىرىدۇ (ئىمام خاتىپ دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان).

**خاۋارىجلار** [ئە. ] (ئايرىلىپ چىققۇچى) ئىسلامدا دەسلەپكى ئېقىم تەرەپدارلىرى، VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ باشلىرىدا خەلىپە ئەلى بىلەن ئۇماۋىيلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەلى مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى (ئۇماۋىيلار) بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا كۆنگەن. بۇ ھال ئەلىنى تەختنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ تونۇغان ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نارازىلىق پەيدا قىلغان. قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى (12 مىڭ كىشى) ئەلىنى مۇرەسسەدە چىلىكتە ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن. كېيىن ئۇلار ئەلىگىمۇ، ئۇماۋىيلارغىمۇ ئوخشاشلا قارشى چىققان، ئەنە شۇ گۇرۇھ تەرەپدارلىرى خاۋارىجلار دەپ ئاتالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ ھېسابلىغان. خاۋارىجلار « دىنىنى يوقاتقان » ۋە يوقىتىلىشى كېرەك دەپ قارىغان سىياسىي ۋە غايىۋى دۈشمەنلىرىگە مۇرەسسەسىز پوزىتسىيە تۇتقان، خاۋارىجلارنىڭ تەلىماتى بويىچە خەلىپە دىنىي جامائە تەرىپىدىن سايلىنىشى، جامائەگە بويسۇنۇشى، ھەر قانداق تەقۋادار مۇسۇلمان (ھەتتا

چىلتەن دېگەن تەسەۋۋۇرلارغا كۆرە غايىبانە كۈچكە ئىگە بولغان قىرىق نەپەر روھ. رىۋايەتلەردە چىلتەنلەرنىڭ ئادەم كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغانلىقى، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئادەم قىياپىتىدە كىشىلەر بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئادەتتە مازار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا ئىستىقامەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ساقلىنىش، كېسەلدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە، چىلتەنلەرگە ئاتاپ پىلىكتىن ياسالغان قىرىق دانە چىراغ يېقىش، ھەر خىل تائاملارنى پىشۇرۇش، پىشۇرۇلغان تائاملارنى (چىلتەن ئېشى) يىغىلغان خوتۇن - قىزلارغا تارقىتىپ بېرىشتەك ئادەتلەر بولغان.

**چىللە** [پ. ت.] (قىرىقلىق، قىرىق كۈنلۈك) (1) يىل داۋامىدا ئەڭ ئىسسىق (ياز چىللىسى) ۋە ئەڭ سوغۇق (قىش چىللىسى) ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان قىرىق كۈن. ياز چىللىسى سەرەتان ئېيى تولۇق بىر ئاي ھەم ئەسەد ئېيىنىڭ ئون كۈنى (21 - ئىيۇندىن 31 - ئىيۇلغىچە)، قىش چىللىسى جەدىي ئېيى تولۇق بىر ئاي ھەم دەلۋ ئېيىنىڭ ئون كۈنى (21 — دېكابىردىن 31 - يانۋارغىچە) بويىچە ھېسابلىنىدۇ. (2) يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش مەقسىتىدە، بوۋاق ياتقان ئۆيگە باشقا كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان مۆھلەت. بۇمۇ چوڭ - كىچىك چىللە دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كىچىك چىللە 20 كۈن، چوڭ چىللە 40 كۈن بولىدۇ.

**چىللە ئولتۇرۇش** سوپىلارغا، مۇرىتلارغا خاس ئىبادەت. سوپىلىق تەرىقەتلىرىدە مۇرىتنىڭ 40 كۈن داۋامىدا ئۆيدىن چىقماي تائەت - ئىبادەت قىلىشى «چىللە ئولتۇرۇش» دەپ ئاتالغان. سوپىلار تۇرۇشلۇق جايلار (مەسىلەن، بۇخارا يېنىدىكى بەھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىلاڭلىرى) ئايرىم ھاللاردا جىھاد نامى بىلەن ئاتالغان .

# چ

**چاچۋان** مۇسۇلمان ئاياللار پەرەنجى يېپىنغاندا يۈزىگە تارتىدىغان تورسىمان پەردە ، ئۇ ئات قىلىدىن ياسىلىدۇ . چاچۋان تارىتىش ئىسلام دىنىي پەيدا بولغاندىن باشلاپ مەۋجۇت بولۇپ ، شەرىئەت قائىدىسىگە كىرگۈزۈلگەن . قىسمەن مۇسۇلمان ئەللىرىدە چاچۋان ئورنىدا باشقا ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئاياللار پەرەنجى ئورنىدا ئىگىنىگە ئورىۋالىدىغان قارا رەخت چاچۋان ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ .

**چادىرە** [پ . ت .] (چەدار) شەرىئەتتە ئۆيدىن سىرتقا چىققان ئايالنىڭ يۈزى ۋە قامىتىنى ئەركەكلەرگە كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈن يېپىنچا ئارتىش بەلگىلەنگەن . چادىرەنىڭ كۆزگە ئۇدۇل ئورنى ئويۇلغان بولىدۇ .

**چاھارىيارلار** [پ . ت .] (تۆت دوست) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئەرەب خەلىپىلىكىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان دەسلەپكى تۆت خەلىپە (ئەبۇبەكر ، ئۆمەر ، ئوسمان ، ئەلى) . بۇ خەلىپىلەر ئىران ، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا چاھارىيارلار دەپ ئاتىلىدۇ . چاھارىيارلار ئەرەب تىلىدىكى دىنىي مەنبەلەردە «خۇلەفائى راشىدىن («توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر») نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ . مۇسۇلمانلار چاھارىيارلارنى «پەيغەمبەر نايىبلىرى» دەپ بىلىپ ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، چاھارىيارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئىسلامنىڭ ئالتۇن ئەسرى ، دەپ مەدھىيىلىنىدۇ .

خىل قىياپەتلەردە كۆرۈنۈپ، زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان مەخلۇق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇرلار ھازىرمۇ كىشىلەر ئې- ڭىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**جىھاد** [ئە.] (ئەسلى مەنىسى: غەيرەت قىلىش، كۈرەش قىلىش؛ كۆچمە مەنىسى: دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش) ئىسلامدا غەيرىي دىنلارغا قارشى «مۇقەددەس ئۇرۇش». قۇرئاندا جەڭگە قاتنىشالايدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان «مۇقەددەس ئۇرۇش» قا قاتنىشىشى شەرت، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىسلام تەلىماتى دۇنيانى بىر - بىرىگە يات ئىككى قىسىمغا يەنى مۇسۇلمانلار دۇنياسى — دارول - ئىسلام (مۇسۇلمانلار تۇرۇشلۇق جاي) ۋە كاپىرلار دۇنياسى — دارول - ھەرب (مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۇرۇشلۇق جاي) گە بۆلىدۇ. باشقا مەملىكەتلەردىن ئىسلام دىنىغا ئۇرۇش قىلماي بويسۇندۇرۇلغانلىرى دارۇل — سۇلھ (سۇلھ مەملىكەتلىرى ياكى سۇلھ قىلىش يولى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان مەملىكەتلەر) دېيىلىدۇ. جىھاد ھەرىكەتلىرىدە ئاۋۋال «كاپىرلار» غا ئىسلام دىنىغا كىرىش تەكلىپى بې- رىلگەن. ئەگەر غەيرىي دىندىكىلەر بۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇلار ئۈممەت قاتارىدا سانىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بول- غان. ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى باش تارتسا، ئۇلار زىممىي ھېسابلىنىپ جىزيە تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغان. دىنىي تەلىماتتا جىھادتا ئۆلگەن ئادەم شېھىد بولۇپ ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، تىرىك قالغىنى غازى ھېسابلىنىپ، ھەرقانداق گۇناھلىرىدىن خالاس بولۇپ، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ، دېيىلگەن. ئايرىم مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ستىخىيىلىك كۈرەش- لىرىمۇ (مەسىلەن، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى سۇدان، XX ئەسىرنىڭ 10 ~ 20 يىللىرىدىكى لىۋىيە، 1920 - يىلىدىكى ئىراق قوز-

كۈنى . مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە جۈمە بارلىق كىشىلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى قىلىنغان . شۇ كۈنى ساغلام ، بالاغەتكە يەتكەن ھەممە مۇسۇلمان جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ۋە خۇتبە ئاڭلاش ئۈچۈن بىرەر جايغا ، ئادەتتە مەسچىتكە جەم بولۇشى لازىم . رىۋايەتلەرگە كۆرە مۇھەممەد پەيغەمبەر جۈمە كۈنى تۇغۇلغانىكەن ، شۇڭا «ئىسلامىيەت نۇرى» مۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تارقىلىشقا باشلىغانىكەن ، قىيامەتمۇ جۈمە كۈنى بولىدىكەن .

**جىزيە** [ ئە . ] (جان سېلىقى) دەسلەپتە ئەرەب خەلىپىلىكىدە ، كېيىنرەك باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا) دە مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالاردىن ئېلىنغان جان سېلىقى . جىزيە بالاغەتكە يەتكەنلەرگە سېلىنغان (قېرىلار ، ئاياللار ، بالىلار ، قۇل ۋە گادايلار بۇ سېلىقتىن ئازاد قىلىنغان) . جىزيەدە ئاساسەن پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان .

**جىن** [ئە . ] ئىسلام ئەنئەنىسىدە ياۋۇز روھلار . ئىسلامغىچە ئەرەبلەر ئىچىدە قىياپەتسىز ئىلاھلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار مەۋجۇت بولۇپ ، مەككىلىكلەر ئۇلارنى ئاللاغا يېقىن ، ئاللا بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ ، دەپ قارىغان ھەم ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان ، ئۇلاردىن ياردەم سورىغان . ئىسلام رىۋايەتلىرىگە كۆرە ، جىنلار ساپ ئوتتىن يارىتىلغان بولۇپ ، ھەر خىل شەكىللەردە نامايان بولالايدىغان ۋە ھەرقانداق بۇيرۇقلارنى ئورۇنلىيالايدىغان روھدۇر . خەلق ئارىسىدا جىنلار ھەققىدە كۆپلىگەن ئەپسانە ، رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ ، ئۇلار خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن . ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادىدا ، جىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ، چۆل - باياۋاندا ، خارابىلىقلاردا ، كونا تۈگمەنلەردە ، ئورمان ۋە دەرەخزارلىقلاردا ياشايدىغان ، كىشىلەرگە ھەر

جەزمۋە قوزغاتقۇچى دىنىي ۋاسىتىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. جەزمۋە ھالىتىدە بولغان كىشىلەردە ۋاقىت - پۇرسەتنى ھېس قىلىش بۇزۇلىدۇ، يوق نەرسىلەرنى كۆرۈش، بولمىغان گەپلەرنى ئاڭلاش، ئاغرىق سەزمەسلىك-تەك ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. سوپىلارنىڭ زىكرىگە چۈشكەندە ئۆزىنى يوقاتقان دەرىجىدە ھوشسىزلىنىش ھالىتى جەزمۋەنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

**جەئفەرىيە** شىئە مەزھىپىدىكى دىنىي - قانۇنىي سىستېما. شىئە مەزھىپىدە 12 ئىمامغا ئېتىقاد قىلىش ئىماملارنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئىماملارنىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەئفەر سادىق (700 — 765) نى شىئە مەزھىپى ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى دەپ بىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ سىستېما مۇجتەھىد ۋە ئىلاھىيەتچىلەر تەرىپىدىن IX ~ X ئەسىردە ئىشلەپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىمام جەئفەرنىڭ ئانچە رولى بولمىغان، ئۇنىڭدىن ھوقۇق ۋە ئىلاھىيەتكە ئائىت ھېچقانداق ئەسەرمۇ قالمىغان. شۇنىڭغا قارىماي ھازىرغىچە شىئە مەزھىپىنىڭ دىنىي قانۇن سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەئفەرىيە XVI - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىراندا ھۆكۈمران دىنىي قانۇن سىستېمىسىغا ئايلانغان. بۇ مەزھەپ ئىران ۋە ئىراقتىكى شىئەلەر ئارىسىدا ھازىرمۇ كەڭ تەسىرگە ئىگە.

**جەئفەر سادىق** (700 — 765) شىئەلەردە تارقالغان جەئفەرىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى. جەئفەرىيە مەزھىپىنىڭ قانۇن سىستېمىسى قانۇنشۇناسلار ۋە مۇجتەھىدلار تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىلغان. ئۇنىڭغا جەئفەر سادىق يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەزھەپ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**جۇمە** [ ئە. ] ئىسلام كالىندارىدا ھەپتىنىڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ

قوغۇشتىلىدىغان. ئۇلارغا قارشى بولغان دىنىي ئېقىملار جۇملىدىن قەدەرىيەلەرنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان.

**جەبرائىل** ئىسلام دىنىدىكى تۆت باش پەرىشتىنىڭ (ئەزرائىل، ئىسراپىل، مىكائىل بىلەن بىللە) بىرى. دىنىي رىۋايەتلەرگە كۆرە، خۇدانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگۈچى پەرىشتە. جەبرائىل ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرغان. ئۇلارغا مۇرەببىيلىك قىلغان. مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قۇرئاننى يەتكۈزۈپ بەرگەن. جەبرائىل قۇرئاندا «مۇقەددەس روھ»، «ئالىيجاناب ئەلچى» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

**جەدىدىزم** [ ئە. ] («ئۇسۇلى جەدىد» — يېڭى ئۇسۇل) XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا تاتار بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئېقىمى. XIX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. جەدىدىزم ئېقىمىنىڭ دەسلەپكى تەرەپدارلىرى مۇسۇلمانچە ئوقۇتۇشنى ياۋروپاچە تەلىم بېرىش يولى بىلەن ئىسلاھ قىلىش، كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان فېئودالىزم تەسىرلىرىنى تۈگىتىش، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

**جەزبە** نېرۋىنىڭ كۈچلۈك قوزغىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلمەي قىلىش، خىيال ۋە رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنىڭ يوقىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ھالەت. جەزمە كۆپىنچە دىنىي سىغىنىش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ھاياجانلىق ھەرىكەت، ئۆز - ئۆزىنى قىيناش، كېچىسى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈش، ئۇزاق ۋاقىت ئارام ئالماي، پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بىلەن بىر نۇقتىغا قادىلىپ تۇرۇش قاتارلىقلار

**جەنازە** [ ئە . ] (دەپنە ، دەپنە مۇراسىمى) — هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا جىنازا . ئىسلام ئەنئەنىسىگە خاس دەپنە قىلىش ۋە مەرھۇمنى يەرلىكتە قويۇش ئالدىدىن ئوقۇلىدىغان ناماز (سەلاتول - جەنازە). ئىسلام دىنىي تەلىماتى ۋە شەرىئەت قانۇنى بويىچە ، مەرھۇم جىنازە نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىنلا دەپنە قىلىنىشى كېرەك (ئەكس ھالدا ئۇ غەيرىي دىن قاتارىدا كېتىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ) .

**جەندە** ← خىرقە

**جەننەت** [ئە . ] (باغ) تەقۋادار ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر «ئۇ دۇنيا»دا راھەت - پاراغەتتە ياشايدىغان جاي . قۇرئاندا ، جەننەت شىرىن - شېكەر مېۋىلەر بىلەن تولغان ، ئېرىقلىرىدا سۈت ، شەربەت ئېقىپ تۇرىدىغان ، ھەممە نەرسە مول ، ناھايىتى گۈزەل باغ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ ( قۇرئان 76 - سۈرە 13 — 22 ئايەتلەر) .

**جەھەننەم** ← دوزاخ

**جەبەرىيلەر** [ ئە . ] (جەبر ، مەجبۇر قىلىش) VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام ئىلاھىيىتىدە پەيدا بولغان ئېقىم تەرەپدارلىرى . جەبەرىيلەر ئاللا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ، ئىنسانلاردا ھېچقانداق ئىرادە ۋە پائالىيەت ئەركىنلىكى يوق ، ئۇ پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت ، ئىنسان بولسا ئەنە شۇ پائالىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ، دېگەن تەلىماتنى تەرغىپ قىلغان . ئۇلار ئىرادە ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى بولغان قەدەرىيلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ، خەلىپىلەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئىلاھى ۋە قانۇنىي دەپ قارىغان . شۇڭا خەلىپىلىكتە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئۇمەۋىيلەر جەبەرىيلەرنى قوللاپ -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈشىنىڭ مەلۇم ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەرىپىمۇ بولغان، ئەمما، ئۇ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ، ئالدى بىلەن بۇرژۇئازلىشۋاتقان يۇقىرى تەبىقىنىڭ ۋەكىلى بولغان جامالىددىنىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىدىئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن. ئۇ ئىستانبولدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە شاگىرتلىرى (مەسىلەن، مىسىردىكى مۇھەممەد ئەبدا) ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋە دىنىي ئىسلاھاتچىلىق غايىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

**جاھىز** ئەل - جاھىز ئەبۇ ئۇسمان ئەمرئىبن بەھر (تەخمىنەن 775 ــ 868) ئەرەب يازغۇچىسى، ئىنسىكلوپېدىست ئالىم، مۇئتەزىلىيلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئەقلىغا مۇۋاپىق تەكلىپ - دەلىللەر بىلەن تەدبىقلاشقا كۈچ چىقارغان، ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ماددىنى ئەبەدىي، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. جاھىز يۈزدىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب شەھەر ئاھالىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئىجتىمائىي ھاياتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەخلاقى توغرىسىدا قىزىقارلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن.

**جاھىلىيەت** [ئە.] (بىلىمسىزلىك ھالىتى، جاھالەت) ئىسلام مەنبەلىرىدە ۋە ئىلاھىيەت كىتابلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ھاياتى جاھىلىيەت دەۋرى دەپ ئاتالغان.

**جائىز** [ئە.] (ئىجازەت بېرىلگەن، يول قويۇلغان) دىنىي قائىدىلەردە قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئىش.

**جايناماز** ناماز ئوقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان رەخت.

جامائەلىرىنى قايتا قۇرۇشنى ، پەقەت ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان ، پەقەت ئاللانىڭ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بۇيرۇغان شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىدۇ . ئىسلام جامائەسىدە ئىرق ، تىل ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ ، سىنىپلار ئىنكار قىلىنىدۇ . «ئىدىئال ئىسلام جامائەسى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان ، ئاللاغا خىزمەت قىلىدىغان ، ئىلاھىي ئادالەتنى يولغا قويىدىغان ، زوراۋانلىققا قارشى كۈرەش قىلىدىغان ، يەر يۈزىدە ئىلاھىي سەلتەنەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدۇر» دېگەن غايە «جامائەتى ئىسلامىي» نىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپىدۇر .

**جامالىددىن ئەفغانى** (1839 — 1897) پانئىسلامىزم ئاساچىسى ، ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر ئىسلاھاتچىسى ۋە مۇتەپەككۇرى . ئافغانىستاننىڭ ئەسەدئاباد شەھىرىدە تۇغۇلغان . يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ، ياۋروپا ئەللىرىدە ياشىغان ، موسكۋا ، پېتېربورگلاردىمۇ بولغان . ئۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ، ئىلمىي مىراسلىرىنى كەمسىتىدىغان ئىدىيىلەرگە ، ياۋروپانى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلغان . جاھانگىرلارنىڭ شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى كۈچەيگەن ھەمدە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە كاپىتالىزم راۋاجلىنىشقا باشلىغان شارائىتتا دىنىي ئىسلاھاتچىلىق غايىلىرىنى كۈچەيتىپ ، مۇسۇلمان ئەللەرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەرەب خەلىپىلىكىگە ئوخشاش ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە قۇرئانغا ئاساسلانغان فېئودال دۆلەت قۇرۇش پىلانىنى ئىلگىرى سۈرگەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم مۇسۇلمان ئەللىرىدە مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرغان ، گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلغان ، كۆپلىگەن ماقالە ، ئەسەرلەرنى يازغان . جامالىددىننىڭ ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تەيەممۇم** [ ئە . ] تەھارەتنىڭ بىر تۈرى ، سۇ بولمىغان ئەھۋالدا قۇم ياكى توپا بىلەن تەھارەت ئېلىش .

**تۇفان** [ئە .] (كەلكۈن) ئىسلام ۋە باشقا رىۋايەتلەردە «جازا» سۈپىتىدە ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن كەلكۈن . تۇفان رىۋايىتىدە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى ئۈچىنچى مىڭيىللىقنىڭ ئاخىرىدا دەجلە ۋە فرات ۋادىسىدا (مېسوپوتامىيەدە) يۈز بەرگەن چوڭ كەلكۈن ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ رىۋايەت قەدىمكى شۇمېر ، ئەققاد ، بابىل ئەپسانىلىرىدىن بىبلىياغا ، ئۇنىڭدىن قۇرئانغا ئۆتكەن .

**تۇمار** [ئە .] (تاقاپ يۈرمەك) دىنىي تەسەۋۋۇر بويىچە ، سېرلىق كۈچكە ئىگە ، ئىگىسىنى بالا ـ قازادىن ، تاسادىپىي ئاپەتلەردىن ، «يامان كۆزلەردىن» ساقلايدىغان نەرسە ، بۇيۇم ، ئىسلامدا تۇمار قۇرئان ئايەتلىرى ، دۇئالار يېزىلغان قەغەز .

**تىلاۋەت** ← قىرائەت

## ج

**جامائەتخانا** ئىسمائىلىيلار مەزھىپىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ، مەسچىتى .

**«جامائەتى ئىسلامىي»** پاكىستان ، ھىندىستان ۋە بىنگالدىكى سول ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە ۋەزىپىسى ئاساسىدا بىرلەشكەن ئۇيۇشمىسى . ئاساسچىسى ئا . ئا . مەۋدۇدى . ئۇ ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسلانغان ھالدا مۇسۇلمان

**تەقلىد** [ئە.] ( باشقىلارغا ئەگىشىش ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە نوپۇزلۇق تەلىمات ياكى تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان شەخسكە ئەگىشىش پرىنسىپى. ئىسلام ئىلاھىيىتىدە XI - XII ئەسىرلەردىن كېيىن، روھانىيلارغا دىنىي تەلىمات ساھەسىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ( ئىجتىھاد ) مەنئى قىلىنغان بولۇپ، پەقەت بۇرۇنقى ئەقايىدچىلار تەلىماتىغا ئەگىشىش ، تەقلىد قىلىش ھوقۇقى قالدۇرۇلغان. بۇ پرىنسىپ بويىچە تەقلىد ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچى روھانىيلار مۇجتەھىدلاردىن پەرقلىق ھالدا مۇقەللىدلار دەپ ئاتالغان.

**تەقۋادارلىق** [ئە.] ( تەقۋا — خۇدادىن قورقۇش ) دىنغا ئالاھىدە بېرىلگەن ئادەملەرگە قوللىنىلغان ئاتالغۇ.

**تەۋھىد** [ئە.] ( بىر خۇدالىق ) ئومۇمىي مەنىدە بىر خۇدالىق ھەققىدىكى تەلىمات. تەۋھىد ئىسلامدا ( سۈننىي ۋە شىئە مەزھىپىدىمۇ ) رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان ئەقىدىلەرنىڭ بىرىنچىسى، ماھىيەتلىك، ئاساسلىق ۋە مەركىزىي ئەقىدە. شۇڭا قۇرئاننىڭ 112 - « ئىخلاس » ( « پاكلىنىش » ) سۈرىسى بەزىدە تەۋھىد دېيىلىدۇ.

**تەئلىمىيلەر** قەرمەتلەرنىڭ ئىككىنچى نامى. قەرمەتلەردە، بۇ مەزھەپكە يېڭىدىن كىرگەنلەرگە تەلىم بېرىش قاتتىق قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار تەئلىمىيلەر نامى بىلەنمۇ ئاتالغان.

**تەئۋىل** [ئە.] ( چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ) قۇرئان تېپسىرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، قۇرئان تېكىستلىرىنىڭ « سىرلىق مەزمۇن » لىرىنى مەجازىي ئىستىئارە يول بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە شىئە مەزھىپىگە خاس تەپسىر ئەنئەنىسىدە كەڭرەك ئورۇن ئىگىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئىقىمغا ئايلانغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئىقىملار ( مەسىلەن، مۇئ-تەزىلەر ۋە مۇتەكەللىملەر )غا مەنسۇپ بولغان ئىلاھىيەتچىلەر تەلىماتىنىڭ بىر تەرىپى سۈپىتىدە مەلۇم. ئىسلام دىنىدا كالام ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، بۇ تەلىماتلار يوقىلىپ كەتكەن.

**تەفسىر** [ ئە. ] ( شەرھلەش، چۈشەندۈ-رۈش، ئىزاھلاش ) - ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تەپسىر. بىرەر نەرسىنى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش. ئىسلام ئەنئەنىسىدە قۇرئان، ھەدىس ۋە باشقا دىنىي مەنبەلەرنى چۈشەندۈرۈش. قۇرئان تەفسىرلىرىدە قۇرئاندىكى ئايەت - سۈرىلەر ئەينەن شەرھلەپ بېرىلگەن.

**تەقدىر** [ ئە. ] (ئالدىن بەلگىلەنگەن ھايات يولى ) قىسمەت - ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى ھەممە ئالەمدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى ئىلاھىي كۈچلەرگە باغلاپ قارايدىغان دىنىي ئىدېئالىستىك تەسەۋۋۇر. تەقدىر ئىسلامدا ( سۈننىي، شىئە مەزھىپىدىمۇ ) رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان ئەقىدىلەردىن بىرى. تەقدىرگە ئىشىنىش ھەممە دىنلاردا بار بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەقدىرنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، قۇرئاندا « ئادەملەر پەقەت خۇدا خالىغاننىلا خالىيالايدۇ »، « خۇدا قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ » دېگەن ئىبارىلەر تەكىتلىنىدۇ. ئىسلامدا تەقدىر ھەققىدە قەدەرىيلەر بىلەن جەبەرىيلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش بولغان، كالامدا ئوتتۇرىچە يول تۇتۇلغان، مۇتەكەللىملەر تەقدىرنى ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن باغلاشقا ئورۇنغان، ئۇلار بەندىنىڭ گۇناھتىن خالىي بولۇشى ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، دىنىي پائالىيىتىگە، يەنى ساۋابلىق ئىش، خەير - ئېھسان قىلىشىغا باغلىق دەپ قارىغان.

**تەسەۋۋۇپ** [ ئە . ] ــ سوفىلىق .

**تەسبىھ** [ ئە . ] ( خۇدانى مەدھىيىلەش ، ئۇلۇغلاش ) ــ هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تەسۋى . هەر نامازدا ئوقۇلىدىغان ، ئاللانى مەدھىيىلەيدىغان ، پاكلايدىغان ، ئۇلۇغلايدىغان سۆز . ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنىسى دۇئا ۋە ئىبادەت سۆزلىرىنى هېسابلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇنچاق تىزمىسى . تەسۋى ئىشلىتىش كەڭ تارقالغان ، بارلىق دىنلاردا ئۇچرايدۇ ، ئۇ يەنە دىندارلىق ۋە تەقۋادارلىق بەلگىسى هېسابلىنىدۇ .

**تەشەھهۇد** [ ئە . ] ( گۇۋاھلىق ) دىندارلارنىڭ تىلىدا كەلىمەئى شەهادەت ( گۇۋاهلىق سۆزى ) ، يەنى ئىسلام رۇكنىلىرىنىڭ بىرىنچىسى . ماهىيەتتە ئاللانىڭ بىرلىكى ، مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز . تەشەهھۇد ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە تارقىلىشىدىن باشلاپ ، مۇسۇلمانلىقنىڭ بىرىنچى ۋە ئاساسىي بەلگىسى هېسابلانغان ، ئىسلام دۆلەتلىرىدە هازىرمۇ شۇ مەنادا قوللىنىلىدۇ .

**تەشبىھ** [ ئە . ] ( ئوخشىتىش ) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئاللانى ئادەمگە ئوخشىتىپ تەرىپلەيدىغان تەلىمات . دەسلەپكى ئىسلام ئىلاهىيەتچىلىرى ئىچىدە تەشبىھ تەرەپدارلىرى ئاللانىڭ قىياپىتىنى ئىنسانغا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرگەن ۋە مۇئتەزىيلەرنىڭ ئاللا هېچقانداق ئىنسان سۈپىتىگە ئىگە ئەمەس دېگەن تەلىماتىغا ( بۇ تەلىمات ئىسلام تارىخىدا تەئتىل ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى مۇئەتتىلە دەپ ئاتالغان ) قارشى چىققان . تەشبىھ ۋە تەئتىلگە قارشى كالام تەرەپدارلىرى خۇسۇسەن ئەشئەرىي قاتتىق كۈرەش ئېلىپ بارغان . تەشبىھ ، تەئتىل تەلىماتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان موشەببىهە ، موئەتتىلە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر قەدىمكى زامانلاردىلا بار ئىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ جېنى ( روھى ) يېڭى تۇغۇلغان ئىنسانىدا، ھەتتا ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەردە قايتا مۇجەسسەملىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار دىنىي ئېتىقادنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ( ئانىمىزم ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ بەزى قەدىمكى دىنىي ۋە پەلسەپىۋى تەلىماتلاردا ( مەسىلەن، يۇناندا مېتېمپسىخوز نامى بىلەن، براھمان دىنى ۋە ھىندى دىنىدا سەنسەرە نامى بىلەن ) كەڭ تارقالغان. ئورتودوكسال ئىسلام ئىلاھىيىتى تەناسۇخنى ئىنكار قىلىدۇ، لېكىن ئايرىم مەزھەپلەر ( مەسىلەن، ئىسمائىلىيلارنىڭ بىر قىسمى ) ئۇنى قىسمەن ئېتىراپ قىلغان.

**تەھارەت** [ ئە. ] ( پاكلىنىش ) ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تەرەت. مۇقەددەس پائالىيەتكە كىرىشىش ( ناماز ئوقۇش، مەسجىتكە كىرىش، دىنىي بايراملارغا قاتنىشىش ۋە باشقىلار ) ئالدىدىن بەدەننىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى يۇيۇپ پاكلىنىش. ئىسلامدا ئۇنىڭ ئىككى تۈرى مەۋجۇت: بىرى ۋۇزۇئ، بۇنىڭدا قول، يۈز ۋە ئاياغ يۇيۇلىدۇ. يەنە بىرى غۇسل، بۇنىڭدا پۈتۈن بەدەننى تولۇق يۇيۇش شەرت قىلىنىدۇ.

**تەۋرات** ( قەدىمكى يەھۇدىي تىلىدا «تارە» ــ قانۇن ) مۇقەددەس كىتابلارنىڭ بىرى. يەھۇدىزم ئاللا تەۋراتنى مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلغان، دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرات كۆپىنچە «موساقانۇنلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەۋراتتا دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىن چىقىشى، ئۇلارغا پەلەستىننىڭ مۇقەددەس يەر سۈپىتىدە بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ خۇدا يەھۋا تەرىپىدىن مۇستەسنا خەلق سۈپىتىدە تاللاپ ئېلىنغانلىقى قاتارلىق ئەپسانە ــ رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان.

خەلىپىلىكى تارىخىدا شىئەلەر ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن قارشىلىق ھالىتىدە تۇرغان، شۇڭا ئۇلار ھەر دائىم نازارەت ئاستىدا ياشىغان، ئۆز ئېتىقادىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شىئە مەزھىپىگە تەقىييە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن، ھەر بىر شىئە مەزھىپىدىكى كىشىگە « تىلىڭدا شىئە مەزھىپىگە قارشى سۆزلە ، دىلىڭدا ئىمىنى خالىساڭ شۇنى ئويلا » دېگەن بەلگىلىمە چۈشۈرۈلگەن. شىئە مەزھىپىدىكىلەر تەقىييە پرىنسىپىغا ھازىرمۇ ئەمەل قىلىدۇ.

**تەكبىر** [ ئە . ] ( ئۇلۇغلاش ) ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئاللانى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئاللاھۇ ئەكبەر ( ئاللا ئۇلۇغدۇر ) دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بۇ پەقەت ئەزان ۋە ناماز ۋاقتىدىلا ئېيتىلماستىن، دۇئا – ئىبادەتنىڭ بىر شەكلى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**تەكيەخانا** شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى.

**تەلاق** [ ئە . ] ( ئازاد بولماق، ئاجرالماق ) – ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تالاق. شەرىئەتتە ئەر تەرەپتىن نىكاھنىڭ بىكار قىلىنىشى. ئىسلام ئەقىدىلىرىدە تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرلەرگە بېرىلگەن. ئاياللارنىڭ تالاق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاياللار كەمسىتىلىۋاتقان مۇھىتتا، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىن بولغان. شەرىئەتتە ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن ئەر – خوتۇننىڭ قايتىدىن يارىشىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان، ئۈچىنچى تالاقتىن كېيىن يارىششقا يول قويۇلمىغان.

**تەناسۇھ** تەناسۇھ ئەل – ئەرۋا ( ئەرەبچە ) « روھنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى » توغرىسىدىكى دىنىي تەلىمات. تەناسۇھ توغرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقنىڭ مۇئەييەن تارمىقى ؛ (3) سۇفىلىقنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرى. بۇ ئۈچ خىل مەنا ئىچىدە تەرىقەتنى سۇفىلىق يۆنىلىشى تارمىقى سۈپىتىدە قوللىنىش كەڭ تارقالغان. تەرىقەت سۇفىلىقنىڭ باسقۇچى سۈپىتىدە سۇفىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان ئۆزىگە خاس تەلەپلەر مەجمۇئەسىنى، ھەر خىل روھىي ــ جىسمانىي ئىش ــ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرىقەتكە قەدەم قويۇش ــ تىرىكچىلىكنىڭ بارلىق تەشۋىشلىرىدىن ۋاز كېچىش ھەمدە ئۆز ئىختىيارىنى پىر (ئىشان) غا تاپشۇرۇشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇفى يەنە دائىم كەمبەغەللىكتە، خەير ــ ئېھسانغا تايىنىپ ياشاش (فەقىر)، تەركىدۇنيا بولۇش (زاھىد)، ھەرقانداق بىر ئىشنى خۇداغا تاپشۇرۇش (تەۋەككۇل) ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش (مۇھەببەت، شەۋق) قاتارلىق بىرقانچە باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ. سۇفىلىق ئىنسانىي جەمئىيەتتىن ئايرىپ، ئۇنى زاھىدلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك يولىغا باشلايدۇ. سۇفىلىق تەرىقەتلىرى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قادىرىيە (ئىران ۋە ئافغانىستان)، رىفائىيە (ئىران)، تەيغۇرىيە (ئەرەب مەملىكەتلىرى)، مەۋلەۋىيە (تۈركىيە)، چىشتىيە (ھىندىستان، پاكىستان)، بېكتاشىيە (تۈركىيە)، سەفەۋىيە (ئىران) ۋە باشقىلار سۇفىلىق تەرىقەتلىرىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا نەقشىبەندىيلىك، كۇبراۋىيلىق، يەسەۋىيلىق تەرىقەتلىرى تارقالغان.

**تەقىييە** [ ئە. ] (ئېھتىياتكارلىق، شارائىتقا ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش) شىئە مەزھىپىدە زۆرۈر چاغلاردا ئۆز ئېتىقادىنى يوشۇرۇش، سىر ساقلاش پرىنسىپى. ئىسلامدا ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۆز ئېتىقادىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش شەرت قىلىنغان. پەقەت ھەنەفىيە مەزھىپىگىلا پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئۆز ئېتىقادىنى يوشۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلگەن. ئەرەب

تارىخى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ «تارىخىي تەبەرىي» ناملىق ئەسىرى مۇھىم تارىخىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ. تەبەرىي يەنە قۇرئاننىڭ 30 توملۇق چوڭ تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى.

**تەراۋىھ** [ئە.] ــ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا تاراۋى. رامىزان ئېيىدا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان قوشۇمچە ناماز.

**تەركىدۇنيالىق** سىرتقى دۇنيادىن، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن ئايرىلىپ يەككە ــ يېگانە ياشاش، يىراق ئادەمسىز جايلارغا كېتىپ مەجنۇنلارچە ھايات كەچۈرۈش. تەركىدۇنيالىق ئىسلام دىنىدىن باشقا، براخمانىزم، بۇددىزم، يەھۇدائىزم ۋە خرىستىئان دىنىدىمۇ ئوخشاشمىغان ھالدا مەۋجۇت. ئۇنىڭ ماھىيىتى - دىنىي يولدا رىيازەت چېكىشتۇر. تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەنلەر، كىشىلەردىن يىراقتا، غار، ئۆڭكۈرلەردە ئاچ ــ يالىڭاچ، ئازاب ــ ئوقۇبەتتە ياشىغان. ئۇلار ئۆيلىنىشكە، ئەۋلاد قالدۇرۇشقا، كۈندىلىك ھايات مۇشەققەتلىرىگە نەپرەتلىنىدۇ. تەركىدۇنيالىق ئىسلام دىندا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ مەنبەيى سوفىلىق ئېقىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار فەقىر، دەرۋىش، قەلەندەر، زاھىد، دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەمگەك قىلماستىن كەمبەغەللىك بىلەن خەير ــ ئېھسانغا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەن، مەجنۇنلارچە يۈرۈپ، خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تارقاتقان. شۇڭغىدەك، يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنى، نادانلىقنى تەنقىد قىلغان تارىخچىلار، شائىرلار، پەيلاسوپلارمۇ چىققان، ئۆلىمالار ئۇلارنى بىدئەتچىلىكتە ئەيىبلىگەن.

**تەرىقەت** [ئە.] (يول، ئۇسۇل) سوفىزمغا خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە: (1) ئومۇمەن سوفىلىق يولى؛ (2) سوفى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تارقىلىش جەريانى سۆزلىنىدۇ. داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش قوللانمىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنبەيى، ئەقىدىۋى تەلىماتى، ئىسلام مۇراسىملىرى، دىنىي هوقۇق سىستېمىسىنىڭ بەرپا بولۇشى، ئىسلامدىكى مەزھەپ ـ ئېقىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بايان قىلىنغان.

**پىر** [ پ. ت. ] (مويسىپىت، قېرى) سوفىلىق ئەنئەنىسىدە تەرىقەتلەرنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى ياكى ئابرويلۇق باشلامچىلار. مۇرىدلار ئۆز مۇرىشىدلىرىنىمۇ پىر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەنە ئەۋلىيا، مەلۇم بىر هۈنەر-نىڭ ئاساسچىسى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

## ت

**تابىئىلار** [ ئە. ] ( ئەگەشكۈچى، ئىتائەت ) ئىسلام تارىخىدا، ساھابىلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان ئىلاھىيەتچىلەر تابىئىلار دەپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئىلاھىيەتچىلەر تابىئىلارنىڭ تابىئىلىرى دەپ ئاتالغان.

**تەبەرىي** ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەدئىبن جەرىر ( 839 ـ 923 ) ئەرەب تارىخچىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسى، فىلولوگ، ئەسلى تەبەرىستانلىق بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغدادتا ئۆتكۈزگەن. تەبەرىي ئەرەب خەلىپىلىكىگە تەۋە كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس ئىلىم ـ پەننى ھەر جەھەتتىن، بولۇپمۇ قانۇنشۇناسلىق بىلەن تارىخنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن يېرىك ئەسەرلەرنى يازغان، ئەسەرلىرىدە ئىسلام ۋە ئەرەب خەلىپىلىكى

ئالۋاستى ، پەرى ۋە باشقا خىيالىي مەۋجۇداتلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . كېسەل كىشىلەر پەرىخانلارغا نەزىر - چىراغ قىلىدۇ ، توخۇ ، كالا ، قوي سويۇپ قان ئېقىتىدۇ . پەرىخانلىق شامان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قالدۇرغان خۇراپىي ئادەتلىرىدىن بىرى .

**پەيغەمبەر** [ پ . ] (پەيغام ، پەييام ـ خەۋەر ، بەر ـ كەلتۈرمەك ، خەۋەر كەلتۈرگۈچى ) ئاللادىن ۋەھىي ئالغان دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي نامى . بەزىلىرى ئاللانىڭ يەردىكى ۋەكىلى ، ئەلچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . پەيغەمبەرلەرگە ئېتىقاد قىلىش يەھۇدىي ، خرىستىئان ، ئىسلام دىنلىرىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ ، تەۋرات ، زەبۇر ، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا يۈزلىگەن پەيغەمبەرلەر ھەققىدە رىۋايەتلەر كەلتۈرۈلگەن . تارىختا خەلق قوزغىلاڭلىرىغا باشچىلىق قىلغان بەزى شەخسلەرنىڭ ( مەسىلەن ، ئىراندا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى باب )، شۇنىڭدەك ئايرىم مەزھەپلەر ( مەسىلەن ، بەھائىيىيە ، ئەھمەدىيە ۋە باشقا مەزھەپلەر ) گە ئاساس سالغان تەرغىباتچىلارنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلىشىدەك ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ .

**پېتروشېۋسكىي** ئىليا پاۋلوۋىچ ( 1898 - 1977 ) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىرانشۇناس ئالىمى ، يېقىن شەرقنىڭ فېئودالىزم دەۋرى تارىخى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس . ئۇ مەنبەشۇناسلىق ، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان . پېتروشېۋسكىينىڭ كەڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ( يۈزدىن ئارتۇق ئەسىرى نەشر قىلىنغان ) ئىچىدە « VII - XV ئەسىرلەردە ئىراندا ئىسلام » (1966 - يىل روس تىلىدا نەشر قىلىنغان ) دېگەن ئەسىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇنىڭدا ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرى ئاساسىدا ، ئىرانغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان. پانئىسلامىزم تەرەپدارلىرى مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئاكتىپ تەرغىبات ئېلىپ بارغان، مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرغان، گېزىتلەر نەشر قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا پانئىسلامىزمچىلار دىنىي ئىسلاھاتچىلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى دەۋر تەلىپىگە مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىشقىمۇ ئۇرۇنغان. پانئىسلامىزمدا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شەرق خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىش غايىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ مەلۇم ئىلغارلىق تەرەپلىرىمۇ بولغان. لېكىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، تۈركىيە سۇلتانلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆز قول ئاستىغا بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى نەتىجىسىدە، پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم بىرلىشىپ كېتىپ، بۇ ئېقىمدا ئەكسىيەتچىل مەزمۇن پەيدا بولغان.

**پەرەنجى** [ ئە . ] ( پەردە، يېپىنچا) ـ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پەرەنجە. ئىسلامدا ئادەتكە ئايلانغان ئاياللار يېپىنچىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاياللىرى ئارىسىدا تارقالغان تۈرى. پەرەنجە ئاياللارنىڭ گەۋدىسى، يۈز ـ كۆزىنى توسۇپ تۇرىدۇ، ئاياللار سىرتقا چىققاندا پەرەنجە يېپىنىۋالىدۇ. شەرىئەت قانۇنى بويىچە، مۇسۇلمان ئاياللار ھەتتا 9 ـ 11 ياشلاردىكى قىزلارمۇ پەرەنجە يېپىنىشى شەرت. ئىسلام دىنى تارقالغان باشقا مەملىكەتلەردە پەرەنجىلەرنىڭ ھەر خىل تۈرى ( ئىران ۋە ئافغانىستاندا چادىرە، تۈركمەنلەردە يەشمەل ۋە باشقىلار ) بار.

**پەرىخان** پەرىخان [ پ ، ت . ] ( پەرى ۋە ئوقماق ) ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا پېرىخون. كېسەللەرنى خۇراپىي ئاماللار بىلەن داۋالىغۇچى، بەزى جايلاردا باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەرىخانلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئايرىم رايونلىرىدا تارقالغان. ئۇلار كېسەللىكنى جىن،

تۇپ ، ئانچە پرىنسىپال بولمىغان مەسىلىلەرگە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن كىشىلەر بىر ئەتچى ھېسابلانغان . بىر ئەت مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خاھىشىدىن نارازى بولغانلىقىنىڭ سىياسىي ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن . مەسىلەن ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆررەمىيلار ، « ئاق يەكتەكلىكلەر » ، زىندىقلار گۇرۇھلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرى ئىسلامغا نىسبەتەن بىدئەت ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارىتا نارازىلىقىنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىنى « ياخشىلاش » قا قارىتىلغان . (2) خۇراپات ، ئەسەبىيلىك مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ .

**بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم** [ ئە . ] ( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ) قۇرئاننىڭ ھەممە سۈرىلىرى ( 9 - سۈرىدىن باشقىلىرى ) باشلىنىش ئالدىدىن ئېيتىلىدىغان كەلىمە . ئىسلام ئەنئەنىسىگە خاس بۇ كەلىمەنى مۇسۇلمانلار ئىبادەت ۋاقتىدا ۋە ھەرقانداق ئىشنى باشلاش ئالدىدا ئېيتىدۇ . ئۇ مەكتۇپلار ، رەسمىي ھۆججەتلەر ، دىنىي ئەسەرلەرنىڭ بېشىغا يېزىلىدۇ .

## پ

**پانئىسلامىزم** XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا شەرق-تىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي - سىياسىي ئېقىم ، ئاساسچىسى جامالىددىن ئەففانىي . پانئىسلامىزم تەرەپدارلىرى مۇ-سۇلمانلارنىڭ « بىرلىكى » ، خەلىپە رەھبەرلىكىدىكى مۇسۇلمان

تەۋرات، ئىنجىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىبلىيا ئىككى ئاساسىي قىسىمغا ـ «قەدىمىي ئەھد» ۋە «يېڭى ئەھد» گە بۆلۈنىدۇ. «قەدىمىي ئەھد» خرىستىئان دىنىدىمۇ، يەھۇدىي دىنىدىمۇ ئوخشاشلا مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ، ئۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت دىنىي ئەدەبىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «يېڭى ئەھد» بولسا، پەقەت خرىستىئان دىنىدا مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئالاقىدار بولغان دىنىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خرىستىئان ۋە يەھۇدىي روھانىيلىرى بىبلىيانى مۇسا ۋە ئەيسا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ۋەھىي قىلىنغان ئىلاھىي كۆرسەتمە، دەپ بىلىدۇ. 364 ـ يىلى لائودىكىيە باش چېركاۋى كېڭىشى خرىستىئان دىنىدا مۇقەددەس ۋە ئىلاھى دەپ تېپىلغان ئەسەرلەردىن ئىبارەت بىبلىيانىڭ تەركىبىنى رەسمىي تەستىقلىغان، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن يارلىق دىنىي كىتابلار ساختا، دەپ ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇلارنى ئوقۇش چەكلەنگەن. بىبلىيا ئەسلىدە سالنامىلەر، تارىخىي ھېكايىلەر، قىسسە ۋە ئەپسانىلەر، تۈرلۈك دىنىي دۇئالار، ھوقۇق، ئەخلاق مەسىلىلىرىگە دائىر كۆرسەتمىلەر، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بىبلىيا غەربىي ئاسىيا ۋە رىم ئىمپېرىيىسى خەلقلىرىنىڭ 1500 يىللىق ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىنى، ئەشۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**بىدئەت** [ئە.] (يېڭىلىق، يېڭىدىن رەسمىيلەشكەن) (1) ھۆكۈمران دىن دائىرىسىدە دىنىي ئەقىدىلەرنى يېڭىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان خاھىش. ھۆكۈمران دىنىنىڭ ئاساسىي مۇقەددەس كىتابى ھەم ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە تەلەپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، مەلۇم دەۋر، ئىجتىمائىي كۈچ ۋە مۇئەييەن دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇ-

يېڭىلىنىپ تۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراشلارنى ئالغا سۈرگەن. ئۇ ئىجتىمائىي قاراشلىرىدا، جامائە ۋە تىلنى ئىنسانلارنىڭ بىرلىشىشكە بولغان ئېھتىياجى ئاساسىدا كېلىپ چىققان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بىرونىي دۆلەتنىڭ تېنچ، ئاۋاتلىقى ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا باغلىق، ئىنسان بىلىملىك ۋە مەرىپەتلىك بولغاندىلا، ئاندىن بەختلىك بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىرونىي ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ تارىخىي ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار ئەكس ئەتكەن. بىرونىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئىچىدە دىنشۇناسلىق جەھەتتە ئەڭ كۆپ مىراس قالدۇرغان ئالىم. ئۇ «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ۋە «ھىندىستان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەشۇ دەۋردىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى كۆپ دىنلار ۋە ئېقىملار (ھىندى ئېتىقادلىرى، زەردۇشتىلىق ۋە باشقىلار) غا خاس ئۆرپ - ئادەتلەر، مۇراسىملار، كالىندارلار ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار قالدۇرغان. ئۇ پەننى دىن مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قارىتىلغان شەرقتىكى «ئىككى ھەقىقەت» نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن ئاچقان يېڭىلىقلارنى ئىلمىي ھەقىقەت، پەيغەمبەرلەرگە ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىينى دىنىي ھەقىقەت، ئۇلار بىر - بىرىدىن مۇستەسنا، لېكىن ئىلمىي ھەقىقەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن دىنىي ھەقىقەتتىن ئەۋزەلرەك، دېگەن تەلىماتنى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇ تەلىمات ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەن تەرەققىياتىغا يول ئېچىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ تەلىماتنى ئىلغار شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى داۋاملاشتۇردى.

**بىبلىيا** [گ.] (كىتابلار) يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدا مۇقەددەس ھېسابلانغان دىنىي كىتابلار ۋە رىسالىلەر مەجمۇئەسى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرونىي پەندىكى ئومۇمىي خۇلاسىلەرگە تەپەككۇر ياردىمى ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، نەزەرىيىۋى بىلىم كونكرېت تەسەۋۋۇرلار، پاكىتلارنى كۆزىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بىرونىي تەبىئىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە - گېئومېترىيە ۋە تىرىگونومېترىيىدە بىرقانچە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە كەشپىيات ياراتتى، بۇ كەشپىياتلار ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق ئەللىرىدە ئۇزاق مەزگىلگىچە پەننىڭ راۋاجلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىرونىي يونانىستان ئىلىملىرىدىن كەڭ پايدىلانغان ئاساستا، ئۇلاردىكى كەمچىلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. بىرونىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇ ئاللانى بىرىنچى ياراتقۇچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن، ئالەم كېيىن تەبىئىي رەۋىشتە قانداقتۇر غەيرىي - تەبىئىي كۈچنىڭ تەسىرىسىز راۋاجلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئاللانىڭ قۇدرىتى دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەرنى بىلىمسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ. بىرونىينىڭ دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرۈشى ئاتومىزم① پىرىنسىپىغا يېقىنلىشىدۇ. بىرونىينىڭ ئارىستوتىل ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىبن سىنا بىلەن يېزىشقان خەتلىرى، خۇسۇسەن ھەر خىل تەبىئىي جەريانلار، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئاجايىپ مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ ستىخىيىلىك ماتېرىيالىستىك قاراشلىرىنىڭ رەڭگا رەڭ ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ كائىناتتا يەردىن، بىزنىڭ يەردىكى ھاياتىمىزدىن تاشقىرى يەنە باشقا دۇنيالارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەققىدىكى، ھەرىكەتنىڭ زىددىيەتكە ئاساسلىنىدىغانلىقى، ماددا شەكلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ

① ئاتومىزم — ماددىنىڭ ئاتوملاردىن تۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىمات.

بىلىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ . بىلىمنىڭ ۋە ھەقىقەتنى ئىنقلاشنىڭ ئاچقۇچى ئىلىم ، دەپ ھېسابلايدۇ . بىدىلنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ماتېرىيالىستىك ئىدىيىلەرگە باي بولۇپ ، دىنىي تەسەۋۋۇرلارغا ، تەقدىرگە قارىغۇلارچە ئىشىنىشنى تەنقىد قىلىدۇ . ئىجتىمائىي قاراشلىرىدا ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي تەبىقىلىشىشىنى بايلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئەمگەكچىلەر مەنپەئىتىگە زىت ئىكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ ، زالىملارنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ، زۇلۇمىنى ئەيىبلەيدۇ . ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئىلمىي پەلسەپىنىڭ رولىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ، ئەمگەكچىلەرگە خەيرىخاللىق بىلدۈرىدۇ ، ئۇلارنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ .

**بېرتېلس** يېۋگېنىي ئىدۇئاردوۋىچ ( 1890 ـ 1957 ) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى . بېرتېلس ئوتتۇرا ئاسىيا ، يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ، تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت 500 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان . بېرتېلس ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي ، ئىسلام مەنبەلىرىنى ، خۇسۇسەن تەسەۋۋۇپقا خاس ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش ساھەسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلغان . سۇفىلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ، ئۇنىڭ مەنبەيى ۋە باسقۇچلىرى ، داڭلىق سۇفىلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ، ئىجادىيىتى ھەققىدە بىرقاتار ئەسەرلەر يازغان . بېرتېلسنىڭ ئىسلام ۋە تەسەۋۋۇپ ساھەسىدىكى بارلىق ئەسەرلىرى « سۇفىلىق ۋە سۇفىلىق ئەدەبىياتى » نامى بىلەن ( تاللانغان ئەسەرلەر ، 3 ـ توم ، موسكۋا 1965 ـ يىل ) ئالاھىدە نەشر قىلىنغان .

**بېرۇنىي** ئەبۇرەيھان مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ( 973 ـ 1048 ) ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئېنسىكلوپېدىيىچى ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ، خارەزىمدا تۇغۇلغان . ئۇ ، تارىخ ، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ، مېدىتسىنا ، مىنېرالوگىيە ، جۇغراپىيە پەنلىرىگە ئائىت 200 گە يېقىن ئەسەر يازغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۇشاد ياشايدىغان غارغا كىرىپ قالىدۇ. بۇۋى مۇشكۇلكۇشاد بوۋايغا، ئەگەر ئۇ ھەر چارشەنبە كۈنى ئۇنىڭغا ئاتاپ ياغ پۇراتسا، ئورغىقنىڭ تېپىلىدىغانلىقى ۋە ھازىرقىدىن كۆپرەك ئوتتۇن يىغىۋالالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بوۋاي ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايدۇ ۋە ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كېتىدۇ. بوۋاي ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر قېتىم چارشەنبىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئېغىر ئەھۋالدا قالىدۇ. بوۋاي خاتالىقىنى تۈزەتكەندىن كېيىن، ئىشلىرى يەنە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. رىۋايەتنىڭ يەنە بىر شەكلىدە بۇۋى مۇشكۇلكۇشاد سۇفىلىق تەرىقەتلىرىدىن بىرىگە ئاساس سالغان باھاۋۇددىن نەقشبەندىينىڭ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئومۇمەن، بەزى دىندار ئائىلىلەر ئارىسىدا، قىيىن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان ئىشلار بۇۋى مۇشكۇلكۇشاد رىۋايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تىلغا ئېلىنىدۇ.

**بېدىل** مىرزا ئابدۇلقادىر (1644 ــ 1721) ھىندىستانلىق شائىر، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «كۇللىيات» ى «ئىرفان»، «چار ئۇنسۇر»، «ئىشارەت ۋە ھېكايەت»، «نۇقات» قاتارلىق 16 ئەسىرى بار. بېدىل ئالەمنىڭ بىرلىكى، ماددىلىقى ۋە ئەبەدىيلىكى ھەققىدىكى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ، ماددا، تەبىئەت تۈرلۈك شەكىل ۋە رەڭدە مەۋجۇت بولۇپ، دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ؛ مەۋجۇدات ئاساسلىق تۆت ماددىدىن، يەنى تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋادىن تەركىب تاپىدۇ ۋە ئۇلار تۈرلۈك تەركىبتە قوشۇلۇپ، كونكرېت نەرسىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ؛ جىسىملاردا ماددىنىڭ تەركىب ئۆزگىرىشى زۆرۈرىيەت ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ، ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىش سەۋەب ـ نەتىجە پرىنسىپىغا بويسۇنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بېدىل سەزگۈ، بولۇپمۇ بىلىش قا-

**بۇۋى سەيشەمبە** سەيشەمبە ئانا، ئاياللار سىغىنىدىغان ئەۋلىيا، ئەپسانىۋى شەخس ( ئانا) ، يىپ ئىگىرىدىغان ئاياللارنىڭ ھامىيىسى، ئائىلە بەختىنىڭ ھىمايىچىسى. دىندار ئاياللار بۇۋى سەيشەمبىگە سىغىنىپ سەيشەمبە كۈنلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە ياغ پۇرىتىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇرۇۋۋەت، مەدەت تىلەپ، مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلىشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇۋى سەيشەمبىگە سىغىنىش، ئۇنىڭغا ئاتالغان مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ھازىرقى ۋاقىتتا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

**بۇۋى مەريەم** مەريەم، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتىسى ئىمران ئۆلۈپ كەتكەن، ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. بۇۋى مەريەم كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلاتتى، ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى، گۈزەل ئەخلاقى بەنى ئىسرائىل ئىچىدە مەشھۇر ئىدى. بۇۋى مەريەم جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ پاك بىر ئوغۇل تۇغىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللانىڭ ئەمرىگە ھەيران قالما، ئاللا ھەر شەيئىگە قادىردۇر» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇۋى مەريەم ۋاقتى توشقان چاغدا، ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تەۋەللۇت قىلغان.

**بۇۋى مۇشكۈلكۈشاد** [پ. ت.] (مۇشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى ئايال) دىندارلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەۋلىيا ئايالنىڭ ئوبرازى. بۇۋى مۇشكۈلكۈشاد ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە سۆزلىنىشىچە، ئوتۇن تېرىپ يۈرگەن بىر بوۋاي ئورغىقىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئۇنى ئاختۇرۇپ، بۇۋى مۇشكۈل-

دىس. ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان، 600 مىڭغا يېقىن ھەدىس توپلىغان. ئۇنىڭدىن 7250 نى «سەھىھ» (يەنى ئىشەنچلىك) دەپ بىلىپ توپلام قىلغان. بۇ «جامىئۇسسەھىھ» («ئىشەنچلىك توپلام»)، قىسقىچە «سەھىھ» ياكى «سەھىھۇل بۇخارىي» نامى بىلەن ئاتىلىپ، سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ ئابرويلۇق ھەدىس توپلاملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. بۇخارىي شۇ توپلام ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە داڭ چىقارغان. بۇخارىي بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسشۇناسلىق ۋە ئىلاھىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئابروي بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇخارىي ھازىرقى سەمەرقەند ئوبلاست يايئېرىق رايونىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇقەددەس زىيارەتگاھقا ئايلانغان.

**بۇراق** [ئە.] (چاقماق) ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ناھايىتى تېز چاپىدىغان ۋە ئۇچىدىغان ئاتنىڭ نامى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇراققا مىنىپ مەككىدىن قۇددۇسقا ۋە ئۇ يەردىن يەتتە ئاسمانغا چىقىپ، ئاللانىڭ ھۇزۇرىغىچە بارغان.

**بۇرھانىددىن مەرغىنانىي** ئەلى ئىبن ئەبۇبەكر فەرغانىي (1197 - يىلى ۋاپات بولغان) ئىسلام فەقىھلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ فىقھىگە ئائىت ئەسەرلىرىدىن ئەڭ مەشھۇرى «ھىدايەفىل - فۇرۇئ» («شەرىئەت ساھەلىرى بويىچە قوللانما») ھەنەفىيە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەدەب - ئەخلاق قانۇنى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. «ھىدايە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە تۈركىيەلەردە كەڭ تارقالغان. ئۇ ھازىرغىچە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىكى ھەنەفىيە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، شەرىئەت ساھەسىدىكى ئاساسلىق قوللانمىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر پارس، ئىنگلىز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

لېكىن بېكتاشىيلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان. 1925 - يىلى تۈركىيىدە بارلىق سۇفىلىق تەرىقەتلىرى ئۆگىتىلگەندىن كېيىن، بېكتاشىيلار ئۆز مەركىزىنى ئالبانىيىگە يۆتكىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تۈركىيە ۋە ئىراقتا بار.

**بېلىيايېۋ** يېۋگېنى ئالېكساندروۋىچ (1895 — 1964) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەرەبشۇناس ۋە ئىسلامشۇناسى. ئىسلامنىڭ كېلىپ چىقىش ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلەر يازغان. ئۇنىڭ پىكرىچە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرەبىستاندا قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ 1965 - يىلى موسكۋادا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەبلەر، ئىسلام ۋە ئەرەب خەلىپىلىكى» دېگەن كىتابى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى تارىخىي مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان. بېلىيايېۋ ئىسلامدىكى مەزھەپچىلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا (1957 - يىلى موسكۋادا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام مەزھەپچىلىكى»)، ئىسلامشۇناسلىقنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن.

**بۇت** [پ. ت.] سەنەم [ئە.] خۇدا دەپ سىغىنىلىدىغان ماددىي بۇيۇم (كۆپىنچە خۇدالارنىڭ تاش، ياغاچ، ساپال ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان ھەيكەللىرى، رەسىملەر، تەسۋىرلەر).

**بۇتپەرەسلىك** [پ. ت.] (بۇتقا سىغىنىش) بۇت (سەنەم)، ھەيكەل ۋە سۈرەت قاتارلىق نەرسىلەرگە سىغىنىش، تېۋىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دىنىي ئېتىقاد شەكلى.

**بۇخارىي** (ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبن ئىسمائىل بۇخارىي، 810 — 870) بۇخارالىق مەشھۇر ئىلاھىيەتچى، مۇھەد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بەيتۇللاھ** [ ئە . ] (ئاللانىڭ ئۆيى) مەككە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس مەركىزىگە ئايلانغاندىن كېيىن كەئبەگە بېرىلگەن نام .

**بەيتۇل مال** [ ئە . ] (خەزىنە) ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، دەسلەپكى خەلىپىلەر دەۋرىدىكى دۆلەت خەزىنىسى . دۆلەت تۈزۈمى ئىسلامغا ئاساسلانغانلىقتىن ، بەيتۇل مال ۋە ئۇنىڭدىكى مۈلۈكنى ئىدارە قىلىش قائىدىلىرى ئىسلام شەرىئىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە باشقۇرۇلغان ، شۇنىڭ بىلەن بەيتۇل مال دىنى تۈس ئالغان .

**بەيتۇل مۇقەددەس** [ ئە . ] (مۇقەددەس ئۆي) ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، قۇددۇس (ئېروسالىم) شەھىرىدە قەدىمدىن مەۋجۇت بولغان ھەم مۇقەددەس ھېسابلانغان ئىبادەتخانىلار . شۇنىڭغا ئاساسەن قۇددۇس شەھىرىنىڭ ئۆزىمۇ بەيتۇل مۇقەددەس دەپ ئاتالغان .

**بېكتاشىيلار** تۈركىيىدە تارقالغان سۇفىلىق تەرىقەتى . ئاساسچىسى يېرىم ئەپسانىۋى ھاجى بېكتاشي ۋەلى . بېكتاشىيلار تەرىقەتى XⅡ - XⅢ ئەسىرلەردە كىچىك ئاسىيادا پەيدا بولغان ، كېيىنرەك تۈركىيە ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا تارقالغان . بېكتاشىيلارنىڭ ئېتىقاد ۋە مۇراسىملىرى ئىسلام ، خرىستىئان ۋە بۇتپەرەسلىك ئېلېمېنتلىرىدىن تەشكىل تاپقان . ئۇلار شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە ئوخشاش ئەلى ۋە 12 ئىمامغا سىغىنىدۇ ، بولۇپمۇ ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىققا ئېتىقاد قىلىدۇ . شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئۈچلۈكى — ئاللا ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ، ئەلىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . بېكتاشىيلار XⅣ - XⅥ ئەسىرلەردە يانىچار ( تۈركىيىدىكى ئىمتىيازلىق پىيادە ئەسكەرلەر) گە ، ئۇلار ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن . سۇلتان مەھمۇد Ⅱ 1826 - يىلى يانىچارلار كورپۇسىنى يوقىتىپ ، بېكتاشىيلار تەرىقەتىنى چەكلىگەن .

يىنچە، ئىنسان ئاللانىڭ بىچارە، ئاجىز، ئىتائەتچان قۇلى مەنىسىدىكى چۈشەنچە. ئىسلامدا بەندىنىڭ ھايات پائالىيىتى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە، ئەمرىگە باغلىق، ئۇنىڭ تەقدىرى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

**بەھائىيلىق** XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىراندا بابىيلار ھەرىكىتىنىڭ داۋامى تەرىقىسىدە مەيدانغا كەلگەن مەزھەپ، كېيىن كوسموپولىتىك① خاراكتېر ئالغان دىنىي ئېقىم. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر دۆلەت ۋە بىر دىننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت غايىنى ئىلگىرى سۈرگەن (شۇ ئارقىلىق بابىيلاردىن پەرق قىلىدۇ). بەھائىيلىق ماھىيەتتە زامانىۋى دىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ، بەھائىيلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ دىننى ئىسلامنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ دىننىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ پىكرىچە، مەۋجۇت بولغان دىنلارنى يوقىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنى قانداقتۇر بىر نۇقسانسىز تەلىمات ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈش لازىم؛ ئەسلىدە ھەممە دىنلار ياخشى، پەقەت ئۇلارنى ئارتۇقچە ئەقىدە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەردىن تازىلاش كېرەك؛ مۇھىمى خۇدانى سۆيۈش كېرەك، چۈنكى سۆيگۈ تەرەققىياتنىڭ شەرتى ۋە كائىنات قانۇنى؛ دىن كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيىتىدە نامايان بولۇشى كېرەك. بەھائىيلىق تەرەپدارلىرى ئىراندا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەر دائىم نازارەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاسىيادىكى قىسمەن دۆلەتلەردىمۇ بار. بەھائىيلارنىڭ كۆپچىلىكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا تارقالغان، ئاساسىي مەركىزى گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە پاناماغا جايلاشقان، مەركەزلىك ئورنى ھەيفا (ئىسرائىل) شەھىرىدە.

① كوسموپولىتىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يوقىتىش مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بايەزىد ئەنسارىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىنى داۋام قىلدۇرغان سەپداشلىرى رەۋشەنىيلەر مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن.

**بەدرجېڭى** مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ رەھبەرلىكىدە 622 - يىلى مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككە قوشۇنى بىلەن قىلغان جېڭى. مەدىنەدىن ئانچە يىراق بولمىغان، چوڭ كارۋان يولى قوشۇلىدىغان يەرگە جايلاشقان بەدر قۇدۇقىنىڭ يېنىدا مەدىنىلىكلەر مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ جەڭگە مەككىلىكلەردىن 600 كىشى، مۇسۇلمانلاردىن 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. جەڭدە مەككىلىكلەر يېڭىلىپ، ئىنتايىن كۆپ چىقىم تارتقان، مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىنمۇ بىرقانچە كىشى ئۆلگەن. غالىپلار كارۋاندىكى مال - مۈلۈكنى ئولجا ئالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەرنى جەڭگە قاتناشقانلارغا تەقسىملەپ بەرگەن، بەشتىن بىر قىسمىنى ئۆزى ئالغان. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئولجا تەقسىملەشتە بەشتىن بىر قىسمىنى (خۇمس) خەلىپىلەرنىڭ خەزىنىسى (بەيتۇل - مال) گە تاپشۇرۇش ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ شەرىئەتتە قانۇنلاشتۇرۇلغان.

**بەرىكە** [ئە.] (بەرىكەت مەنىسىدە) ئىسلامىيەتتە بىرەر ئىشقا خۇدادىن راۋاج، بەرىكەت تىلەش، پاتىھە بېرىش مەزمۇنىغا ئىگە چۈشەنچە. خەلق تىلىدا قىلىنغان ئەمگەكنىڭ بەرىكەتلىك، دارامىتىنىڭ مول بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىگە ئىگە.

**بەقا ۋە فەنا** [ئە.] (بەقا — ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك؛ فەنا — يوق بولۇش، تۈگەش) ئوتتۇرا ئەسىر شەرق پەلسەپىسىدىكى چۈشەنچە، چەكسىزلىك ۋە چەكلىكلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەندە** [ئە.] (تۇتقۇن، قۇل) ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بو-

كەلگەن.

**باھاۋۇددىن نەقشبەندىي** سەيىد مۇھەممەد ئىبن جالا-لىددىن (1318 ـــ 1389) نەقشبەندىيە تەرىقەتىنىڭ ئاساسچىسى. باھاۋۇددىن نەقشبەندىي ياش چېغىدىلا سۇفىلىق يولىغا ماڭغان، باش-قىلارنى مۇھەممەد پەيغەمبەر تەلىماتلىرىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىشقا چاقىرغان، ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن، مەشھۇر مۇرشىد دەپ تونۇتقان. باھاۋۇددىن نەقشبەندىينىڭ ئايرىم قاراشلىرى سۇفىلىقنىڭ باشقا ۋەكىللىرى خۇسۇسەن ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قاراشلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ يەسەۋىيگە ئوخشاش قاششاقلىق، كەمبەغەللىكنى ئۇندەيدۇ، لېكىن خەير ـ ئېھسانغا تايانماي، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشاشنى تەكىتلەيدۇ. باھاۋۇددىن نەقشبەندىي سۇفىلىقنى كەڭ تەرغىپ قىلىپ، ئەرەبىستان، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىگە بارغان. مۇتەئەسسىپلەر ئۇنى ئىنتايىن ئۇلاھىلاشتۇرۇپ، بۇخارا ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ مەقبەرە ئورناتقان. دىنىي رىۋايەتلەر ۋە كىتابلاردا باھاۋۇددىن نەقشبەندىي مۇقەددەس شەخس سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنى بالاگەردان يەنى بالالارنى ئالدىن ئېيتىپ بەرگۈچى دەپ تەرىپلەيدۇ. باھاۋۇددىن نەقشبەندىگە سىغىنىش، ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئادىتى ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ.

**بايەزىد ئەنسارىي** (1525 ـــ 1573) ئافغانىستاندىكى رەۋشە-نىيلەر مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، ئانچانلار (پۇشتۇنلار) نىڭ فېئوداللارغا ھەمدە موگغول ئىستىلاسىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى. بايەزىد ئەنسارىي ئۆز تەلىماتىنى ئاللا تەرىپىدىن ۋەھىي قىلىنغان، ئۆزىنى بولسا، پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئورتودوكسال ئىسلام تەرەپدارلىرى بىدئەت دەپ ھېسابلىغان.

قىدىمي شەرھلەپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەكشۈرگەن ۋە بايى، پاكىتلىق ماتېرىيال توپلىغان. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تارىخىنى، ئۇنىڭ شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا تارقىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانلار-نىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ھەر جەھەتتىن يورۇتۇپ بەرگەن. بارتولدنىڭ كۆزىتىشلىرى ۋە يەكۈنى دۇنيا ئىسلامشۇناسلىقىنى بېيىتقان بولسىمۇ، قىسمەن پىكىر ۋە خۇلاسىلىرى يەنىلا مۇنازىرە ھالىتىدە تۇرماقتا. بارتولد 1912 ~ 1913 يىللىرى «ئىسلام دۇنياسى»، 1917 - يىلى «مۇسۇلمانلار دۇن-ياسى» ژۇرناللىرىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە مۇھەررىرى بولغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ئەسەرلىرى مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە. باتولدنىڭ ئەسەرلىرى ئىنگلىز، نېمىس، تۈرك، فرانسۇز، ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە كىرگۈزۈلگەن يۈزلىگەن ماقالىنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

**باھائۇللا** (ئەسلى ئىسمى مىرزا ھۈسەين ئەلى نۇرى، 1817 — 1892) بەھا ئىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، بابىيلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن، بابنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى. ئىراندا بابىيلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، 1852 - يىلى باھائۇللا ئىراققا قېچىپ كېلىپ ئۆزىنى بابىينىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ۋە خۇدادىن ۋەھيي ئالغان مەھدىي (پەيغەمبەر) دەپ ئېلان قىلغان. ئىراقتىن كېتىپ تۈركىيەدىكى ئادرىئانوپول (ئادرىنا) دا، كېيىنرەك پەلەستىندىكى ئەككا شەھىرىدە ياشىغان. 1872 - يىلى 472 ئايەتتىن ئىبارەت «كىتابى ئەقدەس» (ئەڭ مۇقەددەس كىتاب) ئەسىرىنى يازغان، ئۇنى قۇرئان ۋە بابنىڭ «بايان» ى ئورنىغا ۋەھيي قىلىنغان كىتاب دەپ ئېلان قىلغان. باھائۇللا تەرغىباتىنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى داۋام قىلدۇرغان، كېيىنكى ۋا-قىتلاردا ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىدىن بەھائىيە تارماق مەزھىپى مەيدانغا

**باتىنىيلار** [ئە.] (ئىچكى، يوشۇرۇن، سىرلىق) ئىسلامدىكى ئىلاھىيەت ئېقىملىرىدىن بىرىنىڭ تەرەپدارلىرى، VIII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئېقىم تەرەپدارلىرى قۇرئاننىڭ سۆزمۇ سۆز چۈشەندۈرۈلۈشىگە قارشى چىققان ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىچكى، سىرلىق مەزمۇنىنى يېشىش لازىم، دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىسلام تارىخىدا باتىنىيلارنىڭ نامى شۇ مەنادا پۈتكۈل شىئەلەرگە نىسبەتەنمۇ قوللىنىلىدۇ. باتىنىيلار تەلىماتى ئايرىم جايلاردا ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە سۈننىيلىككە قارشى كۈرەشتە ئىدىيىۋى قورال بولۇپ خىزمەت قىلغان. باتىنىيلار ئىدىيىۋى مەنبە جەھەتتىن ئىسمائىلىيلار ۋە قەرمەتلەر بىلەن مەسلەكداش بولۇپ، ئۇلاردا يەنە مانىيلىق ۋە مەزدەكىيلىق تەلىماتلىرى، يۇنان پەلسەپىسى ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ چېلىقىدۇ. باتىنىيلار دېھقانلار ئاممىسى ۋە شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغان.

**بارتولد** ۋاسىلىي ۋلادىمىروۋىچ (1869 — 1930) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسى، رۇس شەرقشۇناسلىق مەكتىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى («خەلىپە ۋە سۇلتان»، «ئىسلام»، «مۇسۇلمان خەلقلىرى مەدەنىيىتى»، «مۇسۇلمانلار دۇنياسى»، «مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تېئوكراتىك①غايە ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بارتولد ئەسەرلىرىنىڭ توققۇز توملۇق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن) قىممەتلىك [illegible] باي ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، ئىلمىي دىنشۇناسلىق ئۈچۈن [illegible] مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بارتولد بۇ ئەسەرلىرىدە ئەرەب ۋە غەربىي ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەن-

① سىياسىي ھاكىمىيەت روھانىيلارنىڭ قولىدا بولغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىرى پادىچىلىق بىلەن ئۆتكەن. خۇررەمىيلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، 816 - 837 يىللاردا خەلىپىلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان. قوزغىلاڭغا ئاساسەن كەمبەغەل ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار قاتناشقان، قوزغىلاڭ پۈتۈن ئەزەربەيجان ۋە غەربىي ئىرانغا كېڭىيىپ ئەرمەنىستانغىچە يېتىپ بارغان. قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانى 300 مىڭ كىشىگە يەتكەن. قوزغىلاڭچىلار 833 - يىلى ھەمەدان شەھىرى يېنىدا خەلىپە مۇئتەسىم قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. 837 - يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاخىرقى قەلئەسى — بەدىز قولدىن كېتىپ، 838 - يىلى بابەك ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

**بابىيىيە** XIX ئەسىرنىڭ 40 - 50 يىللىرى ئىراندا شىئە مەزھىپى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن تارماق دىنىي مەزھەپ. شاھقا، فېئوداللارغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەمدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى بابىيە مەزھىپى بايرىقى ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئاساسچىسى — باب. ئۇ «بايان» دېگەن كىتابىدا ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئورنىغا كەلگەن پەيغەمبەر، ئۆز كىتابىنى بولسا قۇرئان، ئۇ شەرىئەتنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك، دەپ ئېلان قىلغان. بابىيلار ھەممە كىشى باراۋەر دېگەن غايىنى تەرغىپ قىلىپ، بارلىق مەجبۇرىيەت ۋە سېلىقلارنى ئېلىپ تاشلاشنى، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇشنى دەۋەت قىلغان. ئۇلار ھەتتا، ئىجتىمائىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنغان. بابىيلار شەپقەتسىزلىك بىلەن تەقىپ قىلىنغان، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى قانلىق تۈردە باستۇرۇلغان. سەيىد ئەلى مۇھەممەد (باب) ئۆلتۈرۈلگەن. ئامان قالغان بابىيلار يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن ياكى مەملىكەتنى تاشلاپ قاچقان. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېڭى ئېقىملار چۈنانچى بەھائىيلىق مەيدانغا كەلگەن.

ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭغا بايلىق - نېمەت ئاتا قىلغان، كۆپ پەرزەنت بەرگەن. رىۋايەتلەرگە كۆرە ئەيۇب ئەلەيھىسسالام 93 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

## ب

**باب** ئەسلى ئىسمى سەيىد ئەلى مۇھەممەد (1819 — 1850) بابىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، بابىيلار قوزغىلاڭىنىڭ رەھبىرى. سەيىد ئەلى مۇھەممەد 1844 - يىلى ئۆزىنى باب (ئەرەب تىلىدىكى ئىشىك، دەرۋازا سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ھەقىقەت ۋە ئادالەت يولىغا ئېلىپ بارغۇچى ئىشىك» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپ، مەھدىينىڭ ئىرادىسى، يولىيورۇقلىرى خەلققە «مەن ئارقىلىق يېتىدۇ» دەپ ئېلان قىلغان، مەھدىينىڭ كېلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى غايىنى تەرغىپ قىلغان. باب 1847 - يىلى قاماققا ئېلىنغان، تۈرمىدە «بايان» (ئەرەبچە چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش، تەرىپلەش مەنىسىدە) ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەردە بابىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسلىرى سۆزلەنگەن، فېئوداللىزمغا، شاھ ئىستىبداتىغا ۋە چەت ئەل ئاسارىتىگە قارشى تەلىماتلىرى ئالغا سۈرۈلگەن. باب بابىيلار قوزغىلىڭى (1848 - 1852) كۆتۈرۈلگەندە ئىران شاھىنىڭ پەرمانى بىلەن تەبرىزدە ئۆلتۈرۈلگەن.

**بابەك** (798 - ياكى 800 — 838) IX ئەسىرنىڭ 10 ~ 30 يىللىرىدا ئەزەربەيجان ۋە غەربىي ئىراندا ئابباسىيلارغا ھەمدە فېئودال ئىستىبداتلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى. بابەك ئىران ئەزەربەيجانىدا ئۇششاق سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىبتىلىشىچە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئالدىن ئېيتىپ بەرگۈچى، كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرغۇچى. ئىسلام دىنىدا ئاللاغا يېقىن ئادەم، ھامىي، «بەندىلەرنىڭ ھامىيسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەۋلىيالار ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن ئالاھىدە بەھرىمەن بولغان، «ئاللا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى»، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا، تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

**ئەئراف** [ئە.] (تۇسۇق) ئىسلام دىنى مەنبەلىرىدە، خۇسۇسەن قۇرئاندا تەرىپلەنگەن جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى (ئارىلىقىدىكى) جاي. دىنىي ئەقىدە بويىچە قىيامەت كۈنى جەننەتكىمۇ، دوزاخقىمۇ كىرمەي ئوتتۇرىدا قالغان ئادەملەر تۇرىدىغان جاي. ئۇلار دوراختا ئازاب چېكىۋاتقانلارنىمۇ، جەننەتتە راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

**ئەئلەم** [ئە.] (بىلگۈچى، بىلىدىغان) ئۆلىمالار ئىچىدە شەرىئەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى.

**ئەييۇب** پەيغەمبەر. ئىبتىلىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن. رۇم خەلقىگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن. ئاللا ئۇنى نېمەت ئاتا قىلىش، كېيىن بەرگەن نېمىتىنى يوق قىلىۋېتىش بىلەن سىنىغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مال ـ مۈلكىدىن، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىمۇ، بالاغا سەۋر قىلىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئىلگىرىكى تەقۋادارلىق ھالىتىنى ساقلىغان. ئايالىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن توسۇغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم، مېنى زىيان ـ زەخمەت ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇرسەن» دەپ دۇئا قىلغان.

بىغا ئىگە بولغان خەلق ، دېگەن مەنىدە) قۇرئان ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، باشقا دىنىي مەزھەپلەردىن پەرقلىق ھالدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىغا ئىگە بولغان دىنلار (خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى) غا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەھلى كىتاب دەپ ئاتالغان . ئۇلار باشقىلار (بۇتپەرەسلەر ، ئاتەشپەرەسلەر ۋە باشقىلار) دىن پەرقلەندۈرۈلۈپ ، مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ، خۇداغا ئىشەنگۈچىلەر دەپ قارالغان .

**ئەھلى ھەق** ← ئەلى ئىلاھىيلار

**ئەھمەدىيە** XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن دىنىي مەزھەپ ، مىرزا غۇلام ئەھمەد قادىيانى (1839 ـ 1908) ئاساس سالغان . ئۇ 1889 ـ يىلى «ئەنجۇمەنى ئەھمەدىيە» ناملىق دىنىي تەشكىلات قۇرغان . 1891 ـ يىلى ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى پەيغەمبەر ، دەپ ئېلان قىلغان . ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ، ئۆز تەلىماتىغا قەدىمكى ھىندى خۇداسى كرىشنا ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى قوشقان . ئىسا مەسىھ جازادىن قېچىپ ھىندىستانغا كەلگەن ، دېگەن غايىنى تارقىتىپ ، ئىسا مەسىھ بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆز قىياپىتىدە قايتا نامايان بولغانلىقىنى ئېيتقان . ئۇ «مۇقەددەس ئۇرۇش» دېگەن شوئار ئاستىدا ، دىنىنى قورallıq كۈرەش بىلەن ئەمەس ، بەلكى تىنچ يول بىلەن تەرغىپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان . ئەھمەدىيلەر بىرقانچە خىل نام بىلەن گېزىت نەشىر قىلغان . بۇ مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئاساسەن ھىندىستان ۋە پاكىستانغا ، قىسمەن ئىران ، ئەرەبىستان ، مىسىر ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئايرىم مەملىكەتلەرگە تارقالغان . دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئەھمەدىيەنى «ئىسلامغا ئالاقىسى يوق ئېقىم» دەپ ئېلان قىلغان .

**ئەۋلىيا** [ ئە . ] (ئاللاغا يېقىن ئادەم) ئىسلام ئەقىدىسىدە

پەيغەمبەرگە ياردەم بەرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مەدىنەلىك مۇسۇلمانلار شۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئەنسارلار مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇھاجىرلار بىلەن بىللە دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جامائەسىنى تەشكىل قىلغان.

**ئەنسارىيە** سۇداندا كەڭ تارقالغان ئىسلام دىنى جامائەسىنىڭ ئېقىمى. 1881 - يىلى ئۆزىنى مەھدىي دەپ ئېلان قىلىپ، سۇدان خەلقىنىڭ ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلغان مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەدنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى. ئۇلار ئاۋۋال مەھدىيە، كېيىن ئەنسارىيە دەپ نام ئالغان دىنىي - سىياسىي ئېقىمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئەنسارىيە سۇداننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئەل - ئۇممە پارتىيىسىنىڭ ئۇممەۋىي بازىسى ئەنسارىيە تەرەپدارلىرى تەشكىل قىلغان.

**ئەھلى زىممە** [ئە.] (ھامىيلىقتىكى خەلق) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب - مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئاھالىلەردىن بىرى. مۇسۇلمانلار ئەھلى زىممە ھېسابلانغان خرىستىئانلار، يەھۇدىيلار، سابىيلار ۋە زەردۇشتىيلارغا مۇسۇلمانلار دۆلىتىدە ياشاپ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ياشاش ئەركىنلىكى ۋە مال - مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. ئۇلار بۇنىڭ بەدىلىگە يەر سېلىقى بىلەن بىر قاتاردا جان سېلىقى — جىزيە تۆلىگەن. ئەھلى زىممە ھوقۇق جەھەتتىن ئۆز دىنى جامائەسىنىڭ باشلىقلىرىغا بويسۇنغان. ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق ھالدا كىيىنگەن، ئۇلارغا ئاتلىق يۈرۈش، قورال ئېسىش مەنئى قىلىنغان.

**ئەھلى كىتاب** [ئە.] (كىتاب ئەھلى، ئۆز دىنىي كىتا-

ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەمرى مەئرۇف** [ ئە. ] (ياخشى ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىش) ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىلىنىدىغان ۋەز-نەسىھەت. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئەمرى - مەئرۇف ۋە نەھىي مۇنكەر (ياخشى ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشتىن توسۇش) دەپ ئاتالغان. شۇ-نىڭغا ئاساسەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە يېقىنلىرىغا ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى دىنىي يولغا يېتەكلەش مەجبۇرىيەت (ۋاجىپ) دەپ ھېسابلانغان. بۇ تەلىمات ئىسلام دىنى تارىخىدا، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ھەمدە ئائىلىدىكى دىنىي تەربىيەدە، دىننىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان، ھازىرمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتىدۇ. ئەمرى مەئرۇف خەلق تىلىدا «نەسىھەت قىلىش» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەمىرۇل - مۆئمىنىن** مۆئمىنلەر (يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار) نىڭ ھۆكۈمرانى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن خەلىپىلەر ئۇنۋانى. ئىسلام تەلىماتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاخىرقى پەيغەمبەر، خەلىپىلەر بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارلىرى دەپ قارىلىدۇ. دىنىي، مۈلكى، ھەربىي ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ بۇ ۋەزىپە-لەرنى بىجىرگۈچى خەلىپە، ئىمام، ئەمىر ئاتالغۇلىرىنىڭ ئورنىغا ھەر ئۈچ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن. بۇ ئۇنۋان دەسلەپتە خەلىپە ئۆمەرگە بېرىلگەن، كېيىنكى بارلىق خەلىپىلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**ئەنبىيا** — پەيغەمبەر

**ئەنسارلار** [ ئە. ] (ياردەم بەرگۈچىلەر) ئىسلام تارىخىدا 622 - يىلى مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان مۇسۇلمانلار، مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىندۇ) . شۇڭا شىئەلەر سۈننىيلەرنىڭ خەلىپىلىرىدىن ھېچقايسىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆز ئىماملىرىنىلا دىنىي رەھبەر دەپ تونۇيدۇ. شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان قىسمەن كىچىك مەزھەپلەر ( مەسىلەن، ئىسمائىلىيلار) ئەلىنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ۋە ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا بېغىشلانغان كۆپلىگەن كىتابلار مەيدانغا كەلگەن. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلىنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر تارقالغان ۋە بۇ رىۋايەتلەر سۈننىيلەر ئارىسىغىمۇ كىرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى سۈننىي مەزھىپىدە پەقەت «چاھاريارلار» دىن بىرى سۈپىتىدە قارىلىپلا قالماي، سەركەردە ۋە قەھرىمان شەخس دەپمۇ تونۇلىدۇ.

**ئەلى ئىلاھىيلار** شىئە مەزھىپىدىكى تارماق مەزھەپنىڭ تەرەپدارلىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئەھلى ھەق» (ھەقىقەت كىشىلىرى) دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەزھەپ X V ئەسىردە غەربىي ئىران، شەرقىي تۈركىيىلەردە بارلىققا كەلگەن، كېيىن ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە، ئىراق، سۈرىيە، ئەزەربەيجاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا تارقالغان. ئۇلار: ئەلى ئەزەلدىن ئىلاھىي، ئۇ ئادەمئاتادىن تا مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قەدەر بولغان پەيغەمبەرلەردە، شىئە ئىماملىرى ۋە كېلىچەكتىكى مەھدىيدە مۇجەسسەملىنىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇقەددەس كىتابلىرىدىن بىرى «سەرەنجام». مەخپىيەتلىك، ئۆز دىنىي ئېتىقادىنىڭ سىرىنى ساقلاش ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدۇر.

**ئەمەل** [ ئە . ] (پائالىيەت، ھەرىكەت) دىنىي ئەقىدىلەرگە ئىشىنىشتىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئورۇنلىشى لازىم بولغان ئىبادەت ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى دىنىي مۇراسىملار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك

لەپ ئۆلتۈرۈلۈپ ، سەنابەر يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان . كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى مەقبەرە قىلىنىپ شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ، ئاساسلىق مۇقەددەس جايلاردىن بىرىگە ئايلانغان . قەبرە ئورۇنلاشقان يېزىغا ئەلى رىزا شەرىپىگە مەشھەدىي رىزا (ئەلى رىزا شېھىت بولغان جاي) نامى بېرىلىپ ، كېيىن بۇ يەر چوڭ شەھەر (ھازىرقى مەشھەد) گە ئايلانغان .

**ئەلى ئىبىن ئەبۇتالىب** (661 - يىلى ۋاپات بولغان) .

ئىسلامدا «خۇلەفائەر - راشىدىن» (توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر) ، دىنىي زاتلار ئارىسىدا «چاھاريارلار» دەپ ئاتالغان تۆت خەلىپىنىڭ تۆتىنچىسى . ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ، كۈيئوغلى (پاتىمەنىڭ ئېرى) بولۇپ ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىمىيلار جەمەتىدىن . خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەلى 656 - يىلى مەدىنىدە خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرغان . لېكىن ئۇماۋىيلار ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە بويسۇنماي ، ئەبۇ سوفيانىنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە دەمەشقتە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان . ئەلى خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، جەڭدە غەلىبە قازىنالماي ئۇماۋىيلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا كۆنگەن . ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ بىر قىسمى (خاۋارىجلار) ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ، 661 - يىلى كۇفەدە ئەلىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، ئەلى شۇ شەھەرگە دەپنە قىلىنغان . ئەلى تەرەپدارلىرى كېيىن ئىسلامدىكى ئىككى ئاساسىي ئېقىمنىڭ بىرى بولغان شىئە (شىئە ئەرەبچە ئەگەشكۈچى دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ يەردە ئەلى تەرەپدارلىرى دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ) ئېقىمىنى تەشكىل قىلغان . ئەلى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بىرىنچى ئىمامى ۋە شىئە ئىماملىرى شەجەرىسىنى باشلاپ بەرگۈچى (شىئەلەردە ئەلى ئەۋلادلىرىدىن 12 ئىمام ، ئايرىم كىچىك مەزھەپلەردە يەتتە ئىمام ئېتىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقسقە [ ئە . ] مۇسۇلمانلاردا تۇغۇلغان بالىنىڭ «قىرىق چېچى» (بالىنىڭ تۇغۇلغاندىكى چېچى) نى چۈشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن مال سويۇپ، زىياپەت بېرىش ئادىتى. بۇ مۇراسىمدا بالىغا ئىسىم قويۇلىدۇ.

**ئەلەۋىيلەر** ـــ نۇسەيرىيلەر

**ئەلى ئەۋلادلىرى** ئەلى ئىبىن ئەبۇتالىپ ئەۋلادلىرى. ئەلىنىڭ بىرقانچە خوتۇنىدىن بولغان كۆپ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئاڭ مەشھۇرلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمەدىن تۇغۇلغان ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. شىئە مەزھىپىدىكى 12 ئىمامغا ئەلى، ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى كىرىدۇ. خەلىپىلىكنىڭ بەزى دەۋرلىرىدە ئوخشىمىغان جايلاردا ئەلى ئەۋلادلىرى باشچىلىقىدىكى ئىمامەتلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەلى ئەۋلادلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا بارلىق مۇسۇلمان مەملىكەتلەردە مەۋجۇت. پاتىمەدىن تارقالغان ئەلى ئەۋلادلىرى «سەئىدلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلىنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغان ئەۋلادلىرى «خوجا»لارغا كىرىدۇ.

**ئەلى رىزا** ئەلى ئىبىن موسا (765 ياكى 770 ـ 818) شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەككىزىنچى ئىمامى، مەدىنەدە ياشىغان. 816 ـ يىلى خەلىپە مەئمۇن مۆتىدىل شىئەلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، ئەلى رىزانى تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلغان. لېكىن سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر بۇنىڭغا قارشى تۇرغاچقا، بۇ ئىتتىپاق ئۇزۇن داۋاملاشمىغان. خەلىپە شىئە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەندىن كېيىن، ئەلى رىزا 818 ـ يىلى خوراساننىڭ تۇس شەھىرى يېنىدىكى نوكان يېزىسىدا زەھەر-

ئالىمى ئەقىل يەنە ئىنسان ئەقلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەقىل ئەل — فەئئال ھەقىقىدىكى تەلىمات ئىدېئالىستىك — مىستىك مەزمۇنغا ئىگە. ئەمما ئىلغار مۇتەپەككۇرلار مۇنداق مىستىك تەلىماتنىڭ تەسىرىدە ئەقىلنىڭ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىنى، ئالەم تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتىنى ئاساسلاشقا ئىنتىلگەن. ئالىمى ئەقىل بىلەن شەخسىي ئەقىل - ئىدراكىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەلىماتتا جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىپ بارىدىغانلىقى، ئىنسان ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ئىلىم مەرىپەتكە قوشقان ھەسسىسى بىلەن مەڭگۈلۈككە ئېرىشىدىغانلىقى، ھەر كىمنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدە مىراس قالدۇرۇشقا ئىنتىلىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن.

**ئەقىدە** [ئە.] (ئېتىقاد) شەك كەلتۈرمەستىن، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەستىن ئېتىقاد قىلىش لازىم بولغان دىنىي تەلەپ. ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرئاندا بېرىلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا، ئىسلام ئەقىدىلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن مۇكەممەللىشىپ تەرتىپكە سېلىنغان. ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ئىلاھىيىتىدە شەكىللەنگەن ۋە دىنىي ئەنئەنىدە ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئەقىدىلىرى ياكى ئىمان تەلەپلىرى يەتتە بولۇپ ئۇلار: ئاللانىڭ بىرلىكىگە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەتكە، تەقدىرگە ۋە ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشىگە ئىشىنىش. شىئە مەزھىپىدە بەش تۈرلۈك ئەقىدە ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇلار: تەۋھىد (ئاللانىڭ بىرلىكى)، نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش)، ئەدل (ئىلاھى تەقدىرنىڭ ئادالەتلىكىگە ئىشىنىش)، ئىمامەت (ئىماملار ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش)، مەئاد (ئاخىرەتكە ئىشىنىش).

بىر تەرەپتىن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن شەكىلۋازلىقنى رەت قىلغان. ئەشئەرىي ئاساس سالغان دىنىي تەلىماتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (خۇسۇسەن ئەبۇ هامىد ئەل غەزالىي) يەنىمۇ تەكامۇللاشتۇرغان. كالام X Ⅱ – X Ⅲ ئەسىرگە كەلگەندە بارلىق سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۇتتۇرىسىدا ئېتىراپ قىلىنغان ئىسلام ئىلاھىيىتىگە ئايلانغان.

**ئەشئەرىيلەر** ← مۇتەكەللىملەر

**ئەقد** [ئە.] (شەرتنامە، توختام) ئومۇمەن شەرىئەتتە قانۇنلاشتۇرۇلغان شەرتنامە، ئەھدىنامە، ئادەتتە، يەنە نىكاھ ئالدىدىن تولىنىدىغان مال - مۈلۈك ياكى مەھرىنى بەلگىلەيدىغان كېلىشىمنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل ئەل - فەئئال** ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ پەلسەپىسىدە قوللىنىلغان چۈشەنچە. فارابى، ئەبۇئەلى ئىبن سىنا، ئىبن باجە، ئىبن رۇشدنىڭ پەلسەپۋى تەلىماتلىرىدا ئەقىل ئەل - فەئئال ئالەمنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى (ئالىمي ئەقىل شەكلىدە) بىرىنچى سەۋەب - ئاللانىڭ ياراتقانلىقى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن: ئالىمي ئەقىل ئىنساندىكى شەخسىي ئەقىل - ئىدراكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ؛ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەقلى ئۆز نۆۋىتىدە ئالىمي ئەقىل بىلەن بىرلىشىشكە ئىنتىلىدۇ. ئىنساننىڭ شەخسىي ئەقىل - ئىدراكى ئالەمنى بارغانسېرى چوڭقۇرراق بىلىش جەريانىدا، ئاساسەن ئۈچ باسقۇچنى (بۇ باسقۇچلار تۆرلۈك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ) بېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇ مۇتلەق بىلىملەر يەنى ئالەمنىڭ باشلانغۇچ ئاساسى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن ئالىمي ئەقىل بىلەن بىرلىشىدۇ، ئۇنى بېيىتىدۇ؛ شەخسىي ئەقىل - ئىدراك بىلەن بېيىغان

**ئەزھەر** قاھىرەدىكى خەلقئارالىق دىنىي ئوقۇتۇش يۇرتى مەركىزى. ئەزھەر 972 - يىلى شۇ ناملىق مەسچىت ئىچىدە دىنىي مەكتەپ سۈپىتىدە قۇرۇلغان. XIII ئەسىردىن باشلاپ يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇسۇلمان بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئەزھەر XIX ئەسىردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار داشۆسىگە ئايلانغان. ھازىر ئۇنىڭدا ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىدىن كەلگەن 40 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئۇ ، ھەر يىلى دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە يۈزلەپ دىنىي تەرغىباتچى تەربىيىلەپ بېرىدۇ. ئەزھەردە شەرىئەت، دىن ۋە ئەدەبىيات فاكولتېتلىرى تەسىس قىلىنغان. مىسىردا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناسىر زۇڭتۇڭنىڭ پەرمانى بىلەن ئەزھەر دۆلەت داشۆسىگە ئۆزگەرتىلىپ، مېدىتسىنا، ئىنژېنېرلىق، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق فاكولتېتلار يېڭىدىن قوشۇلغان.

**ئەسھابلار** — سەھابىلەر.

**ئەشئەرىي** ئوبۇل ھەسەن ئەلى ئىبن ئىسمائىل ئەشئەرىي (873 — 935) مەشھۇر دىنىي نەزەرىيىچى، ئىسلامىيەتتىكى كالامنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. مەشھەددە بىلىم تەھسىل قىلغان، مۇئتەزىلىيلەر نەزەرىيىچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇ غان. 912 - يىلدىن باشلاپ كۆز قارىشىنى كەسكىن ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئىسلامىيەتكە پەلسەپىۋى ئۇسلۇبنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان. مۆتىدىل راتسىئونالىزم ① تەرەپدارلىرى تەرىپىدە تۇرۇپ مۇئتەزىلىيلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئەشئەرىي بىر تەرەپتىن مۇئتەزىلىيلىككە خاس ئوچۇق ئىپادىلەنگەن راتسىئونالىزمنى، يەنە

---

① تەپەككۇرنى ئىدراكتىن، تەجرىبىدىن ئايرىپ، ئەقلنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر مەنبەيى دەپ قارايدىغان ئىدىئالىستىك ئېقىم.

www.uyghurkitap.com

جىنىنى ئالدۇ .

**ئەزرەقىيلەر** خاۋارىجلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق مەزھەپ ، ئاساسچىسى نەفى ئىبن ئەل ـ ئەزرەق (685 ـ يىلى ۋاپات بولغان) . VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا خاۋارىجلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچىيىدۇ . ئىراق ، ئىراندا ئەزرەقىيلەرنىڭ ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكى ۋە شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلىرى 684 ـ يىلى باشلىنىپ 697 ـ يىلغىچە 13 يىل داۋام قىلىدۇ . ئەزرەقىيلەر قۇللارنى ئازاد قىلىپ ، ئېزىلگۈچىلەرنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ، يېزا ـ قىشلاق ئاھالىسى ، بولۇپمۇ پارىسلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ . لېكىن ئەزرەقىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىكى باشقا ئېقىملارغا نىسبەتەن مۇتەئەسسىپلەرچە مۇرەسسەسىزلىكى ۋە قاتتىق قوللۇقلۇقى ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىغان بارلىق كىشىلەرنى جۈملىدىن ئاياللار ۋە باللارنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئاجىزلىتىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ئەزرەقىيلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە ـ ئەرەبلەر بىلەن پارىسلار ئوتتۇرىسىدىمۇ دۈشمەنلىك كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى باستۇرۇلىدۇ . ئەزرەقىي ئەرەبلىرىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى 697 ـ يىلى تەبەرىستاندا تارمار قىلىنىدۇ . شۇنداقتىمۇ كېيىنكى 100 يىلدا ئەزرەقىيلەرنىڭ ھەرىكىتى ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . ئەزرەقىيلەر تەلىماتى ئىنتايىن مۇرەسسەسىز بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەزرەقىيلەر تەلىماتىدىن پەرقلىنىدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان مەزھەپلىرى ۋە ئېقىملارنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرۈش قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ ؛ باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار (يەھۇدىلار ، خرىستىئانلار) نى ئۆلتۈرۈشنى قوللىمايدۇ . ئەزرەقىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى VIII ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈنلەي يوقىلىپ تۈگىگەن .

**ئەزاب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىداش** ← سەبىر

**ئەزان** [ ئە . ] (نامازغا چاقىرىش) ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ۋاقتىنى ئېلان قىلىش . نامازغا چاقىرىش ھەر بىر مەسچىتتە مەخسۇس كىشى ـ مۇئەززىن ① ( ئەزان ئېيتقۇچى) ئەزان ئېيتىپ نامازغا چاقىرىدۇ . مۇئەززىن ھەر ۋاخ ناماز ئالدىدا :«ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر . گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر . نامازغا چاپسان كېلىڭلار ، نىجاتلىق يولىغا چاپسان كېلىڭلار . ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ، ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن ئەرەبچە جۈملىلەرنى ياڭراق ئاۋاز بىلەن تەكرارلايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىپ ئىسىم قويۇلىدۇ .

**ئەزرائىل** ئىسلام دىنىدا تۆت چوڭ پەرىشتە (جەبرائىل ، ئىسراپىل ، مىكائىل بىلەن بىللە) نىڭ بىرى . دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە جان ئالغۇچى پەرىشتە . دىنىي ئەقىدە بويىچە ئەزرائىل دەسلەپتە ئاددىي پەرىشتە بولغان ، لېكىن يەرنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ ، ئۇنىڭدىن ئادەمئاتىنى يارىتىش ئۈچۈن تۇپا ئېلىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلى ، ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى پەرىشتە دەپ تونۇلغان . ئۇ كۆپ ئاياغلىق ، كۆپ قاناتلىق ، تۆت يۈزى بار ۋە بەدىنىدە يەردە ياشىغۇچىلار قانچە بولسا شۇنچە كۆزى ھەم تىلى بار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . ئەزرائىل ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بىلىدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بىلمەيدۇ . ئادەمنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ، ئاللا ئولتۇرغان تەخت ئالدىدىكى دەرەختىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىغان كىشىنىڭ نامى يېزىلغان بىر يوپۇرماق ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ ، ئەزرائىل شۇنىڭدىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە شۇ ئادەمنىڭ

---

① مۇئەززىن ــ مەزىن

www.uyghurkitap.com

ئەقىلگە ئاساسلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئېقىم. ئەركىن پىكىرلىكلىك تارىختا دىنىي تۈرلۈك شەكىللەردە تەتقىق قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. دەسلەپكى دەۋرلەردە تۈرلۈك مەزھەپچىلىك ئۇرۇشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كېيىنرەك پانتېزم قاتارلىق تەلىماتلاردا ئالاھىدە ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلاپ، شەرقتە ۋۇجۇدىيون، ئىككى ھەقىقەت نامى بىلەن يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. «ئىككى ھەقىقەت» توغرىسىدىكى تەلىماتتا پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتتىن ئىبارەت ھەقىقەت مەۋجۇت، ئۇلار مۇستەقىل بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىپ، پەننى دىندىن ئايرىپ قاراش تەرغىپ قىلىنغان. يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق مۇتەپەككۇرلىرى (فارابى، ئىبن سىنا، ئۇمەرھەييام، ئىبن رۇشد ۋە باشقىلار) بۇ تەلىماتنى قەتئىي تۈردە ئالغا سۈرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن مەشرەپ، نىزامى گەنجەۋى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلەر ئەركىن پىكىرلىكلىكنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدۇر. ئەركىن پىكىرلىكلىك ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى ئالىملار، شائىرلار، مۇتەپەككۇرلەر ئارىسىدا ھازىرمۇ كەڭ تارقالغان.

**ئەرۋاھ** [ ئە.] (روھلار) دىنىي تەسەۋۋۇرلارغا كۆرە، ئۆلگەن ئادەمنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرىدىغان روھى. بۇ تەسەۋۋۇر بويىچە ئادەم ئۆلگەندە جېنى جىسمىدىن ئايرىلىپ روھقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ياغ پۇرىتىش، ئۇچۇغداش، نەزىر قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئۆرپ-ئادەتلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**ئەزاب** [ ئە.] (قىيناش) - ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئازاب. شەرىئەتتە گۇناھ قىلغانلار ئۈچۈن قازى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن جازا. ئۇ دۇنيادا بېرىلىدىغان جازامۇ ئازاب دېيىلىدۇ.

ئىشغالىيىتىدىكى يەرلەردە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى مەجبۇ-رىي قوبۇل قىلدۇرۇلدى، ئەرەب تىلى دۆلەت تىلىغا ئايلاندۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىق دۇنياغا مەشھۇر ئالىملار (بىرونىي، فارابى، ئىبن سىنا ۋە باشقىلار) نىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىمۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغاندى. ئىسلام دىنى، فىقھ، ھەدىس ئىلمى جەھەتلەردىمۇ كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. ئاخىردا، ئەرەب خەلقىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن ـ ئەرەبشۇناسلىق، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ـ ئىسلامشۇناسلىق مەيدانغا كەلدى.

**ئەرەسات** ← ئەئراف

**ئەرەفات** مەككىنىڭ شەرقىدىكى تاغنىڭ نامى. ھەجگە بارغانلار قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى (ھارپا كۈنى) شۇ تاغقا چىقىپ ھەج مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ھېيتنىڭ ئالدىدىكى كۈننىڭ ئەرەفە (ھارپا) دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**ئەرشى ئەئلا** [ئە.] (بۈيۈك تەخت) ـ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەرشئەلا. ئىسلام مەنبەلىرى ۋە دىنىي ئەنئەنىدە، خۇدانىڭ ئاسمانىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى يەتتىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان تەختى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن دەۋردە ئەرەبلەر ئاسمان ۋە يەر ـ زېمىننى يەتتە قەۋەت دەپ ھېسابلىغان، بۇ قاراش ئەرشى ئەئلا توغرىسىدىكى دىنىي چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرگەن.

**ئەركان ئەد ـ دىن** ← رۇكن

**ئەركىن پىكىرلىكلىك** دىنىي ئەركىن پىكىرلىكلىك. دىنىي ئەقىدىلەرگە ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە راتسىئونالىستىك پىكىر يۈرگۈزۈپ، دىنىي چەكلىمىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتنى ئىپىشتا

**ئەدل** [ ئە. ] (ئادىللىق) ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئادىل. ئىسلام دىنىدا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى. «ئىلاھى ئادالەت» كە ئېتىقاد قىلىش ئىسلام ئەقىدىۋى تەلەپلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۆئتەزىلىيلەر ئاللانىڭ ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئادىللىقى ھەققىدىكى دىنىي تەسەۋۋۇردىن، ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئالغا سۈرگەن. شىئە مەزھىپىدە ئادىللىق رەسمىي قوبۇل قىلىنغان بەش دىنىي ئەقىدىدىن بىرى ھېسابلىنىپ، ئۇ ئاللانىڭ ئىنسان تەقدىرىنى بەلگىلەشتىكى ئادالەتلىك ھۆكمى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئىسلامدا ئادىللىق جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا نىسبەتەن «ئىلاھى ئادالەت»، ئۇلارنىڭ «ئاللا ئالدىدا تەڭلىكى». شەرىئەتتە ئادىللىق ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنىڭ «ئىلاھى ئادالەت» كە ئاساسلانغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

**ئەرەبلەر** (ئەسلى نامى ئەل ـ ئەرەب) غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە ياشايدىغان خەلق. 1985 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەرەبلەر 167 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، 107 مىليوندىن كۆپرەكى ئافرىقىدا، 56 مىليوندىن كۆپرەكى ئاسىياغا تارقالغان، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئەرەبلەر ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆپچىلىكى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ. مىسىر، لىۋان، سۈرىيە ۋە ئىئوردانىيىدە ياشايدىغان ئەرەبلەرنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەرەبلەر VII ئەسىردە ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا ئەرەب ئىستىلاسىنى باشلاپ، يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلدى ھەم ئۇ يەرلەردە ئەرەب خەلىپىلىكىنى تىكلىدى. VIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ھىندىستاندىن تا ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تا مەركىزىي ئافرىقىغىچە بولغان مەملىكەتلەردە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. ئەرەبلەر

تـــدۇ) ئەرەبلـەر ئەرەب ئـسـتـىلاسـى دەۋرىـدە ئىشغال قىلغان ۋە ئەرەب خەلىپىلىكىگە بويسۇندۇرۇلغان يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق ھەمدە ئوتتۇرا ئاسـىيادىكى باشقا خەلقلەرنى شۇنداق ئاتىغان. كېيىن ئىران، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەجەم دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ، بۇ ئاتالغۇ بارلىق تارىخىي مەنبەلەردە ئىشلىتىلگەن.

**ئەجىر** [ ئە. ] (تـۆلـىـنـىـدىـغان ھەق، مۇكاپات) ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرەت ئەقىدىسى بىلەن باغلىق بولغان چۈشەنچە. ئىسلام دىنى ئەقـىـدىـلـىـرى بـويـىـچە، ئادەملەر بۇ دۇنيادىكى ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى ئۈچـۈن ئۇ دۇنـيـادا ئەجـىـرىـنـى تـاپـىدۇ، يەنى گۇناھكارلار دوزاخ ئازابىغا دۇچـار بولسا، تەقۋادارلار جەننەتتە ھۇزۇر - ھالاۋەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

**ئەخبار** [ ئە. ] (خەۋەرلەر) شىئەلەرنىڭ مۇقەددەس رىۋا- يـەتـلـىـرى، مۇھەمـمـەد پـەيـغـەمـبـەر ۋە ئەلـىنىڭ سۆزلىرى، پائالىيىتى تـوغـرىـسـىدىكى رىۋايەتلەر توپلىمى. ئەخبار سۈننىيلەردە مۇقەددەس ھې- سـابلانـغـان سـۈنـنـەت (ھەدىس توپلاملىرى) ئورنىدا ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە قـۇرئانـدىـن كـېـيىنكى مۇقەددەس مەنبە ھېسابلىنىدۇ. سۈننەت مۇھەممەد پـــەيـغـەمـبـەرنـىـڭ، ئەخـبـار بـولـسـا پـەقـەت پـەيـغـەمـبـەر ۋە ئۇنـىـڭ ئائـىـلـىـسـىـدىكىلەرنىڭ، ئەلى ۋە باشقا ئىماملارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئى- چىگە ئالىدۇ.

**ئەخبارىي** ئىماميلارنىڭ دىنىي - ھوقۇق سىستېمىسىدىكى ئېقىـمـلاردىـن بـىـرى. X ئەسـىردە شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئەخـبـار رىۋايەتلىرىنى دىنىي قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەئى دەپ قـارايـدۇ. ئەخبارىي ئىماميلارنىڭ يەنە بىر ئېقىمى بولغان ئۇسۇلىيگە قارى- غاندا كەمرەك تارقالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇپ ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن .

**ئەبۇھەنىفە** نۇئمان ئىبنى سابىت ، تەخەللۇسى ئىمام ئەزەم ( 699 ـ 767 ) سۈننىي مەزھىپىدىكى ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى ، ئىلاھىيەتچى فەقىھلەردىن بىرى ، پارس . ئۇ شەرىئەت ھوقۇقىنى سىستېمىلاشتۇرغان . ئىستىھسان ( مەنبەلەر ئاساسىدا چىقىرىش مۇمكىن بولغان خۇلاسە ياكى چىقىرىلغان ھۆكۈملەردىن مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۈچۈن توغرا ۋە پايدىلىق بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىش ) پرىنسىپىنى ئىشلەپ چىققان . يەرلىك ھوقۇق ، ئۆلچەم ۋە ئادەتلەرنى شەرىئەتكە ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان ، قانۇنشۇناسلىققا ئەقلىگە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى كىرگۈزگەن . خەلىپىلىكنىڭ باش قازىسلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ، خەلىپە مەنسۇر( ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى 754 ـ 775 ـ يىللار ) تەرىپىدىن قامالغان ۋە زىنداندا ئۆلگەن . ئۇنىڭدىن يازما ئەسەر قالمىغان . ئايرىم مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، « بۈيۈك قانۇنشۇناسلىق » « ئەل ـ فىقھ ئەل ـ ئەكبەر » ) ناملىق مەشھۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى ھېسابلىنىدۇ .

**ئەجەل** [ ئە . ] (بەلگىلەنگەن ۋاقىت ، مۆھلەت) ئىسلام دىنى ئەنئەنىسىدە ھاياتلىق ۋاقتىنىڭ تۈگىشىنى بىلدۈرىدۇ . خەلق تىلىدا «ئەجەل يەتتى» ، « كۈنى تۈگىدى» ، «ۋاپات بولدى» ، «ئۆلدى» ، «قازا قىلدى»، «پانى ئالەم بىلەن خوشلاشتى» ، «باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى » قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ . ئىسلام ئەنئەنىسىدە ، تەقدىر ھەققىدىكى دىنىي ئەقىدىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ، ئاللا ئىنسان ھاياتىنىڭ مۆھلىتىنى ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ، دەپ قارىلىدۇ .

**ئەجەم** [ ئە . ] (ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرنى كۆرسى

دەسلەپكى ئاماپەندىلىرىدىن بىرى . ئۇ خەلىپىلىكتە ئەلى ئەۋلادلىرى
هۆكۈمران بولۇشى كېرەك ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئوسمان
خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۆسەيىننىڭ
ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغان . خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
شەخسىيلەرنىڭ بايلىق توپلىشىغا ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشىگە ئاشكارا
قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن يىراق جايلارنىڭ بىرىگە سۈرگۈن قىلىنغان .
ئەبۇزەرنىڭ ئىدىيىلىرى شىئە مەزھىپىدىكى ئۇممەت تەلىماتىغا ئاساس
سالغان .

**ئەبۇسۇفيان** ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى چوڭ
سودىگەر ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى . مەككىدە مۇھەممەد
پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەرغىباتىغا قارشى تۇرغان ۋە چەكلىگەن .
كېيىنرەك مەدىنە دۆلىتى كۈچىيىشكە باشلىغاندا ، ئۆز جەمەتىنىڭ ئىسلام
دۆلىتىدە تەسىرلىك ئورۇن ئىگىلىشى ئۈچۈن ، مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن
يارىشىپ ، 630 - يىلى مەككىنى مۇسۇلمانلارغا جەڭ قىلماي تاپشۇرغان .
خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە ئەبۇسۇفياننىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە سۈرىيە ھاكىمى
قىلىپ تەيىنلەنگەن . ئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (661 - يىلى ) ، خەلىپە-
لىك ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغان مۇئاۋىيە ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىگە ئاساس
سالغان .

**ئەبۇمۇسلىم** ( ئەسلى ئىسمى ئابدۇراھمان ئىبن ئەسەد ،
تەخمىنەن 727 - 755 ) 747 - 750 يىللىرى خوراساندا ئۇمەۋىيلەرگە قارشى
كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى . قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە ، ھاكىمىيەت
ئابباسىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن . ئەبۇمۇسلىم كېيىن خوراساننىڭ ۋا-
لىيسى ( ھاكىمى ) قىلىپ تەيىنلەنگەن .
ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەل - مەنسۇر ئۇنىڭ خەلق ئىچ-

# ئە

**ئەبدا** ـ مۇھەممەد ئەبدا

**ئەبۇبەكر** ( 572 ـ 634 ) ئىسلامدا « خۇلەفائەرراشىدىن » ( « توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر » ) ، دىندارلار ئارىسىدا « چاھارىيارلار» دەپ ئاتالغان دەسلەپكى تۆت خەلىپىنىڭ بىرىنچىسى ( 632 ـ 634 ) ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سەپدىشى ، قېيىن ئاتىسى ( ئائىشەنىڭ دادىسى ) ، چوڭ سودىگەر . ئۇ مەككىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ، ھۆرمەتلىك ، باي ، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بىرى ئىدى . ئەبۇبەكر مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىللە 622 ـ يىلى مەككىدىن يەسرىپ ( مەدىنە ) گە كۆچۈپ بارغان ، بەدر ، ئۇھۇد ، خەندەك جەڭلىرىگە قاتناشقان ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپە بولغان ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مەدىنە ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلىرىنى تىنجىتقان . ئەبۇبەكر دەۋرىدە ئىراق ۋە سۇرىيە ئىشغال قىلىنغان . 633 ـ يىلى ساسانىيلارغا ، 634 ـ يىلى پەلەستىنگە قوشۇن تارتىپ ، ئەرەبىستاندا ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەملىگەن .

**ئەبۇجەھل** ( ئەسلى ئىسمى ئەمرئىبن ھىشام ) مەككە ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرغىباتىغا قارشى تۇرغانلىقى ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئۇنىڭغا ئەبۇجەھل ( جاھالەت ئاتىسى ) لەقىمى قويۇلغان . ئۇ 624 ـ يىلى بەدر جېڭىدە ئۆلگەن .

**ئەبۇزەر** غىفارىي ( 653 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ئىسلامنىڭ

يولغا سالغان . ئائىشە ئەلگە قارشى چىققانلىقى سەۋەبىدىن شىئەلەر ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ .

**ئايەت** [ ئە . ] ( بەلگە ، ئالامەت ، مۆجىزە ) قۇرئان سۈرىلىرىدىن پارچە . قۇرئاننىڭ VII ئەسىرگە ئائىت دەسلەپكى نۇسخىلىرىدىلا سۈرىلەر ئايەتلەرگە بۆلۈنگەن ۋە ھەر بىر سۈرە ئۆز دائىرىسىدە تەرتىپ بىلەن رەقەملەشتۈرۈلگەن . سۈرىلەردىكى ئايەتلەرنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس ( مەسىلەن ، ئەڭ قىسقا بولغان 103 - ، 108 - ، 110 - سۈرىلەر پەقەت ئۈچ ئايەتتىن ، ئەڭ ئۇزۇن 2 - سۈرە 286 ئايەتتىن ئىبارەت ) . سۈرىلەرنى ھېچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزمىگەن ھالدا ئايەتلەرگە بۆلۈش ۋە رەقەملەشتۈرۈش X X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان . شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ھەربىر دەۋر ۋە شارائىتتىكى نەشرلىرىدە 6204 ئايەتتىن 6232 گىچە ئايەت بار .

**ئايەتۇللاھ** [ ئە . ] ( ئاللانىڭ مۆجىزىسى ) شىئە مەزھىپىدە مۇستەقىل پەتىۋا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان روھانىي ( مۇجتەھىد ) لارنىڭ ئۇنۋانى . ئايەتۇللاھ دىندارلار ئارىسىدا كاتتا ئابرويغا ، شىئە مەزھىپى تارقالغان دۆلەتلەر ( ئىران ، ئىراق ) دە سىياسىي تەسىرگە ئىگە . ئايەتۇللاھ ئۇنۋانى يۈزلىگەن ئۆلىمالارغا بېرىلىدۇ . ئۇلاردىن بىرقانچىسى « ئايەتۇللاھ ئۇزما » (« بۈيۈك ئايە تۇللاھ » ) ، ئەڭ يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولغان بىرسى « مەرجەئى تەقلىد » (« تەقلىد قىلىنىدىغان ئىنسان » ) دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە ئۇ بارلىق شىئەلەرنىڭ ئالىي رەھبىرى ، دەپ تونۇلىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىيلار دۆلىتى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زەردۇشتىيلىق دىنىغا سىغىنغۇچىلار نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئاۋېستانىڭ كۆپ قىسمى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلغان ۋە يوقالغان. زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئاۋېستا ياشت، ۋىسپارت، ۋېدىۋدوت، ياسنا ناملىرى بىلەن مەلۇم بولغان بۆلەكلەردىن ئىبارەت. ئاۋېستا زەردوشتىيلىق دىنىي پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ قائىدىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋېستا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىدىيە، ھوقۇق، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. ئۇنىڭدا كائىنات، پەلسەپە، تارىخ، ئېتىكا ۋە مېدىتسىناغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بار. ئاۋېستادا پادىشاھ، يۇقىرى تەبىقىلەر، روھانىيلار ۋە دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا يۇقىرى ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. روھانىيلار مۇقەددەس كىشىلەر دەپ تونۇشتۇرۇلغان. ئاۋېستا زەردوشتىيلىق تەلىماتى يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە كېيىنكى دەۋرلەردە تارقالغان بارلىق دىنلارغا جۈملىدىن ئىسلام دىنىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئائىشە** مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنى، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنى تالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى تەلھە ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋام تەرىپىدە تۇرۇپ، ئەلى ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان. 656 ـ يىلى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگە تۆگىگە ئورنىتىلغان كاجۇغا ئولتۇرغان ھالدا شەخسەن قاتناشقان. بۇ جەڭدە ئەلى غەلىبە قىلىپ، ئائىشە ئەسىرگە چۈشكەن. ئەلى ئۇنى سىياسەتتىن چەتلىتىپ، مەدىنەگە

شىمالىي قىسمىدا كەڭ تارقىلىپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئاۋېرروئىس** ← ئىبن رۇشد

**ئاۋېستا** (ئەسلى ئۇۋاستو) زەردۇشتىيلىق (زوروئاستىرىزم) دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. ئاۋېستا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئەزەربەيجان خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھاياتى، دىنىي قاراشلىرى، ئالەم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم مەنبە. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئاۋېستا تەركىبىگە كىرگەن ماتېرىياللار ئىككى مىڭ يىل داۋامىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى مىڭ يىلنىڭ ئاخىرلىرى ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ بېشىدىن مىلادىنىڭ بېشىغىچە) مەيدانغا كېلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاغزاكى يېتىپ كەلگەن. ئاۋېستانىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ تەخمىنەن يەتتىدىن بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ئارشاكىيلار دەۋرىدە توپلىنىپ كىتاب قىلىنغان. ھازىر پەندە مەلۇم بولغان ئاۋېستا مىلادىدىن كېيىنكى VI ئەسىردە ئىراندا ساسانىيلار شاھى خۇسرەۋ I ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان. ئاۋېستا ساسانىيلار دەۋرىدە مۇقەددەس ھېسابلانغان ۋە خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلغان قەدىمىي تىلدا يېزىلغانلىقى، ئۇنى كۆپچىلىك روھانىيلار چۈشىنەلمىگەنلىكى تۈپەيلى، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلى ھېسابلانغان پەھلەۋىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئاساسىي مەزمۇنىغا كەڭ شەرھلەر بېرىلگەن. بۇ تەرجىمە ۋە شەرھلەر «زېند» نامى بىلەن مەلۇم. بۇ ئاۋېستانىڭ ھەجمى چوڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن دىندارلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىدە پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، چوڭ ئاۋېستادىن تاللىۋېلىنغان دۇئالار توپلىمىدىن ئىبارەت «كىچىك ئاۋېستا» تۈزۈلگەن. VII ئەسىردە ساسا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئاللاھ** [ ئە . ] ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاللا . ئىسلام دىنىدا خۇدانىڭ نامى . ئىسلام دىنى « كەلىمە شاھادەت »يەنى « ئاللادىن باشقا خۇدا يوق » لۇقنى بىرىنچى شەرت قىلىدۇ . قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۈرىسى « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن » دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ . ئىسلام دىنى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ئاللا ياراتقان ، ئۇ ھەممىگە قادىر ھەم قۇدرەتلىك ، دانا ، ئالەمنىڭ پاناھى ، ئىنسانلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشى كېرەك ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئاللا ئۆزى باشقۇرىدۇ ، دېگەن ئەقىدىلەرگە ئاساسلانغان .

**ئامىن** [ ئە . ] دىنىي كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پاتىھەدە « شۇنداق بولسۇن ، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن » مەنىسىدە دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە ئېيتىلىدۇ .

**ئاۋېررو ئىزم** ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىدە تارقالغان ئېقىم ، ئاساسچىسى ئەرەب مۇتەپەككۇرى ئىبن رۇشد ( لاتىنچە ــ ئاۋېرروئىس ) . ئاۋېررو ئىزم تەرەپدارلىرى ئارىستوتېل ، فارابى ، ئەبۇئەلى ئىبن سىنا پەلسەپىسىنىڭ ماتېرىيالىستىك تەرەپلىرىنى راۋاجلاندۇرغان ، « ئىككى ھەقىقەت » ھەققىدىكى تەلىماتنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئىبن رۇشدنىڭ « ئىككى ھەقىقەت » توغرىسىدىكى تەلىماتى بويىچە ، « پەلسەپىۋى ھەقىقەت » ۋە « دىنىي ھەقىقەت » بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىل بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ساھەسىدە ئوبيېكتىپ نامايان بولىدۇ . XIII ئەسىردە ئىبن رۇشد ئەسەرلىرىنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن ئاۋېررو ئىزم غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە كەڭ تارقالغان ، خۇسۇسەن پارىژ داشۆسىدە ئۇنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان . XIV - XVI ئەسىرلەردە ئاۋېررو ئىزم فرانسىيىدە ۋە ئىتالىيىنىڭ

لىيەت ئۆتكۈزىدۇ. «شاھ ھۈسەين، ۋاھ ھۈسەين» دەپ چاقىرىدۇ، ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، يىغلاپ كوچىلارغا چىقىدۇ، مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - كۈنى مەخسۇس ماتەم سارىيىدا يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ. شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن سۈننىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ ئاشۇرا ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن بۇ مۇراسىمغا كۆپرەك ئاياللار قاتنىشىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىر ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ.

**ئاغاخان** ئىسمائىلىيلار مەزھەپىدىكى نىزارىيلەر ئېقىمى رەھ- بەرلىرىنىڭ ئۇنۋانى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، نىزارىي ئىسمائىلىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز باشلىقلىرىنى تىرىك خۇدا دەپ بىلىش، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى شەرتسىز ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا خەير - سەدىقە بېرىش ئادەت تۇسىگە كىرگەن. ئاغاخانلار سۇلالىسىگە XVIII ئەسىردە ياشىغان ئىرانلىق فېئودال ئەبۇل ھەسەن ئاساس سالغان، ئۇ ئۆزىنى شىئە ئىماملىرىنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلغان. ئاغاخانىنىڭ تۇ- رۇشلۇق ئورنى بومباي شەھىرى (ھىندىستان) گە جايلاشقان. ئىسمائىلىيلارنىڭ باشلىقى، سۇلتان مۇھەممەد شاھ (1877 - 1957) مەشھۇر ئاغاخانلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاغاخانلار باشقا دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئىسمائىلىيلاردىنمۇ زاكات ئېلىپ تۇرىدۇ.

**ئاسىيا - ئافرىقا ئىسلام تەشكىلاتى** 1964 - يىلى ھىندونېزىيىنىڭ پايتەختى جاكارتىدا قۇرۇلغان، 1970 - يىلى باندوڭ يىغىنىدا، دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى دەپ ئاتالغان. بۇ تەشكىلات بارلىق مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلى- رىدىن بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان ئۆلچەم ۋە ئەنئەنىلەر مەجمۇئەسى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خەلقلەردە ئادەت شەرىئەت قانۇنلىرى بىلەن بىر قاتاردا جامائەت تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سېلىشتا رول ئوينىغان. ئادەت كۆپىنچە ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىگە، ئائىلە ۋە تۇرمۇش يوسۇنىغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئادەت ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەنگە قەدەر مەۋجۇت بولغان ئەنئەنىلەردىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر خىل رايونلىرىدا ھەر خىل شەكىللەرگە ئىگە.

**ئادەم** يەر يۈزىدىكى بىرىنچى ئىنسان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئاللا بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقاندىن كېيىن، ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىپ جان كىرگۈزگەن، ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرگەن. ئاللا ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئاللانى بىر دەپ تونۇشقا ۋە ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى زېمىندا تۇرغۇزۇشنى ئىرادە قىلغان. ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە مىڭ يىل ياشىغان.

**ئاسىي** [ ئە. ] (گۇناھكار) ئىسلام ئەقىدىلىرىگە كۆرە دىن ۋە شەرىئەتكە زىت ھەرىكەت قىلغان، خۇداغا، «مۇقەددەس كىتابلار» غا شەك كەلتۈرگەن شەخس، گۇناھكار.

**ئاشۇرا** [ ئە. ] (ئونىنچى) شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئۆتكۈزىدىغان ماتەم مۇراسىم كۈنلىرى. دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - كۈنى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھۆسەيىن ئىراقتىكى كەربالا چۆلىدە جەڭدە ۋاپات بولغان. شۇڭا شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ماتەم تۇتۇپ، دىنىي پائا-

كۆرسەتكەن.

**ئاتەشپەرەسلىك** ئوتقا چوقۇنۇش. قەدىمكى زامانلاردا (ئىسلامدىن ئاۋۋال) كىشىلەر، ئوتنى ئادەمنى گۇناھدىن تازىلايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارىغان ھەم شۇنىڭدىن ئوتقا چوقۇنىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

**ئاتىن** كونا دىنىي مەكتەپلەردە قىزلار ئوقۇتقۇچىسى، ئاتىنلار ئاياللار ئارىسىدىكى دىنىي مۇراسىملار (مەسىلەن، مەۋلۇت، مۇشكۇلكۇشاد ۋە باشقىلار) نى ئۆتكۈزۈشتە باشچىلىق قىلىپ، دىنىي تەلىم بېرىپ، ئۇلاردىن چۈشكەن دارامەت بىلەن تۇرمۇشنى قامدىغان. ئاياللار ئارىسىدا دىنىي كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تارقاتقۇچى ئاتىنلار ھازىرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ.

**ئاخىرەت** [ئە. ] (ئاخىرقى كۈن، دۇنيا تۈگەيدىغان كۈن) ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن بىرى. يەردىكى ھاياتنىڭ ئاخىرلىششى، ئاخىرقى كۈننىڭ كېلىشى، ئىنسانلارنىڭ سوراق قىلىنىشى ۋە ھەركىمنىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىشى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر.

**ئادالەت** ئادالەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنىڭ مەلۇم تەرتىپى، شەخسنىڭ ھوقۇق ۋە بۇرچىنىڭ مۇۋاپىقلىقى، ھەركىمنى قىلغان ئەمگىكىگە قاراپ تەقدىرلەش لازىملىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پرىنسىپ. ئادالەت ـ تەڭلىك چۈشەنچىسى بىلەن مەنىداش. دىنىي تەلىماتتا، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەڭلىكى خۇدا ئالدىدىكى تەڭلىك، دەپ كۆرسىتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

**ئادەت** [ئە. ] (ئەنئەنە) خەلق ئىچىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارلىققا كەلگەن. 945 - يىلى ئىراندىكى بۇۋاھىيلار باغدادنى ئىگىلەپ، ئەرەب خەلىپىلىكىنى سىياسىي ھاكىمىيەتتىن چەتنەتكەن. كېيىنكى خەلىپە مۇئتەسىم 1258 - يىلى موڭغۇل خانى ھىلاكۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىسلام دىنى تارىخى ئەنئەنىسىدە ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىدىن بولغان خەلىپىلەر (ئۆمەر I دىن باشقىلىرى) ئىسلام دىنىنى توغرا يولدىن ئېلىپ بارمىغانلار دەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ تۈپەيلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىغا ئالاقىدار بولغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ھاكىمىيىتى ئورتودوكسال ئىسلام يولىنىڭ تىكلىنىشى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**ئابدۇللاھ نادىم** (1845 — 1896) مىسىرلىق مەرىپەتپەرۋەر، مۇتەپەككۇر، ئىسلام ئىسلاھاتچىسى، ئەرەب ئازادلىق كۈرىشىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى. قاھىرە دىكى ئەزھەر مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئابدۇللاھ نادىم 1880 - يىللاردا تەرەققىيپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بىللە ئىنگلىزلار ئاسارىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان. يەرلىك مەتبۇئاتتا ژۇرنال نەشر قىلىپ خەلقنى كۈرەشكە چاقىرغان، كېيىن بىرقانچىلىغان ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار قاتارىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. لېكىن ئۇ قېچىپ چەت ئەلدە توققۇز يىل مۇھاجىر بولۇپ ياشىغان. 1892 - يىلى ئۇنىڭغا مىسىرغا قايتىپ كېلىشكە ئىجازەت بېرىلگەن. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىپ ئىنگلىزلارغا قارشى ئاشكارا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. 1893 - يىلى ۋەتىنىدىن يەنە بىر قېتىم قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئابدۇللاھ نادىم 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ۋە پائالىيەتلىرى ئەرەب مەرىپەتپەرۋەرلىرى، دىنىي ئىسلاھاتچىلار ۋە مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئىجابىي تەسىر

# ئا

**ئابباسىيلار** ئەرەب خەلىپىلىكى سۇلالىسى، بەش ئەسىر (750 ـ 1258) ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەبۇل ئابباس ئەسساففاھ (ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى 749 ـ 754) ئاساس سالغان. ئەل مەنسۇر (754 ـ 775) دەۋرىدە ئەرەب خەلىپىلىكى مۇستەھكەملەنگەن، پايتەخت باغدادقا كۆچۈرۈلگەن. باغداد بۇ دەۋردە غەرب بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىغان، خەلىپىلىكتە سودا ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئابباسىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى باغداد خەلىپىلىكى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر مەھدىي (775 ـ 785)، ھارۇن رەشىد (786 ـ 809)، ئەمىن (809 ـ 813)، مەئمۇن (813 ـ 833)، مۇئتەسىم (833 ـ 842) دەۋرىدە ئەرەب خەلىپىلىكى مەركەزلەشكەن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ فېئوداللىق مۇناسىۋەت راۋاجلانغان. ئەرەب خەلىپىلىكىگە يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرى قارىغان. بۇ دەۋردە فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خەلق قوزغىلاڭلىرى (مەسلەن، بابەك، مۇقەننەئ، سومبادمۇغ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭلار، زىنجىيلار قوزغىلىڭى ۋە باشقىلار) كۆتۈرۈلگەن. IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى زەئىپلىشىشكە يۈزلىنىپ، خەلىپىلىكتە بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەت (ئافرىقىدا ئەغلەبىيلەر دۆلىتى، خوراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھردە سامانىيلار دۆلىتى قاتارلىقلار)

www.uyghurkitap.com


يۈكنەكى ............. 226
يۇنۇس ................. 227
يەھيا ................. 225
يۇدائىزم .............. 225
يۇسۇف ................. 226

ئىسلام ئىسلاھات-
چىلىقى ...... 213
«ئىسلام ئىقتىسادى» .. 215
ئىسمائىل ...... 216
ئىسمائىلىيلار ...... 216
ئىسناد ...... 218
ئىسھاق ...... 218
ئىشان ...... 218
ئىشراق ...... 219
ئىفتار ...... 219
ئىككى ھەقىقەت
نەزەرىيىسى ...... 219
ئىلاھىيەت ...... 220
ئىمام ...... 221
ئىمامەت ...... 221
ئىمامىيلار ...... 221
ئىمان ...... 222
ئىمران ...... 222
ئىنجىل ...... 222

ي

ياسىن ...... 223
ياۋروپا ئىسلام
كېڭىشى ...... 223
يەئجۇج ۋە مەئجۇج .. 223
يەزىدلەر ...... 224
يەسەۋىي ...... 224
يەسەۋىيلىك ...... 225

ئىرەم ...... 202
ئىسا ...... 202
ئىستىھسان ...... 203
ئىسرا ...... 203
ئىسراپىل ...... 203
ئىسلام ئالەمى
قۇرۇلتىيى ...... 204
ئىسلام بانكىلىرى
خەلقئارا ئۇيۇشمىسى .. 204
ئىسلام بايراملىرى .... 205
ئىسلام تەرەققىيات
بانكىسى ...... 205
ئىسلام تىرادىتسىئو-
نالىزمى ...... 206
ئىسلام دۇنياسى
ئىتتىپاقى ...... 206
ئىسلام سېلىقلىرى ... 207
ئىسلام فوندا-
مېنتالىزمى ...... 207
ئىسلام ئېنسىكلو-
پېدىيىسى ...... 207
ئىسلام ۋەكىللىرى
يىغىنى تەشكىلاتى ... 208
ئىسلام مەزھەپ-
چىلىكى ...... 209
ئىسلام مودېرنىزمى .. 211
ئىسلام ئۇيغىنىشى .... 212
ئىسلام ئېكستىرېمىزمى 212

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىدايە .................... 185

ئو

ئوسمان ................ 185
ئون ئىككى ئىمام ........ 186

ئۇ

ئۇ دۇنيا ................ 187
ئۇسۇل ................ 187
ئۇمرە .................. 188
ئۇ ھۇد جېڭى ........... 188

ئۆ

ئۆشر ................ 188
ئۆلەما .................. 188
ئۆمەر ھەييام ........... 189
ئۆمەر ئىبن خەتتاب .. 189

ئۈ

ئۈممەت ................ 190
ئۈممەۋىيلەر ........... 190

ۋ

ۋاجىب ................ 192
ۋەقف ................ 192
ۋەقفنامە ............. 193
ۋەلىي .................. 193
ۋەھدانىيەت .......... 193
ۋەھھابىيلار ......... 193
ۋەھيى ................ 194
ۋۇزۇئ ................ 194

ئې

ئېھرام ................ 194

ئى

ئىبادەت ................ 195
ئىبادىيلار ............. 195
ئىبراھىم ............... 195
ئىبلىس ................ 196
ئىبن ئەرەبىي ......... 196
ئىبن باجە ............. 196
ئىبن خەلدۇن ......... 196
ئىبن رۇشىد .......... 197
ئىبن سىنا ............ 198
ئىبن ھەنبەل ......... 199
ئىبن ھىشام .......... 199
ئىبن ئىسھاق ......... 200
ئىتائەتكارلىق ......... 200
ئىجتىھاد .............. 200
ئىجمائ ................ 201
ئىددەت ................ 201
ئىدرىس ................ 201

مۇقەننە ............ 161
مۇلھىد ............ 162
مۇنافىقلار ............ 162
مۇنبەر ............ 162
مۇنكىر ۋە نەكىر ............ 162
مۇھاجىرلار ............ 162
مۇھەددىس ............ 162
مۇھەررەم ............ 163
مۇھەممەد ئەبدا ............ 163
مۇھەممەد ئىبن
ئابدۇللا ............ 164
مۇئتەزىلىيلەر ............ 168
مۇھتەسىب ............ 168
مۆمىنلەر ............ 169
مېھراب ............ 169
مېئراج ............ 169
مېكائىل ............ 170


## ن


ناسىر خۇسرەۋ ............ 170
ناماز ............ 171
نەبى ............ 171
نەزىر ............ 172
نەقشىبەندىيلىك ............ 172
نەقىب ............ 173
نەۋائى ............ 173
نەۋرۇز ............ 174
نۇبۇۋۋەت ............ 174
نۇسەيرىيلەر ............ 174
نۇھ ............ 175
نېئمەتۇللاھىيلەر ............ 175
نىجات ............ 176
نىزامى گەنجەۋى ............ 176
نىكاھ ............ 176


## ھ


ھاجى ............ 176
ھاشىمىيلار ............ 177
ھەج ............ 177
ھەجەرۇل - ئەسۋەد ............ 177
ھەدىس ............ 177
ھەرام ............ 178
ھەسەن ئىبن ئەلى ............ 178
ھەششاشىيلەر ............ 178
ھەلال ............ 179
ھەللاج ............ 179
ھەنەفىيە ............ 180
ھەنبەلىيە ............ 180
ھەۋۋا ............ 181
ھۇد ............ 181
ھۇرۇفىيلار ............ 182
ھۆرلەر ............ 183
ھۇسەين ئىبن ئەلى ............ 184
ھىجاب ............ 184
ھېيت ............ 184
ھىجرە ............ 185

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەئئاد ................ 154
مەئئەررىي ................ 154
مۇئەززىن ................ 154
مۇباھ ................ 154
مۇتئە ................ 155
مۇتەكەللىملەر ................ 155
مۇتىۋەللى ................ 155
مۇجاھىد ................ 156
مۇجتەھىد ................ 156
مۇدەررىس ................ 156
مۇرابىتلار ................ 156
مۇرتەد ................ 157
مۇرجىئىيلار ................ 157
مۇرشىد ................ 157
مۇرىد ................ 157
مۇسا ................ 158
مۇسەيلىمە ................ 158
مۇسلىم ................ 159
مۇسنەد ................ 159
مۇسھەف ................ 159
مۇسۇلمان ................ 159
مۇسۇلمانلار ................ 159
مۇسەننەف ................ 160
مۇشەببىھە ................ 160
مۇشرىكلىق ................ 160
مۇفتى ................ 161
مۇقەررىبون ................ 161
مۇقەللىدلەر ................ 161
مالىكىيە ................ 143
مانىي ................ 143
مانىيلىق ................ 143
مەجۇسىيلىق ................ 144
مەدداھ ................ 144
مەدرەسە ................ 145
مەدىنە ................ 145
مەزدەك ................ 146
مەزدەكىيلىك ................ 146
مەزھەب ................ 147
مەسجىد ئەقسا ................ 148
مەسجىد ھەرام ................ 148
مەسجىد ................ 149
مەشرەپ ................ 149
مەشھەد ................ 150
مەقام ................ 150
مەكرۇھ ................ 150
مەككە ................ 151
مەلامەتىيلەر ................ 151
مەھدىي ................ 152
مەھدىيلىك ................ 152
مەھر ................ 152
مەھرەم ................ 152
مەھزور ................ 153
مەھشەر ................ 153
مەھكەمە ................ 153
مەۋلەۋىيلەر ................ 153
مەۋلىد ................ 153

## ك

كافىر ..................133
كاھىنلار ..................133
كەربالا ..................135
كەلام ..................135
كەلىمەئى شەھادەت ...135
كەۋسەر ..................135
كەئبە ..................136
كەيسانىيلار ..................136
كەفەن ..................137
كۇبرا ..................138
كۇبراۋىيلىق ..................138
كۇفە يېزىقى ..................138
كۇفر ..................139
كوكىلا قويۇش ..................139
كىندىي ..................139

## گ

گۇناھ ..................140

## ل

لەيلە تۇل ـ قەدر .....141
لوقمان ..................141
لۇت ..................142

## م

مالىك ..................142

فەتۋا ..................123
فەرز ..................124
فەرىشتە ..................124
فەنا ..................124
فىتر ..................125
فىدائىيلار ..................125
فىقىھ ..................125

## ق

قاراتاش ..................126
قارىي ..................126
قازا ۋە قەدەر ..................126
قازى ..................126
قەدەرىيلەر ..................127
قەرمەتلەر ..................128
قەئدە ..................129
قۇددۇس ..................129
قۇرئان ..................129
قۇرەيش ..................130
قۇربانلىق ..................131
قۇربان ھېيت ..................131
قۇم ..................131
قىبلە ..................132
قىرائەت ..................132
قىساس ..................132
قىياس ..................132
قىيامەت ..................133

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەللە ..................101
سەنەم ..................101
سەنۇسىيلار ..............101
سەھابىلەر ..............102
سەھىھ ..................102
سەھىھۇل بۇخارىي .....103
سەئدىي ..................103
سەيىد ..................103
سوفى ..................104
سوفى ئاللايار ..........104
سوفىلىق ..................104
سۇلايمان باقىرغانىي ..106
سۇلەيمان ..................107
سۇھرە ۋەردى ........107
سۇھۇف ..................108
سۇتخورلۇق ..............108
سۈرە ..................108
سۈننەت ..................109
سۈننىي مەزھىپى .....109
سىرات ..................110
سىرە ..................111
سىغە ..................111

ش

شافىئىي ..................111
شافىئىيە ..................112
شاھ ۋەلىئۇللاھ ........112
شەخسىي - ۋەخسىي ...113
شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان مەملىكەتلىرىنىڭ يەرلىك ئىسلام تەشكىلاتى ..........113
شەرىئەت ..................113
شەفائەت ..................115
شەھرەستانىي ..........115
شەھىد ..................116
شەيتان ..................117
شەيخ ..................117
شەيخۇلئىسلام ..........117
شۇئەيب ..................118
شۇئۇبىيلار ..............118
شىئە مەزھىپى ........118

غ

غازىي ..................120
غەزالىي ..................120
غەزەۋات ..................121
غەنىيمەت ..................121
غۇلات ..................121

ف

فاتىمە ..................122
فاتىمىيلار ..............122
فاتىھە ..................122
فارابى ..................123
فاسىق ..................123

دۇئا ........................ 80
دىۋ ........................ 80
دىنىي تىمسال ........... 81
دىنىي تەھقىقلەر ....... 82
دىنىي كىتابلار ....... 82
دىنىي ئوقۇش يۇرتلىرى ............... 82
دىۋانە ........................ 83
دىيەت ........................ 84

ر

رازىي زەكەرىيا ....... 84
رافىزىيلار ............... 84
رامىزان ............... 85
رەسۇل ............... 85
رەكئەت ............... 85
رەۋزە ................... 85
رەۋزاخان ............. 86
رەۋشەنىيلەر .......... 86
روزا ....................... 86
روزا ھېيت ............. 87
روھانىيلار ............. 87
رۇكن ................... 88
رىبائ ....................... 88
رىددە ................... 88
رىزق ................... 89
رىفائىيلەر ............. 89

ز

زاھىدلىق ............. 89
زاھىرىيلار ............. 90
زاۋىيە ................... 90
زەبۇر ................... 90
زەردۇشت ............. 90
زەردۇشتىيلىق ........... 91
زەكات ................... 93
زەمزەم ................... 93
زەيدىيلەر ............... 94
زۇلفىقار ............... 95
زىكىر ................... 95
زىنا ....................... 96
زىندىق ................... 96
زىيارەت ................... 96
زىيارەتگاھ ............. 97

س

سابلۇكوۋ ............. 97
سابىيلار ............... 98
سالىھ ................... 98
ساۋاب ................... 99
سەبر ................... 99
سەجدە ................... 99
سەجئ ................... 99
سەدىقە ............... 100
سەفەۋىيە ............. 100

جەبەرىيلەر ........ 59
جەبرائىل ........ 60
جەدىدىزم ........ 60
جەزەۋە ........ 60
جەئفەرىيە ........ 61
جەئفەر سادىق ........ 61
جۇمە ........ 61
جىزيە ........ 62
جىن ........ 62
جىھاد ........ 63

چ

چاچۋان ........ 64
چادىرە ........ 64
چاھاريارلار ........ 64
چىلتەن ........ 65
چىللە ........ 65
چىللە ئولتۇرۇش ........ 65

خ

خاتىب ........ 66
خاۋارىجلار ........ 66
خەتمىقۇرئان ........ 67
خەتنە ........ 67
خەدىچە ........ 68
خەلىفە ........ 68
خەلىفىلىك ........ 69
خەندەك جىڭى ........ 69
خرىستىئان دىنى ........ 70
خوجە ........ 71
جۇبەل ........ 71
خۇتبە ........ 72
خۇررەمىيلەر ........ 72
خۇمس ........ 72
خىراج ........ 73
خىرقە ........ 73
خىزىر ........ 73

د

داخان ........ 74
دارۇلبەقا ........ 74
دارۇلفەنا ........ 74
داملا ........ 74
داموللا ........ 75
داۋۇد ........ 75
دائىي ........ 75
دەپنە مۇراسىمى ........ 75
دەججال ........ 76
دەرۋىش ........ 77
« دەلا ئىلۇل - خەيرات » ........ 77
دەم سالدۇرۇش ........ 78
دەھە ........ 78
دەھرىي ........ 78
دروزلار ........ 78
دوزاخ ........ 80

بىرتىلس ................ 41
بىرۇنىي ................ 41
بىبلىيا ................ 43
بىدئەت ................ 44
بىسمىللاھىر - رەھمانىر
رەھىم ................ 45

پ

پانئىسلامىزم ........... 45
پەرەنجى ................ 46
پەرىخان ................ 46
پەيغەمبەر ................ 47
پېترو شىۋسكىي ........ 47
پىر ................ 48

ت

تابىئلار ................ 48
تەبەرىي ................ 48
تەراۋىھ ................ 49
تەركىدۇنيالىق ........ 49
تەرىقەت ................ 49
تەقىييە ................ 50
تەكبىر ................ 51
تەكيەخانا ................ 51
تەلاق ................ 51
تەناسۇھ ................ 51
تەھارەت ................ 52
تەۋرات ................ 52
تەسەۋۋۇپ ................ 53
تەسبىھ ................ 53
تەشەھھۇد ................ 53
تەشبىھ ................ 53
تەفسىر ................ 54
تەقدىر ................ 54
تەقلىد ................ 55
تەقۋادارلىق ................ 55
تەۋھىد ................ 55
تەئلىمىلەر ................ 55
تەئۋىل ................ 55
تەيەممۇم ................ 56
تۇفان ................ 56
تۇمار ................ 56
تىلاۋەت ................ 56

ج

جامائەتخانا ................ 56
«جامائەتى ئىسلامىي» ... 56
جامالىددىن ئەفغانى ...... 57
جاھىز ................ 58
جاھىلىيەت ................ 58
جائىز ................ 58
جايناماز ................ 58
جەنازە ................ 59
جەندە ................ 59
جەننەت ................ 59
جەھەننەم ................ 59

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بابەك ........................29
بابىيە ........................30
باتىنىيلار ....................31
بارتولد ........................31
باھائۇللا ......................32
باھاۋۇددىن نەقشى-
بەندى .........................33
بايەزىد ئەنسارىي .............33
بەدر جېڭى .....................34
بەرەكە ........................34
بەقا ۋە فەنا ..................34
بەندە .........................34
باھائىيلىق ....................35
بەيتۇللاھ ......................36
بەيتۇل مال ....................36
بەيتۇل مۇقەددەس ..............36
بېكتاشىيلار ...................36
بېلىيايېۋ .....................37
بۇت ...........................37
بۇتپەرەسلىك ..................37
بۇخارىي .......................37
بۇراق .........................38
بۇرھانىددىن
مەرغىنانىي ....................38
بۇۋى سەيشەنبە ...............39
بۇۋى مەريەم ..................39
بۇۋى مۇشكۇلكۇشاد ...........39
بېدىل .........................40
ئەشئەرىيلەر ...................20
ئەقد ...........................20
ئەقل ئەل - فەئئال ............20
ئەقىدە .........................21
ئەقىقە .........................22
ئەلەۋىيلەر .....................22
ئەلى ئەۋلادلىرى ...............22
ئەلى رىزا ......................22
ئەلى ئىبىن ئەبۇ
تالىب ..........................23
ئەلى ئىلاھىيلار ...............24
ئەمەل ..........................24
ئەمرى مەئرۇف .................25
ئەمرۇل - مۆئمىنىن .............25
ئەنبىيا .........................25
ئەنسارلار ......................25
ئەنسارىيە .....................26
ئەھلى زىممە ..................26
ئەھلى كىتاب ..................26
ئەھلى ھەق ....................27
ئەھمەدىيە .....................27
ئەۋلىيا ........................27
ئەئراف ........................28
ئەئلەم ........................28
ئەييۇب ........................28

ب

باب ..........................29

# مۇندەرىجە

## ئا


ئاباسىيلار ........ 1
ئابدۇللاھ نادىم ........ 2
ئاتەشپەرەسلىك ........ 3
ئاتىن ........ 3
ئاخىرەت ........ 3
ئادالەت ........ 3
ئادەت ........ 3
ئادەم ........ 4
ئاسىي ........ 4
ئاشۇرا ........ 4
ئاغاخان ........ 5
ئاسىيا ـ ئافرىقا
ئىسلام تەشكىلاتى ........ 5
ئاللاھ ........ 6
ئامىن ........ 6
ئاۋېروئىزم ........ 6
ئاۋېرۇئىس ........ 7
ئاۋېستا ........ 7
ئائىشە ........ 8
ئايەت ........ 9
ئايەتۇللاھ ........ 9


## ئە


ئەبدا ........ 10
ئەبۇبەكر ........ 10
ئەبۇجەھل ........ 10
ئەبۇزەر ........ 10
ئەبۇسۇفيان ........ 11
ئەبۇ مۇسلىم ........ 11
ئەبۇھەنىفە ........ 12
ئەجەل ........ 12
ئەجەم ........ 12
ئەجر ........ 13
ئەخبار ........ 13
ئەخبارىي ........ 13
ئەدل ........ 14
ئەرەبلەر ........ 14
ئەرەسات ........ 15
ئەرەفات ........ 15
ئەرشى ئەئلا ........ 15
ئەركان ئەد ـ دىن ........ 15
ئەركىن پىكىرلىكلىك 15
ئەرۋاھ ........ 16
ئەزاب ........ 16
ئەزاب ئوقۇبەتلەرگە
چىداش ........ 17
ئەزان ........ 17
ئەزرائىل ........ 17
ئەزرەقىيلەر ........ 18
ئەزھەر ........ 19
ئەسھابلار ........ 19
ئەشئەرىي ........ 19

زىلدى، ئاتالغۇدىن كېيىن تىرناق ئىچىدە شۇ ئاتالغۇنىڭ قايسى چەت تىلدىن كىرگەنلىكى بېرىلدى. مەسىلەن، ئەرەبچىسى [ ئە. ] ، پارسچىسى [ پ. ] ۋەھاكازا؛ بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ۋارىيانتى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تىزىلىپ، ئادەتتە ئۇنىڭ كەڭ قوللىنىلدىغىنى ئىزاھلاندى، يەنە بىرى ئىزاھلانغىنىغا ھاۋالە قىلىندى.

ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەمچىللىكى ھەم بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمىزنىڭ يۈزە ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن، لۇغەتتە بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇش تەس، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

# كىرىش سۆز

ئىسلام دىنى دۇنيادا كەڭ تارقالغان چوڭ دىنلارنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان 14 ئەسىرگە يېقىن ئۇزۇن جەريان ئىچىدە، ھەر خىل تارىخىي شارائىتلارنىڭ تەسىرى، خەلىپىلىكلەرنىڭ ئىچكى نىزالىرى، ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭدا تۈرلۈك مەزھەپ - ئېقىملار مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزھەپ - ئېقىملار ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە ئىسلام تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلاھىيەتچىلەر، فەقىھ (قانۇنشۇناس) لەر، ئىسلامشۇناسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئىسلام دىنى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىمۇ كۆپەيدى. ئەمما، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەبچە، مەلۇم قىسمى پارسچە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر كىتاب-خانلىرىنىڭ ئىسلامغا دائىر ماتېرىياللارنى چۈشىنىشى ۋە پايدىلىنىشىغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى.

نەشرىياتىمىز يۇقىرىقى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى باش رېداكسىيىسى تەرىپىدىن 1989 - يىلى تاشكەنتتە قايتا نەشر قىلىنغان «ئىسلام» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا، يەنە بىر قىسىم كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. لۇغەتكە كىرگۈ-زۈلگەن ئاتالغۇلار ئىسلامغا دائىر كىتاب - ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تى-

www.uyghurkitap.com

قسقچه

# ئىسلام ئۇلۇغلىقى

شنجاڭ خەلق نەشرياتى